# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

1

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار
تەتقىقات ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار
تەتقىقات ھەيئىتى

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1980 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى 1980 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098.77
باھاسى: 0.42 يۈەن

**(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)**

## تەھرىردىن

(1) «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» دا جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى، ئىنقىلاۋى تارىخى قاتارلىق ماتېرىياللارنى توپلاش، رەتلەپ - يېزىش توغرىسىدا كۆرسىتىلگەن ۋەزىپىمىزگە ئاساسەن بۇ توپلام نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ھازىرقى زامان تارىخى، ئىنقىلاۋى تارىخ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاپ، تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە يېزىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ توپلام ئاپتورلارنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ھەمدە تارىخ ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقى ئىنكاس قىلىدىغان، مۇئەييەن ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە تارىخى ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ توپلام ئىچكى قىسىمدا قەرەلسىز نەشر قىلىنىپ، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىدۇ.

(2) بۇ توپلامدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر ھەرقايسى مەزگىللەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، خارجىي، مەدەنىي - مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سودا - سانائەت، مىللىي، دىنىي، تارىخى شەخسلەر ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تېما چەكلەنمەيدۇ، تولۇق، مۇكەممەل ۋە تۈگەل بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. پەقەتلا ھەقىقى ۋە كونكرېت

بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. يېزىلغان تارىخى ماتېرىياللار ئۆزى بىلەن ئالاقىدار بولۇشتىن قەتئىينەزەر يازغۇچى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن توغرا يېزىشى كېرەك، بۇرمىلانماسلىقى لازىم. ھەر قايسى مۇھىم دەۋرلەردىكى ئەسلى ماتېرىياللار مەسىلەن، تېلېگرامما، قولىيازما نۇسخىلىرى، خاتىرە رەسىم قاتارلىقلارنى قارشى ئالىمىز.

(3) ھەر كىشىنىڭ تارىخى كەچۈرمىشلىرى ياكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى ئەلۋەتتە چەكلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلغان ماتېرىياللار تەتقىقات ئىشلىرىدا پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ.

(4) ھەرخىل تارىخى ماتېرىياللارغا، ئومۇمەن تۇپلامغا كىرگۈزۈلگەنلىرىگە قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ. تۇپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ ئەمما مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ماتېرىياللارغىمۇ مۇۋاپىق ھەق تۆلىنىدۇ.

(5) كەلگەن ماقالىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، ياكى قىسقارتىش، تەھرىرلەش، تۈزىتىشكە بولىدۇ.

(6) ماقالا - ماتېرىياللار: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخى ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى ئىشخانىسىغا بىۋاستە ئەۋەتىلسە بولىدۇ.

## مۇندەرىجە


ئەنگىلىيە بايرىقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى — پامىر ئېگىزلىكىدە جاھانگىرلىككە قارشى بىرقېتىملىق كۆرەش ...................... خۇجيەن 1

غەربىي يۈننۈلۈش ئارمىيىسى شىنجاڭدا ........................ لى چىڭمىڭ، ۋاڭ چۈگگو 34

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ...... 53

شىڭخەي ئىنقىلاۋى توغرىسىدا ئىلىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ...................................................... تۇڭ باۋ، خەن شىلياڭ 67

ماجۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن .............. ماشاۋشى 83

شىنجاڭ مەخپىي سوت ھەيئىتى توغرىسىدا ........................ شى يۈەنپۇ (يېزىپ قالدۇرغان ماقالا) 111

ۋۇجۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىش جەريانى ........ زىڭ شاۋلو 154

شىنجاڭدا «سەنچىڭتۈەن» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئاخىرلىشىشى ................ لى فەنچۈن 184
ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ...... پەن زۇخۇەن (يېزىپ قالدۇرغان ماقالا) 193
ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرى توغرىسىدا...... مافىشۈن (يېزىپ قالدۇرغان ماقالا) 220
تەھرىردىن ................ 257

# ئەنگلىيە بايرىقىنىڭ چۈشۈرۈلۈشى — پامىر ئېگىزلىكىدە جاھانگىرلىككە قارشى بىر قېتىملىق كۈرەش

خۇجيەن

## 1

1938 - يىلى قىشتا مەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان ناھىيىسىدە چېگرا مۇداپىيە دادۇيىنىڭ باشلىقى بولدۇم.

تاشقورغان (يېزلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇ ناھىيىنىڭ ئەتراپى 5000 مېتىر ئېگىزلىكتە قار ۋە مۇزلۇق تاغلار بەلەن ئورالغان ئىدى. قارلىق تاغلار كۈننىڭ نۇرىدا ئادەمنىڭ كوزىنى چاقاتتى. مەشھۇر قوڭغۇر دۆبە مۇز چوققىسى ئۇنىڭ شىمالى تەرىپىدە ئىدى. سۈزۈپ - سۈزۈك بىر ئوستەڭ سۇ ناھىيە بازىرىنى ئەگىپ ئېگىز - ئېگىز تاغ ۋە چوققىلارنى كېسىپ ئۆزلەڭگە قاراپ ئاقاتتى، بۇ قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن چۈشىدىغان مەشھۇر يەركەن دەرياسىنىڭ بېشى - زەرەپشان دەرياسى ئىدى.

بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ھەم سوغۇق ئىدى. مەن كېلىش ئالدىدا بۇ يەرنى ئومۇمەن گىيا ئۈنمەيدىغان قاقاس جاي دەپ ئويلايتتىم. ئەمەلىيەتتە بۇ شەھەر تاغنىڭ ئوتتۇر-

سىغا جايلاشقان بولۇپ شامالغا دالدا، هاۋا كىلىماتى خېلى ئىسسىق ئىكەن. باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق بۇ قارلىق تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئوت - چۆپلىرى مول، سۈيى، كەڭرى ئوت پەسىللىك يايلاقلارنىڭ بارلىقىنى، قېلىن ئورمانلىقلار ئىچىدە ياۋايى هايۋانلار، دورا ماتېرىياللىرى ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقىنى، يەنە نېفىت، رودا ۋە هەر خىل ئاز ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتاللارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندىم. تاغارىمە، داپدار قاتارلىق يېقىن ئەتراپتىكى خەلقلەر چارۋا باققاندىن تاشقىرى يەنە ئارپا تېرىيدىكەن. بۇ يەردىكى قويلارنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى هەيران قالدۇرىدۇ. ئېهتىمال هاۋا كىلىماتىدىن بولسا كېرەك، قويلىرى بويلۇق، ئۇزۇن، مۈڭگۈزلىرى يوغان، سېمىز، قۇيرۇقى 40 جىڭ ئەتراپىدا كېلىدۇ، مىنىپ ماڭسىمۇ كۆتىرەلەيدۇ. دەريادىكى بېلىقلارنىڭ ئېغىرلىقىمۇ 10 نەچچە جىڭ كېلىدۇ.

ئەگەر بۇ تاغلىق شەھەرنىڭ تارىخىنى ئەسلىسەك، ئۇنىڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغان گۈللەنگەن دەۋرلىرىمۇ بولغان. بۇ يەر خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قەدىمقى رىمغا بېرىشتا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان يول بولۇپ، جۇڭگونىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدىكى بىر ئېغىز ئىدى. تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك يولى» ئەنە شۇ يولغا قارىتىپ ئېيتىلغان. يېقىنقى يۈز يىللاردىن بۇيان جاھانگىر ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چېگرا جايلاردىكى هەر مىللەت خەلقىنى ئېزىشى تۈپەيلىدىن بۇ يول ئۈزۈلۈپ، ئادەملەر شالاڭلىشىپ خۇددى ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئىگى-چاقىسى يوق» قاقاس تاغ چوققىلىرىغا ئايلىنىپ قالغان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەن-



گىلىيە جاھانگىرلىكى تەپ تارتماستىن ئىپلاس قولىنى بۇ جايغا سۇنۇپ، سىياسى، ئىقتىسادى جەھەتتىن جەنۇبى شىنجاڭنىڭ كوپلىگەن يەرلىرىنى تىزگىنلەپ ئالغان. ئەنگىلىيە سودىگەرلىرىنىڭ خوجايىنلىقى ئاستىدا چوڭ ئاخۇنلار - قەشقەر ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كوپ قىسمىنى ماناپۇلىيە قىلىۋالغان؛ بۇ يەردىكى قول سانائەت، سودا، بانكا ۋە بازارلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنگىلىيىلىكلەر ئوز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى ئەنگىلىيىلىكلەر، دىن تارقاتقۇچى مىسسىيونېرلار، ئاۋانتيۇرىستلار ھەر كۈنى دىگۇدەك سودا كارۋانلىرىنى باشلاپ تاشقۇرغاندىن ئوتۇپ ئەنگىلىيىنىڭ يۇڭ تاۋار - ماللىرىنى، گېرمانىيىنىڭ بوياقلىرىنى ئەكىلىپ بازىرىمىزدا كوپلەپ سېتىپ ھايانكەشلىك ۋە ئاۋانتيۇرىستلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار قەشقەرگە كونسۇلخانا، تاشقورغانغا ۋاكالەتخانىلىرىنى قۇرۇپ قانۇنسىز ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، شىڭ شىسەيگە ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ چوڭ ئارقا سېپىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جاھانگىرلارنىڭ زېمىنىمىزدىكى قانۇنسىز ھەركەت ۋە ئالاھىدە ھوقۇقلىرىنى چەكلەشنى تەكلىپ قىلغاندا، شىڭ شىسەي ماقۇل كورۇپ، شىنجاڭغا كىرگەن غەرپكە يۈرۈش قىلىش ئارمىيەسىدىن بىر نەچچە يولداشلارنى تاللاپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبى شىنجاڭنىڭ قارا قۇرۇم ئەتراپىدىكى چېگرا چازىلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتكەن ئىدى.

بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىز تاجىك خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىۋەتتى. ئۇلار چىدىرلاردىن چىقىپ يىراقتىن بىزگە قارىشاتتى. بىر توپ بالىلار ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يۈ-

گەرەپ تۇۋلىشاتتى. بۇ بالىلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بەك-
مۇ جۇل-جۇل، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ
تامباللىرى يوق، بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرى سوغۇقتىن تۈگۈلاپ
قىزىرىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر
نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

بىز 10 نەچچە ئاتلىق كىشى شەھەر بازىرىغا يېقىن-
لاشقانسېرى غەزىۋىمىز ئۆرلەشكە باشلىدى، چۈنكى يىراق-
تىن ھاۋادا لەپىلدەپ كۆرۈنگەن بايراق ئەسلىدە ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ بايرىقى بولۇپ، تاش بىلەن قىرلانغان ئىك-
كى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىگە قادالغان ئىدى. بۇ بىنا
خۇددى قەدىمقى قورغانغا ئوخشاش تاغ باغرىغا سېلىنغان بو-
لۇپ، شەھەردىكى ھەممە ئۆيلەردىن ئېگىز ئىدى. تەرجىمان
ماڭا: „ئۇلارنىڭ بىنانى شۇنچە ئېگىز سېلىشتىكى مەقسىدى
پۈتۈن شەھەرنى كۆزىتىپ تۇرۇش، بايراق چىقىرىش خادى-
سى ئېھتىمال رادىيو ئانتېنناسى بولسا كېرەك" دېدى. مې-
نىڭ غەزىۋىم تازا كەلدى. بۇ بىر چۆل-جېزىرە تۇرسا، شاڭ-
خەي گۇاڭجۇ بولمىسا ياكى بۇ يەردە ئەنگلىيىلىز پۇخراسى
بولمىسا، نېمە ئۈچۈن ۋاكالەتخانا قۇرۇدۇ. جۇڭ-
گونىڭ شەھەر بازارلىرىدا نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بايرىقى ئې-
سىلماستىن، ئەنگلىيە بايرىقى ئېسىلىدۇ. ئامال قىلىپ بۇنى
چوقۇم ئېلىۋېتىش كېرەك دېگەن خىيال بىلەن شەھەرگە كى-
رىپ قاپتىمەن. كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە تاش بىلەن قىر-
لانغان دۇكانلار جايلاشقان ئىكەن، بەزى دۇكانلار خېلى رەت-
لىك، بولۇپ يىپەك رەخت، تېرە، يەرلىك مەھسۇلاتلار
تىزىلغان، يوغان قوساق سودىگەرلەر پوكەيدە ئىككى پۇت-
نى ئالماپ ئولتۇرۇپ سودا قىلاتتى. مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەم-



مىسىنى ئېغىر ئالمىدىم، پەقەت ئۆي-خىيالىم ئەنگلىيە باي-
رىقىدا ئىدى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن تەرجىمان ماڭا:
„ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كەلدۇق" دېدى.

مەن ئاتنى توختىتىپ قارىغىدەك بولسام، ناھىيىلىك
ھۆكۈمەت دەل ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسى بىلەن يان تام ئىد-
كەن. بىرسى قەۋەتلىك بىنا، يەنە بىرسى كېسەك بىلەن
قوپۇرۇلغان پاكار ئۆيلەر؛ بىرسى تۆك سىم بىلەن قورۇق تام
سېلىپ قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنغان ھەيۋەتلىك، يەنە بىرسىد-
نىڭ دەرۋازىسىدا پوس يوق، ھاڭدەك ئوچۇق بولۇپ ناھايىت-
تى روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ، جۇڭگولۇقنىڭ يۈز
ئابرۇيىنى تۆكەتتى. مەن ئاتتىن چۈشمەيلا ئاتنى بىر قامچا
ئۇرۇپ يۈگەننى قاتتىق تارتقۇدىم، ئات بېشىنى كۆتى-
رىپ قاتتىق كىشنىدى باشقىلارمۇ مەن قىلغاندەك قىلدى،
ئاتلار ئۆز ئىزىدا تېپىرلاپ تۇرۇپ كىشنەيتتى. بۇ ئا-
ۋاز تومۇر دەرۋازا ئىچىدىكى ئادەملەرنى چۆچۈتكەن ئىدى.
قۇشنىڭ تومشۇقىدەك ئەگمەش بۇرۇنلۇق بىر ئەنگلىيىلىز بېشى-
نى دېرىزىدىن چىقىرىپ يېرىم-ياتا خەنزۇچە تىلدا: „سىلەر
نېمە ئادەملەر؟" دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا پىسەن قىلمىدىم. بۇ چاغدا تەرجىمان ئۇي-
غۇر يىگىتى يۈرەكلىك ھالدا قاتتىق ئاۋاز بىلەن: „ئۆزى-
مىزنىڭ كوچىسىدا ئات چاپتۇرۇۋاتىمىز، سىلەرنىڭ نېمە كا-
رىڭ" دېدى.

ئۇ ئەبلەخ بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى
بايقىيالماي دەرھال بېشىنى تىقىۋالدى.

بىز ئاتتىن چۈشۈپ ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ تومۇر
دەرۋازا رىشاتكىسىغا ئاتلارنى باغلىدۇق، 10 نەچچە ئات ئىد-

شىكنى توساپ ئادەم ئۆتكۈسىز قىلىۋەتتى. بۇ ئەسەبى ـ جىسمىغا لايىق „دەسلەپكى ھەيۋە كۆرسىتىش" ئىدى.

ئاۋازىمىزنى ئاڭلاش بىلەن ھاكىم دەرۋازىدىن چىقىپ ئىگىلىپ تازىم قىلىپ بىزنى ئىچكىرىگە باشلىدى. ئەتكەن چاي، بوغۇرساق ۋە كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تىزىۋەتتى. مۇئاۋىن ھاكىم تاجىك ۋولۇپ، 30 ياش ئەتراپىدا ئىدى، لېكىن ئۇ ساقاللىق بولغانلىقتىن دىققەت قىلىپ قارىمىغاندا قېرى ئىكەن دەپ خاتا تونۇپ قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ماڭا سەپ سالاتتى. ئۇنىڭدا بىر خىل كەمسىتىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ھاكىم ـ ھاراق ـ تاماق تەييارلاشنى بۇيرىدى، مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ: „بۇنىڭ ھاجىتى يوق، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىقتىسات قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك" دېدىم.

ھاكىم خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ: „سىلەرنىڭ ناھىيىمىزگە كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئېلىپ بىرەر ۋاخ تاماق بىلەن كۈتۈۋېلىشقا قۇدرىتىمىز يېتىدۇ" دېدى.

مەن ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قەتئىي رەت قىلىپ ئەنگىلىيە ۋاكالەتخانىسى ئۈستىدە توختىلىپ: „ئەنگىلىيەنىڭ تاشقورغاندا گىراژدانلىرى بارمۇ؟" دەپ سورىدىم. ھاكىم بىر ئاز ئويلىنىپ: „يوقتۇ دەيمەن" دېدى. مەن دەرھال: „گىراژدانى بولمىسا نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ۋاكالەتخانا قۇرىدۇ؟" دېدىم. „ئۇنداقتا......" دەپ دۇدۇقلاپ سۆزلەپ بېرەلمىدى.

مەن غەزەپلەنگەن ھالدا: „بۇ چەتئەللىكلەر تازا قاملاشمىغان نەرسىلەردە، ئۇلار يىراق ئوكيانلارنى بېسىپ دۆلىتىمىزگە كېلىپ، ئويلىرىنى شۇنچە ئىگىز سېلىشى بويى-



نىمىزغا مىنىۋېلىپ بىزنى پەس كۆرگەنلىگى" دېدىم. سۆزۈم ئاخىرلاشمايلا مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرى چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ يىرىم ياتا خەنزۇچە تىل بىلەن: „مەن بۇ ئەنگىلىيىلىكلەرگە ئەزەلدىن ئۆچ، ئۇلار ئەپيۇنلارنى ئەكېلىپ قانداقتۇ كېسەل داۋالايدىغان دورا دېيىشتى، ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ئادەملەر بۇ دورىلارنى يەپ ئۆلدى. ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى بىر دەم ئۆت-سامان دەيدۇ، بىر دەم قوي دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاپ ـ ئوغۇرلاپ بىز تاجىكلارنىڭ تۈلكە تېرە، يامبۇلىرىمىزنى، بۇغا مۈڭگۈزى ھەم خوتەننىڭ قاش تاشلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ" دېدى.

مەن ئۇنىڭغا: „چەتئەللىكلەر بىز بىلەن نورمال سودا-سېتىق قىلسا بىز قارشى ئالىمىز، لېكىن بۇ يەردە ئەسكى ئىشلارنى قىلىدىكەن بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز. ھازىر بىز ئاممىنى ھەركەتلەندۈرۈپ، تەشكىللەپ، چېگرا چازىلارنى ياخشى ساقلاپ ئۇلارنىڭ ئەپيۇن ئېلىپ كىرىشىنى توسۇشىمىز لازىم. خالىغانچە ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىكەن قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك" دېدىم.

بۇ تاجىك يىگىتى خۇشاللىقتىن قوللىرىنى ئويناتىپ „يۇرتداشلاردا سەۋرى تاقەت قالمىدى، ئاللىقاچان ئۇلار بىلەن بىر پەللە ئېلىشىشنى ئويلايتتى" دېدى.

بۇ چاغدا ھاكىم ھودۇققاندەك چىرايىنى ئۆزگەرتىپ: „ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانىسى بار، ئۇنداق بولغاندا مەسىلە چىقىپ قالارمۇ؟" دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا مۇئاۋىن ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ: „بۇ ئەبلەخلەرگە

يۈز خاتىرە قىلماسلىق كېرەك. بۇرۇن ھۆكۈمەت ئۇلارغا بەك–
مۇ يول قويدى، ئۇلارغا قانچە ئىگىلىسەك، قاچىمىسىنى شۇن–
چە ئىگىز كۆتىرىدۇ» دېدى. مەن: «دۈشمەنگە زادى يۈز خا–
تىرە قىلماسلىق كېرەك» دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدۇم.

ھاكىم كىپىمنىڭ قاتتىق ئەيتىلمىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ: «بۇلار يەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن» دېدى.

شۇ كۈنى كەچ مەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قونۇپ قال–دىم، مۇئاۋىن ھاكىم ماڭا ئەنگىلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ نۇر–غۇن قىلمىش جىنايى ھەركەتلىرىنى سۆزلەپ: «ئەگەر لا–زىم تېپىلسا ھەر قانداق ئىشتىن باش تارتمايمەن» دەپ قاي–تا–قايتا ئىپادە بىلدۈردى، بىز چېگرىدىكى چاغلىرىمىزدا بۇ تاجىك مۇئاۋىن ھاكىم دۈيىمىزگە ھەققەتەن كۆپ يار–دەم قىلغان ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمە–مەن. شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە پۈتۈن چارۋىچىلار ۋە چېگ–را مۇداپىئە دادۈيىمىزدىكى جەڭچىلەر ئۇنى «بومبورساقال» دەپ ئاتايتتى، ئۇمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولاتتى. ۋاقىت ئۆت–كەنسېرى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆ–تۈرۈلۈپ قالغان.

## 2

چېگرا مۇداپىئە دادۈيىنىڭ شىتاۋى ئەسلىدە ناھىيەشە–ھەر ئەترەپتىكى بىر شەخسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، مەن كې–لىپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تاغنىڭ باغرىدىكى تاملى–رى ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن بىر قەدىمقى قورغانغا كۆچۈپ كەلدۇق. ئەپتىشلارغا قارىغاندا بۇ جاي ئەينى زامان–



لاردىكى تاجىك بەگلىرىنىڭ ئوردىسى ئىكەن. بىز بۇ يەردى–كى ئۆرۈلۈپ كەتكەن قۇرۇق تاملارنى ھۆل قىلىپ، شۇ چاغ–دىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ بىر تال ياغاچ بىر فۇڭ پۇلىنى ئىشلەت–مەي پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، ياغاچ كېسىپ، لاي–چىلىق قىلىپ قورغان سالدۇق.

مۇئاۋىن دادۈيجاڭ زەمىر تاجىك مىللىتىدىن ئىدى. ئۇ، دەسلەپتە قورغاننى ئۆزىمىز سالىمىز دېگەن سۆزنى ئاڭ–لاپ نەچچە كۈن قاپىقىنى ئېچىلمىدى. بەزى ئىشلارنى مەسلە–ھەت سوراپ ئۇنى ئىزدىگىنىمدە ئۇ: «مېنىڭ باشقا ئىشىم بار» دەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئەسكەرلەرنى يىغدىم، ئاچچىغلىنىپ: «ئۆزەڭ يىغمامسەن، مېنىڭ نېمە چاتىقىم» دەيتتى.

مەن تاجىكلارنى مىجەزى چۇس ئىكەنلىگىنى بىلەتتىم. ئۆز–لىگىمدىن ئىزدەپ سۆزلىشىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدىم. ئۇ ئەسلىدە قورغان سېلىشتا يۇقىرىلارغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويۇشتىن، سېلىق سېلىشتىن قورققان ئىكەن. مەن زەمىرگە: «بىز خەلقنىڭ ئەسكىرى، خەلقنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى قوغ–داش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، خەلققە ھەرگىز سېلىق سالمايمىز. قورغان سېلىشتىمۇ يۇقىرىلارغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەيمىز» دەپ چۈشەندۈردۈم.

مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي «يۇقىرىلارغا ئېغىرچىلىق سالمىساق، ئۇ ھالدا قورغاننى نېمە بىلەن قۇرۇپ چىقىمىز؟» دەپ سورىدى.

مەن ئىككى قولۇمنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇنىڭ بىلەن سا–لىمىز» دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ يەنىلا ئىشەنمەي «ئۆز قولىمىز بىلەن سالالامدىمىز؟» دەپ سورىدى.

«توغرا، بىزدە ئىككى قول بار، پۈتۈن دادۇيدىكىلەر-
نىڭ قولىنى قوشقاندا نەچچە مىڭ قول بولىدۇ، بۇنداق تۇ-
رۇغلۇق بىز بىر قورغاننى سالالمامدۇق؟» دېدىم.
ئۇ ماڭا قاراپ، كۆزىنى قىسىپ قاتتىق بىر كۈلۈۋې-
تىپ، خوشاللانغان ھالدا: «ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بولى-
دىغان بولسا، مەن قىسمىنى دەرھال يىغاي» دەپ كانايچىنى
دەرھال يىغىلىش كانىيى چېلىشقا بۇيرىدى. مەن سەپنىڭ
ئالدىدا تۇرۇپ سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلىپ، قىسىمنىڭ ئا-
مىنى ئاسىرىشىنى، پۇخرالارنى بوزەك ئەتمەسلىگىنى
قايتا چۈشەندۈردۈم. پۈتۈن جەڭچىلەر بۇنى ئاجايىپ بىر يې-
ڭىلىق دەپ ھېس قىلىشتى. مۇئاۋىن دادۇيجاڭ زەمىر ئۈستى-
دە سۆز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ خۇددى مەندىن قانداق-
تۇ بىر يېڭىلىق ئېيتۋالغاندەك بەكمۇ قىزىقاتتى. شۇ كۈنى
ئاخشىمى، ئۇ بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىلىپ مېنى ھاراققا تەك-
لىپ قىلدى. مەن ئەسلىدە ھاراق ئىچىپ باقمىغان ئىدىم،
لېكىن تاجىك خەلقىنىڭ كۆڭلى تۈز، مىجەزى چۈس ئىكەن-
لىگىنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ھاراققا تەكلىپ قىلىشى مېنى ئۆزى-
گە يېقىن كۆرۈپ قىلغان ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ئىدى. مەن ئۇنى ئۈمىتسىز-
لەندۈرمەي، بىرگە ئولتۇرۇپ بىر پەس ھاراق ئىچتىم، ئۇ ھا-
ياجانلىنىپ كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتقىلى باشلىدى: «ئۇكام،
سىزگە راس گېپىمنى ئېيتاي! سىز چېگرا مۇداپىئە دادۇيىغا
سىزگە كەلگەندىن كېيىن، مەن سىزنى بۇرۇن كەلگەن ھېلى-
قى بىز تاجىك ئەسكەرلىرىنىلا باشقۇرىدىغان، ھەدىسە چار-
ۋىچىلاردىن قوزا، تېرە، ئالتۇن... ئالىدىغان خەنزۇ مايۇر-
غا ئوخشۇتۇپتىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سى-
قىپ كۈلۈپ تۇرۇپ: «قارىغا! مەن ئاشۇلارغا ئوخشىمىدىكەن-



مەن؟» دەپ سورىدىم.
«نەدىكىنى، مەن چۈشەندىم، سىز ياخشى خەنزۇ، بىز-
نىڭ دوستىمىز ئىكەنسىز» دېدى.
مەن ئۇنىڭغا: «دۇنيادا ئىككى خىل ئارمىيە بار، بىرى
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى ئېزىدىغان قورالى؛ يەنە بى-
رى بولسا، خەلققە بەخت يارىتىدىغان، خەلقنى قوغدايدىغان
پەرزەنت قوشۇن... زەمىر قىزىرىپ كەتكەن كۆزى بىلەن تى-
كىلىپ قاراپ، ئارقا-ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتتى، — «مېنى
ئالدىماڭ، بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارمىيىنىڭ
ھەممىسى خەلققە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلدى، ياڭ زېڭشىن،
جىڭشۇرېن، ماجۇڭيىڭ، يەنە كىملەر ... ... ھەي!» دەپ ئۇ-
زۇق-كەچمەك تىنىپ، سۆزنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ ھۆ-
كۈمەت دائىرىلىرىگە نارازىلىقى خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىگى كۆ-
رۈنۈپ تۇراتتى.
مەن ئۇنىڭغا قاراپ: «ئاساسەن ئارمىيە كىمنىڭ قولى-
دا ئىكەنلىگىگە قاراش كېرەك، سىز 8-ئارمىيە دېگەن گەپ-
نى ئۆزى ئاڭلىمىغانمۇ؟» دەپ سورىدىم.
«8-ئارمىيە!» ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا ئۇزاققىچە تى-
كىلىپ قاراپ ئەجەبلىنىپ «سىزنى 8-ئارمىيە ئىمۇتكەنمۇ
ئۇ كامە؟» دەپ سورىدى.
مەن كۈلۈپ قويدۇمدە جاۋاپ بەرمىدىم. چۈنكى شىنجاڭ
دائىرىلىرى ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىگىمىزنى ئاش-
كارىلىماسلىقنى تاپىلىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە پارتىيىمىز،
ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ
جاۋاپ بەرمىگەنلىگىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ 8-ئارمىيىدىن ئى-

رەنلىكىمگە بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ خوشال بو-
لۇپ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ ئارقىدىن: «سىز-
نى چوقۇم 8 - ئارمىيە ئەۋەتىپتۇ» دېدى - دە، بوتۇلكىدىكى
ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئىستاكانغا قۇيۇپ، ئالدىمغا سۈرۈپ،
ھاياجانلانغان ھالدا: «ئىچىڭ! بىز تاجىك خەلقى ئۈچۈن،
بۇ ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتەيلى» دېدى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى بىزنىڭ كۆڭلىمىز تېخىمۇ يېقىن-
لاشتى. ئۇ مېنى سىرداش دوستى دەپ بىلىپ قىسمىدىكى
ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە كونا قى-
سىمدا مىللى مۇناسىۋەت بەك ناچار بولغان ئىكەن. خەنزۇ
ئەسكەرلىرى، مىللى ئەسكەرلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆز-ئارا
دىل - ھاقارەت قىلىشىپ دائىم سۈركىلىش بولۇپ تۇرىدى-
كەن. ئەسكەرلەردە ئەركىنلىك بولمايدىكەن. ئەمەلدارلار
ئەسكەرلەرگە ئۆز مەيلىچە تەن جازاسى بېرىپ، ئۇرۇپ تىل-
لايدىكەن. ئەمەلدارلار خىيانەتچى بولۇپ يالغاندىن ئەسكەر
سانىنى كۆپ مەلۇم قىلىپ خىيانەت قىلىدىكەن، خەنزۇ
ئەسكەرلەر پوستا تۇرۇشنى، چاپا چېكىشنى خالىمايدىكەن. شۇ-
ڭا چېگرىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتلىرى بىكار بوش بولغانلىق-
تىن، ئەنگلىيىلىك ھايانكەش سودىگەرلەر خۇددى ئادەمسىز يوق
چېگرىدەك ئەركىن كىرىپ چىقىدىكەن. شۇ جايدىكى خەلققە
بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەنلىكتىن، تاجىك ئەسكەرلىرىنىڭ
نارازىلىقىنى تېخىمۇ قوزغىغان ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا
«قورغان قۇرۇلۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىسىملارنى تەر-
تىپكە سالىمىز، قىسىمنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى 8 - ئار-
مىيىدىكىگە ئوخشاش ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەر بىر تەڭ
پۇخرالارنى سۆيىدىغان، خىيانەتچىلىك ۋە قانۇنغا خىلا-



شلارغا قارشى تۇرىدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى» دېدىم.
مدە 8 - ئارمىيە توغرىسىدىكى كۆپلىگەن ھېكايىلارنى سۆز-
پ بەردىم، ئۇ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئۇخلاپ ئارام ئې-
لىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارغان ئىدى.
توخۇ چىللاپ كاناي چېلىنغانلىقىنى سەزمەي قاپتى-
مىز. زەمبەر جوزىنىڭ يېنىدىن دەس تۇرۇپ، «مەن قىسىملار-
نى دەرھال يىغىپ قۇرۇلۇشقا كىرىشەيلى» دېدى.
مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىر كېچە ئۇخلىمىدىڭىز،
ھارچىمامسىز؟» دەپ سورىدىم.
ئۇ، كۈلۈمسىرەپ: «چاتاق يوق، بىز تاجىكلاردا، قە-
دىناس دوستىنى تاپقاندا ئالتۇن ئۇچراشسىمۇ كۆز قىرىنى
سالماپتۇ دېگەن تەمسىل بار، بىر كېچە ئەمەس، 10 نەچچە
كېچە ئۇخلىمىسامىمۇ ......» دەپ كۆكرىكىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:
«چىدىيالايمەن» دېدى.
قورغان سېلىش ۋەزىپىسى ناھايىتى تېز ئورۇنلىنىپ
بولدى. بۇ ۋەزىپىنى بىر قىسىم تاجىك جەڭچىلىرى ئۈستى-
گە ئالغان ئىدى. مەن زەمبەر بىلەن بۇ ئەمگەككە قاتناشتۇق.
ھاۋا سوغۇق ئىدى، قوللاردا لاي توڭلاپ قالاتتى. جەڭچى-
لەرنىڭ پۇتلىرى توڭ لاي ئىچىدە قاناپ كەتكەن بولسىمۇ
ھەقەت ۋايسىمىدى، بەس-بەس بىلەن ئىشلەشتى. بەزى لېيەن-
جاڭلار، پەيجاڭلار ئەزەلدىن ئەمگەككە ئادەتلەنمىگەنلىكتىن
ئەمگەكنى نومۇس دەپ قارايتتى. ئەسكەرلەر يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ:
«دادۇيجاڭمۇ سوغوقنى - سوغوق دىمەي ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ،
تېكىن سىلەرنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرىڭلار بەكمۇ چوڭ ئى-
كەن» دېيىشتى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش ئارقىلىق، قىسىمغا بىر
قېتىملىق ئەڭ ياخشى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئەمەلدار-

لار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىردەكلىكى ۋە دېموكراتىيە گەۋدىلەندۈرۈلدى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار ھەر قانداق ئىشتا يۇقىرىلارنى كۆزدە تۇتىمىزمۇ ياكى يۇقىرىلارغا بالايى-ئاپەت كەلتۈرىمىزمۇ دېگەن مەسىلىنى تەپەككۇر قىلالايدىغان بولدى. نۇرغۇن جەڭچىلەر ۋە ئەمەلدارلار ئۆز يولىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى، ئەمەلدار بولۇپ پۇل تېپىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىلىسىغا مىنىش خام-خىيالىدا بولغان كىشىلەر تەبىئىكى، مۇشۇنداق قىسىمدا تۇرۇشنى خالىمايتتى، بىز ئۇنداقلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدۇق.

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق، ۋەيران بولغان بۇ قورغان يېڭى-يېڭى قىياپەتكە كىردى. ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تاغ باغرىدا مەزمۇت قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. قىسىم ھەر كۈنى مەشىق قىلاتتى، شېئىر ئوقۇيتتى، ساغلام شاتلىق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بۇ ناخشا سادالىرى تاغلىق شەھەرنى ئويغۇتۇپ، تاغ ئىچىدە ياڭرايتتى. پوستتا تۇرغان جەڭچىلىرىمىز مىلتىقنى تۇتۇپ، يۇقىرىدە ھوشيارلىق بىلەن تاغلىق شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىگىزدە تۇرۇپ ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ ھەركىتىگە سەپ-سالاتتى، كىرىپ-چىقىۋاتقان ئادەملەرنى كۆزىتەتتى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن زور تەھدىت بولدى.

دەل شۇنداق بولغاچقا ھېلىقى ئەنگلىيىلىكلەر تاش ئۆيگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئەركىن ھېس قىلالمىدى، ئىلگىرىكىدەك كەڭ كۇشادە ھەركەت قىلالمىدى. ئۇلار بۇ قىسىمغا بەك ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، بىر قانچە سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى. قورال-ياراقلىرىنى ئو-



غۇرلۇقچە يۆتكەپ كىرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئەتراپىدىكى پومېشچىكلارنىڭ توپىلىڭىنى قوللاشقا تەييارلاندى، ھەتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى، بىر قېتىم مەن داپتار كەنتىگە بېرىشتا بىر چۆل تاغدىن ئۆتكەندە بىرسى ماڭا قارىتىپ ئوق چىقاردى، — ئوق قىڭغىر كەتكەچكە بىلىگىمنى سۈركەپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىش غەزىپىمنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى. ئوق چىقىرىش بىلەن مېنى قورقۇتالامتى؟ مۇمكىن ئەمەس، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمەن. ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقارمىغىچە توختاپ قالمايمەن.

## 3

مەن رادىيو گرامما ئارقىلىق تاشقورغان ئەھۋالىنى پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىگە تەپسىلىي دوكلات قىلدىم، پارتىيە ۋەكىلى قوشۇننى تېز تەرتىپكە سېلىپ، پات ئارىدا چېگرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرىنى ياخشى ساقلىغاندىلا، قانۇنسىز سودىگەرلەرنىڭ ھەركىتىنى توسقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ قانۇنسىز ھەركىتىگە قارىتا، يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئۇلارنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى توپلاپ، يوشۇرۇن ئاخبارات تورىنى قېزىپ چىقىرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

بۇ چاغدا، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يۆتكەلدى، ئورنىغا پوسكام ناھىيىسىدىن باشقا بىر ھاكىم كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى شۆيلىياڭ بولۇپ، ئۆز يولداشلىرىمىزدىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ كۆرۈشتۈم. ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ

ھەركىتىگە دائىر ئىشلارنى ئۇ مەندىنمۇ ئوچۇق بىلىدىكەن، ئورغۇنلىغان يىپ ئۇچىنى ئىگەللەپتۇ. يىزىقۇرىنىڭ ئۇنى ئەۋەتىشى بىزنىڭ ئەنگىلىيە ۋاكالەتخانىسىغا قارشى كۆرىشىمىزگە بەكمۇ پايدىلىق بولدى.

ئۇ، كېلىش بىلەنلا ئاممىنى قوزغىدى، شۇ جايدىكى چارۋىچىلارغا قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى. خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ-سېلىقنى ۋە باجنى ئازايتتى. ھەممە سودا ئورۇنلىرىنىڭ سودا شېركەتلىرىنى باشلاپ، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئادىل سودا-سېتىق ئىشلىرىنى يولغا قويدى. شۇنداق قىلىشىدى، شەھەردىكى مەككار سودىگەرلەر ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىغا ۋەتەننى قوغداش، سۆيۈش توغرىسىدا ئىلھام بەردى. بۇ پائالىيەتلەردە بۇمبۇر ساقال مۇئاۋىن ھاكىم ئىنتايىن ئاكتىپلىق كۆرسەتتى. ئۇ شۇ يەردىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە، گىپىنى ئامما چۈشىنەلەيدۇ، ئۇمۇ سودا شىركىتىدىكىلەرنى باشلاپ، كەنتمۇ-كەنت ئارىلاپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تاغ-جىلغىلىرىغا ۋە بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغىچە باردى. ئۇزۇندىن بېرى ئەنگىلىيە قول-چوماقلىرى جازانىخور سودىگەرلەرنىڭ قاقتى-سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ بىر چى رەخت بىر تاختا چايىنىمۇ قويغا ياكى ئالتۇنغا تېگىشىپ كەلگەن نامرات خەلق ئۇ ئالدامچىلارغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. ھازىر ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كىگىز ئۆيلەرگە ئەكىلىدىغان بولدى. شۇڭا جازانىخورلارغا ئالدىنىشنى ھېچكىم خالىمىدى، خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتكە ۋاكالەتەن ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ۋە



مەككار سودىگەرلەرنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگىلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ ھەركىتى ئىنتايىن قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇلار ئامما تەرىپىدىن يىتىم قالدۇرۇلدى، ئاممىمۇ ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرىغا يەم-خەشەك، قوي، كالا ئاپىرىپ بەرمەيدىغان بولدى

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەنگىلىيىگە ۋاكالەتەن ئىش بېجىرگۈچى ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچىلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ يوشۇرۇن ھەركەت قىلىشقا باشلىدى. يولداش شۇي لياڭماڭا: «ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى ئىگەللەش لازىم. چېگرانى چوقۇم قاتتىق تەكشۈرۈڭلار، قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان ماددى ئەشيالارنى تۇتۇپ قېلىشىڭلار كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىك قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك» دېدى.

مەن داۋۇيگە قايتىپ كېلىپ زەمىرگە يوقۇرىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدۈم. ئۇ خۇشال بولۇپ: «چېگرا مۇداپىئە داۋيى ئەڭ ئالدىنقى سەپكە جايلاشقانلىقى تۈزۈك بولدى. قىسىم ھازىرقىدەك كەنتلەردە تۇرسا، خەلقتە ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېدى. مەن: «بىز چېگرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ قاراۋۇلخانا سالىدىغان جاينى بېكىتىشىمىز كېرەك» دېدىم. «توغرا» دەپ بېشىنى ئارقا-ئارقىدىن لىڭشىتىپ: «بىزنىڭ دۈيىمىز مانا ئەمدى ھەقىقى چېگرا ساقلىغۇچىلارغا ئوخشايدىغان بولدى» دېدى. مەن: «ئوخشاپ كېتىش ئەمەس، بەلكى ئىسمى جىسمىغا لايىق چېگرا قوغدىغۇچى داۋۇيگە ئايلىنىدۇ، بىرمۇ بۇزۇق ئادەم كىرەلمەيدۇ» دېدىم.

بىز دەرھال 20 نەچچە كىشىلىك ئاتلىق ئەترەت تەش-
كىللەپ چېدىر، قازان - قومۇچ، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئېلىپ،
چېگرىغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. خادىملەرنىڭ كۆپۈنچىسى تال-
لانغان تاجىك ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ-
لا ئېگىز تاغدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. شۇڭا تاغدىكى ئەكس تە-
سىرگە ماسلىشالايتتى. قارلىق تاغدا چارلاش ئېلىپ بېرىشتىن-
مۇ مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. مۇئاۋىن دادۇيجاڭ زە-
مىر ئادەم تاللاشتا ئالدى بىلەن ئۆز ئوغلى مادا يۈپ لېيەن-
جاڭنى، «تاغ يۈركۈتى» دەپ نام ئالغان— قاسىم بەنجاڭنى
تاللىدى. بىز چېگرىغا يېقىنلاشقانسېرى، تاغ شۇنچە ئېگىزلەپ
يۈرۈشىمىز تېخىمۇ قىيىنلاشتى.
بۇ يەردە نامى مەشھۇر سوكىلىك (قەدىمقى ۋاقىتلاردا
پامىر ئېگىزلىكىنى سوكىلىك دەپ ئاتايتتى —ت) تاغلىرى بار ئىدى،
يولى خەتەرلىك، ھاۋا شالاڭ. يەنە كېلىپ مۇز، قار بىلەن
قاپلانغان ئىدى. بەزى جايلار بەك تىك بولغاچقا، بىر - بى-
رىمىزنىڭ قوللىرىنى تۇتىشىپ، يۆلەشتۈرۈپ چىقاتتۇق. يول-
نى قېلىن قار بېسىپ جىلغىلارنى تىندۇرۇۋەتكەن ئىدى، سەل-
پەللا دىققەتسىزلىك قىلىنسا چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىش
ئېھتىمالى بار ئىدى، بۇ يولدا پۈتۈنلەي زەمىر ئاتا - بالا
ئىككىسىنىڭ يول باشلاپ مېڭىشىغا تاياندۇق، تاغدا تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن ئۇۋچى بالىلىرىغا چېگرىدىكى يوللار ۋە يەر تۈزۈلۈشى-
لىرى پىششىق تونۇش ئىدى. بىز بىرقېتىم قاتتىق شىۋىرغان-
غا دۈچ كەلدۇق، شىۋىرغان ئۇچۇرتۇپ كەلگەن قارلارنى يۈ-
زىمىزگە ئۇرغىلى تۇردى، كۆزىمىزنىمۇ ئاچالمىدۇق. ئاتلار
تېيىلىپ ماڭالمايتتى، جەڭچىلەرنىڭ تولىسى دالدا يەر تېپىپ
ئارام ئالايلى دەپ ۋاقىراشتى. لېكىن زەمىر: «دەم ئېلىشقا



بولمايدۇ، بۇ يەردە توختاش ئۆلۈمگە تەڭ، ئالدىمىزغا قا-
راپ مېڭىۋېرەيلى» دەپ ۋاقىرىدى. مەن مىنگەن ئاتنىڭ چۇل-
ۋۇرىنى تۇتۇپ يېتەكلەپ ماڭدى. مادايۇپ ئەسكەرلەرنى تەش-
كىللەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى، بىز تاغدىن ئېشىپ ئۆتە-
رىمىزگە ئۆتكەندە شىۋىرغان خېلى پەسىيىپ قالغاچقا خەۋپ-
تىن قۇتۇلدۇق. يەنە بىر قېتىم بىز جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتقا-
نىمىزدا، تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى، مەن تې-
خى ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتىم، مادايۇپ
تۇيۇقسىزلا: «قار كۆچتى، مېڭىشنى توختۇتۇڭلار» دەپ تو-
ۋلىدى. قىسىم ئەمدىلا توختىغان ئىدى، ئالدى تەرەپتىن يەر-
زېمىن يېرىلغاندەك قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھەم-
مىمىزنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ئەگەر قىسىم داۋاملىق ئىل-
گىرىلىگەن بولسا، مۇقەررەر ھالدا زور چىقىم تارتقان بولات-
تۇق. بىز بەزى چاغلاردا قاتتىق يامغۇر ۋە كەلكۈنگىمۇ دۈچ
كېلىپ قالاتتۇق. تاغ باغرىدىكى تاشلار شاراقلاپ چۈشەتتى،
چاقماقلار خۇددى ئوت ئىلاندەك چاقنايتتى. قاتتىق گۈلدۈر-
ماما گويا زەمبىرەك ئېتىلغاندەك قۇلاق - مېڭىنى يېرىۋېتەتتى،
لېكىن بىز ھەر قېتىمدا تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنىۋالغاچقا قىل-
چىمۇ چىقىمغا ئۇچرىمىدۇق.
پامىرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشچان ئىدى. ئۇزۇن
سەپەردە بىز بېسىپ ئۆتكەن شىكاڭ ئېگىزلىكىدىكى ھاۋادىمۇ
ناچار ئىدى. چۈشكۈن قىلىنغان جايلاردا سۇنى يۈز گىرادۇس-
قىچە قايناتسىمۇ قازاندىن ھور چىقىپلا تۇراتتى، قولنى تىق-
سا كۆيمەيتتى. قازانغا سېلىنغان چۆپ ئۇماچتەك ئىزىلىپ كې-
تەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ئېگىزلىكتىكى كۈچلۈك ئۇل-
ترا بىنەپشە نۇر يۈزلىرىمىزنى قارايتىۋەتتى، قوللىرىمىزنى

يۈزىمىزگە سۈركىمىسەكلا بىر قات تېرىمىز سويۇلۇپ چۈشەتتى.
ئارام ئالغاندا ئاغزىمىزنى يوغان ئېچىپ نەپەس ئالاتتۇق.

ئاتلىق قىسمىمىز، دولەت چېگرىسىنى بويلاپ توپ-توغرا ئىككى ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا مىڭ كىلومېتىردىن كوپرەك مۇساپىنى بېسىپ، قورغان سالىدىغان جايى ۋە قورغان ئورنىنى بەلگۈلەپ چىقتۇق. بۇ مۇساپىدا بىز يەنە جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق باندىتلىرىنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق تاجاۋۇزىغىمۇ ئۇچرىدۇق. بۇ قاراقچىلار تاجىك چارۋىچىلىرىنىڭ بىر نەچچە يۈز تۇياق كالا، قويلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ زور مىقداردىكى مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ كەتكەن ئىدى. بىز يۇرتداشلارنىڭ ياش توكۈپ قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باندىتلارنىڭ ماڭغان ئىزى بويىچە دەرھال قوغلاپ زەربە بەردۇق. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان بۇ ئەبلەخلەر دولىتىمىزگە كىرىپ، قانۇنسىز ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، خۇددى ئوز ئويىدەك قوي-كالىلارنى ئالدىرماي ھەيدەپ، گويا بۇ ماللار ئوزىنىڭكىدەكلا ئىستىرتىشىپ ماڭاتتى. كوپ يىللاردىن بۇيان، شۇنداق قىلىپ ئوگىنىپ كەتكەن، قاراقچىلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگونىڭ قانۇن، ئەمىر-پەرمانلىرى يوق ئىدى. مادايۇپ ئەسكەر باشلاپ چېگرا يول بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ توسۇپ „قاراقچىلار نەگە بېرىشىنسەن؟" دەپ قاتتىق ۋاقىرايدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمىگەن ئىدى. بۇ ئەبلەخلەر بىر مەھەل خۇدىنى يوقۇتۇپ، ئالدىراپ-تېنەپ قوراللىرىنى چىقىرىشتى ئەمما ئۇلار قوراللىرىنى كوتىرىپ بولغىچە تاجىك جەڭچىلىرىنىڭ ئوقلىرى قاراقچىلارنىڭ كوكرىكىگە تەككەن ئىدى. بىز ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ، كالا، قويلارغا قوشۇپ ھايداپ كېلىپ ماللارنى ئوز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردۇق.ھەم-



دە يۇرتداشلارغا تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېدىيىسىگە ئىلھام بەردۇق، ھەم شۇ يەردىكى مىنبەگلارنى تەشكىللەش ئۈچۈن ئەسكەردىن بىرنى قالدۇردۇق. يۇرتداشلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەسرۇرلەندى، بۇ ئۇلارنىڭ خەلقنى قوغدايدىغان ئارمىيىنى تۇنجى قېتىم كورۇشى ئىدى. ئۇلار مىنبەگ تەشكىلىگە قاتنىشىشنى ئارقا-ئارقىدىن تەلەپ قىلىشتى. بەزى ئاياللار ۋە قېرىلارمۇ تىزىمغا ئالدۇردى.

بىز باندىتلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ، ھەر قېتىمدىلا، تۇتۇپ كەلتۇرۇلگەن ماللارنى يۇرتداشلارغا قايتۇرۇپ بەردۇق، ھەمدە تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنىڭ جاھانگىرلارغا نىسبەتەن ئوچمەنلىكىنى ئاشۇرۇپ قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئوزىنى قوغداپ، جاھانگىر ئۇنسۇرلارنى ۋە جاسۇسلارنى ھېچ قانداق يەرگە يوشۇرنۇۋالالمايدىغان قىلىپ قويدۇق. چېگرىدىكى ئامما ناھايىتى تېزلا قوزغالدى، مىنبەگلارمۇ تەشكىللەندى، ئۇلار بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، چېگرىنى قوغداشتا ناھايىتى چوڭ ماسلىشىش رول ئوينىدى.

3-ئاينىڭ باشلىرىدا، بىز تاشقورغانغا قايتىپ كەلدۇق، چېگرىدىكى ئەھۋاللار ئۇستىدە، مەسىلەن، قاراۋۇللۇق ئورنى قۇرۇش، مىنبەگلارنى قانداق تەشكىللەش، ئېھتىياجلىق ئادەم، مالىيە ۋە ماددى كۈچ قاتارلىقلار توغرىسىدا بىرتۇسقا تەپسىلى دوكلات يېزىپ، قەشقەر گارنىزون ئىشتابىغا يوللىدۇق، ئىشتاپ باشلىقى سىلىڭنىڭ ئىسمى جياڭ يۈۋفېن بولۇپ، شەرقى شىمال ئارمىيىسىدىن كېلىپ چىققان، ئادالەتلىك تۇيغۇسى بار ئادەم ئىدى. ئۇ تېزلا جاۋاپ يېزىپ، بىزنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىمىزغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ھەمدە ما-

لىيەكۈچى ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى، ئۇرۇمچىگە دوكلات يوللاپ، دۈبەن - مەھكىمىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنماقچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

دوكلاتىمىز 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تەستىقلاندى. قارا قۇرۇم ئېتىكىدىكى يەركەن، يېڭىسار، قارغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەر سەپەرۋەرلىككە كېلىپ خەلق، ئىشچىلىرى مىڭلىغان ئونمىڭلىغان ئات، ئېشەكلەرنى ھەيدىشىپ، چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بېدە، ياغاچ - تاشلىق توشىدى. تاغ يوللىرى ئەگرى - توقاي، مۇساپە يىراق بولغانلىقتىن، چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بىر قېتىم بېرىش ئۈچۈن يېرىم ئايدىن كۆپرەك يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. تاشقورغان ناھىيىسىدىكى خەلقلەرمۇ ئۇلاردىن قېلىشمىدى. « بومبۇر ساقال » مۇئاۋىن ھاكىم ياردەم بېرىش داۋۇيىنى باشلاپ، ھەركۈنى تاغ ئېشىپ، سۇ كېچىپ، شىۋىرغان ۋە قەھرىتان سوغۇققا قارىماي، تاغار - تاغار ئاشلىقلارنى ئالدىنقى سەپكە توشىدى. بىزنىڭ تەشۋىقى - تەربىيىمىز بىلەن، يۇرتداشلارنىڭ كەيپىياتى ئادەتتىن تاشقىرى ئۈستۈن بولدى، ھەممىسى بەس - بەس بىلەن چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە يۇرتنى قوغداش كۈرىشىدە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشتى. قىسىم بىلەن خەلق ئىشچىلىرىنىڭ بىرلىكتە ھەركەتكە كېلىپ ئىشلىشى، تاغلىق شەھەردە قەدىمدىن قارىتىپ ھازىرغىچە ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال ئىدى. خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، بىز يەنە چېگرا قاراۋۇلخانىسىنىڭ يېنىدىن بىر پارچە بىنام ئېچىپ، يەم - خەشەك تېرىدۇق، ھەمدە قارلىق تاغدا ياڭيۇ، تۇرۇپ ۋە بەسەي قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىدۇق.



## 4

قىسىم چېگرىدىكى قاراۋۇلخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنىش ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن « دېموكراتىك تۇرمۇش » نى باشلاپ قانداق پىكىرلەر بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار دېدۇق. ئەينى ۋاقىتتا چېگرا قىسىملىرىنىڭ تاماق راسخوت ئۆلچىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك تۇرمۇشىمىز ياخشى ئەمەس دەپ ئىنكاس قىلىشتى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىرنەچچە ھەربىي تەمىناتچىنىڭ سەي پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى سېزىلدى. بۇ خىيانەتچى ئەبلەخلەر كۈن بويى ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپاغا بېرىلگەن، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائەتلەرنى تاقىغان، ساندۇقىدا يەنە نۇرغۇن زىخچە ئالتۇنلارنى ساقلىغان ئىكەن. بىز ئۇلاردىن زاڭ ماللىرىنى دەرھال قايتۇرۇۋېلىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئوفىتسېرلاردا ئەسكەرلەرنى ئۇرۇش، تىللاش ھادىسىلىرىمۇ خېلى ئېغىر ئىدى. بەنجاڭ بولغانلار ئەسكەرلەرگە كىيىملىرىنى يۇدۇرۇپ چاكار قىلالايدىكەن. پەيجاڭ ۋە لىيەنجاڭلار تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. دەسلەپتە ئەسكەرلەر سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى، بىز قايتا - قايتا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزدۇق. زەمىر بىلەن ئوغلى مادايۈيمۇ كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەسكەرلەر شۇنىڭدىن كېيىنلا قوزغۇلۇپ، يىغىندا ھېلىقى بۇزۇق ئوفىتسېرلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى. پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنى كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ خاراكتېرى ئېغىر بولغانلىرىغا چارە كۆرۈلدى. شۇنداق قىلىپ خەنزۇ ئەسكەرلىرى بىلەن تاجىك ئەسكەرلىرى-

مېنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش داۋامىدا ياخشىلاندى.
ئۇلار بىر قېتىملىق مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقى
ھەققىدە تەربىيىگە ئىگە بولدى. تاجىك ئەسكەرلىرىنىڭ تۇر-
مۇش ئۆرپە-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئاشخا-
نا قۇرۇلدى. خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي شىم-
اللىق بولۇپ، ئۇلار چېگرا قاراۋۇللىقىدا ئانچە خاتىرجەم
بولماي، پامىردا تۇرمۇش جاپالىق، ئىستىقبالى يوق، بولۇشى-
غا كۆز ئۇتكۈزۈش كېرەك دەپ قارايتتى. مەن ئۇلارغا «سەر-
گەردانلارنىڭ ئۈچ مارشى» نى ۋە «تەيخاڭشەن تېغىدا» دې-
گەنگە ئوخشاش ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ناخشى-
لىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جا-
ھانگىرلىككە غەزەپلىنىدىغان ئىدىيىسىگە ئىلھام بېرىپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ ئاتقا دەرۋازىسىنى مەھكەم ساقلاپ، دۆ-
لەت چېگرىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈ-
شەندۈردۈم. مەن يەنە ئۇلارغا 8-ئارمىيىنىڭ ۋە ئىچكى ئۆل-
كىلەردىكى خەلقلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
قىلىشىغا دائىر ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەردىم، ھەمدە ئۈرۈم-
چىدىكى پارتىيە ۋەكىلىدىن يولىيورۇق سوراش ئارقىلىق زەمىر،
مادايۇپ، قاسىملارنى شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى ئەينى ۋاقىت-
تىكى شىنجاڭنىڭ ئىلغار تەشكىلاتى فەنديخۇي (جاھانگىر-
لىككە قارشى ئۇيۇشما) غا قاتناشتۇردۇم. ئۇلارغا ھەر كۈنى
سىياسىي دەرس ئۆتۈش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى تەربىيىۋى
ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدى.
چېگرادا كېچە-كۈندۈز ئايلىنىپ چارلاپ يۈرەتتۇق.
قۇراللىق مىنبەگلار ئەھۋاللارنى بىزگە داۋاملىق دوكلات قىد-
لىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ھەر كېتىمىز ئاكتىپ ھەم چاققان بو-



لۇپ، دۆلەت چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن ھېيلىگەر جاسۇس-
لارنى تۇتۇپ زەربە بېرىپ، كۆپلىگەن قانۇنسىز ھەرىكەتلەر-
دە بولغان مەسئۇللارنى ۋە ھىندى سودىگەرلىرىنى تۇتۇ-
ۋېلىپ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانى-
سىغا نارازىلىق بىلدۈردۇق.
ھىندىستان بىلەن كەشمىرگە تۇتىشىدىغان مىڭتېكە دا-
ۋان يولىنى بىز ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق تەكشۈردۇق. ئەن-
گلىيە ۋاكالەتخانىسى ئېلىپ كىرگەن بىر نەچچە توگە ئەپ-
يۇن ئالتۇن، ياقۇت ۋە ئاز ئۇچرايدىغان
كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي تۇتۇپ قال-
دۇق. قانۇنسىز ئاۋانتيۇرىستلار قوراللارنى ماللارنىڭ ئارى-
سىغا تىقىپ يوشۇرۇپ توشۇغان ئىكەن. بىز بۇ قانۇنسىز ھەر-
كەتلەرنى بىر-بىرلەپ خاتىرلەپ ئۇلارنى سوراق قىلدۇق.
ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە سوراق قىلىش ئارقىلىق قانۇنسىز
ھەركەتلەرنىڭ ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن
ئىشلىنىدىغانلىقىنى پاش قىلدۇق. ئۇلارنىڭ بۇ جىنايەتلىرى توغ-
رىسىدا تەپسىلىي دوكلات يېزىپ ئۈرۈمچى دائىرىلىرىنىڭ دىپ-
لوماتىيە يولى ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە ئاگاھلاندۇ-
رۇش بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدۇق.
چەكلەنمىگەن ماللارنى ئەكەلگەن سودىگەرلەرنى مۇھا-
پىزەت قىلىپ ئاشقۇرغانغا ئاپىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە نا-
زارەت قىلدۇق. بۇ خىلدىكى ۋەزىپىگە زېرەك، قولىدىن ئىش
كېلىدىغان كىشىلەر بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز كۆپىنچە ما-
دايۇپ بىلەن قاسىمنى ئەۋەتەتتۇق. ئۇلار يول بىلىپلا قال-
ماستىن بەلكى يول بويىدىكى يېزا-كەنت ۋە قەبىلىلەرنى-
مۇ پىششىق بىلەتتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر جايدا ئارام

ئالغاندا مادايۇق نازارەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلىقىغا قاراش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم قويۇپتۇ. بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ھەدېلە - نەيرەڭلىرى خىلمۇ - خىل بولۇپ، ھەر ۋاقىتتا بىزنىڭ نازارىتىمىزدىن قۇتۇلماقچى بولۇشاتتى. شۇڭا بەزىدە ئۇلارنى قىيىن قارلىق تاغدا قوندۇرۇپ، يېزا - جىلغىلارغا قەستەن يېقىن كەلتۈرمەيتتۇق. بەزىدە دەريا بويىدا ئارام ئالدۇراتتۇق. ئۇلارمۇ قۇۋ ئىدى. كىشىلەر قاتتىق ئۇخلاپ قالغاندا، ئاستا قوپۇپ ئوغۇرلۇقچە يېزىغا كىرىپ، ئۆزلىرى قۇرغان ئاخبارات «پونكىتى» نى ئىزدەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىچە بۇ ھەركەتلىرىنى ھېچكىم بىلمەيدى دەپ ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەركىتى تاجىك جەڭچىلىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. شۇنداق قىلىپ چېگرىدىن تاشقورغانغىچە، مىڭتېكە چوڭ يولى بويلىرىدا ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسى قۇرغان ئالاقىلىشىش نۇقتىلىرىنى بىز ئىگەللىۋالدۇق. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە موللىلار ۋە بەزى سېتىلغان كىشىلەر بار ئىدى، ھەتتا بەزەن كىشىلەر ئەسلىدىكى ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئۆز دۆلىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، «بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى» نىڭ «مۇھاجىرى» بولىۋالغان ئىدى. شۇ جايدىكى يۇرتداشلار بۇ «مۇھاجىرلار» غا بەكمۇ غەزەپلىنەتتى. ئۇلارنى خائىن «يالغان ئەجنەبىلەر» دەپ تىللايتتى. بىز شۇ جايدىكى مىنبەگلەرگە بۇ كىشىلەر ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي يېتىم ھالەتكە چۈ-



شۈرۈپ قويدۇق.

تاشقورغاندىكى ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ بىناسى خۇددى يالغۇز ئارالدەك كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئايرىۋېتىلدى. ئۇنىڭ سودا كارۋانلىرىنىڭ ئوت - چۆپلىرى، يەيدىغان ئاشلىقى ۋە گۆشلىرى تۈگىدى. خەلق ئالدىدىكى ھەيۋىسىمۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، تاماق تېپىپ يېيىشىمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. ئۇلار پۇل چىقىرىپ يۇرتلاردىن سېتىۋالماقچى بولدى، لېكىن يەرلىك پۇقرالار چەتئەللىكلەرنى كۆرسىلا يىراققا قاچاتتى، ئۇلارغا ھېچ نەرسىنى سېتىپ بەرمەيتتى. ئۆزلىرىنى «مەدەنىيەتلىك» دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىلەر بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئۆزلىرىنىڭ قول چوماقلىرىنى ئىشلىتىپ، ئوغرىلىققا سالدى. ئۇلار ۋاكالەتخانىدىن كېچىلەپ چىقىپ، يۇرتداشلارنىڭ قوتانلىرىدىن ئون نەچچە قوي ئوغۇرلىدى. بۇ ئەبلەخلەر ئىشنى ئىنتايىن مەخپىي ئىشلىدۇق، ھېچكىم بىلمەيدىغۇ دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇرتداشلار ئالدىقاچان ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ بولاتتى. كۆپچىلىك: نەرسە - كېرەك ئوغۇرلىغان كىشى ئوغرى بولاتتى، ئەجەبا بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىدىن جۇڭگوغا كەلگەن ئەلچىمۇ ئوغۇرلۇق قىلامدۇ؟ دەپ ھەيران بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق: ئەگەر ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆزەم بىۋاستە قاتناشمىغان بولسام مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. لېكىن پاكىت ئەنە شۇنداق «بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى» نىڭ ئەلچىسى ئىمپلاس قولىنى سېلىپ، تاشقورغاندا ئاھالىلارنىڭ قويلىرىنى ئەنە شۇنداق ئوغۇرلىغان.

تەخمىنەن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن، قاراڭغۇ تۈندە ئەن-

گىلىمىنىڭ تاشقورغاندىكى ۋاكالەتخانىسىنىڭ پەردەتارتىل-
غان دەرىزىسىدىن چىراق نۇرى خىرە يورۇپ تۇراتتى. ۋاكا-
لەتتەن ئىش بېجىرگۈچىنىڭمۇ «دىپلوماتىك» سالاپىتى قال-
مىغان ئىدى. يېڭىسىنى تۇرۇۋالغان ئەلچىنىڭ بىلەكلى-
رىدە ۋە مەيدىسىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن سېرىق تۈكلەر كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. قولىغا پىچاق تۇتقان ئەلچى، قول چوماقچىلىرىنىڭ
ياردىمى بىلەن ئوغۇرلاپ كەلگەن قويلارنى ئۈزۈنچاق جوزى-
غا باساتتى - دە چىشىنى چىڭ چىشلەپ، ئۈستىلىق بىلەن
قوينىڭ گىلىغا پىچاق سۈركەيتتى. قويلار ئۈن - تىنسىزلا
جان بېرەتتى. قانلار تەرەپ - تەرەپكە چاچرايتتى. ئىش
بېجىرگۈچىنىڭ قوللىرى ۋە كىيىملىرى قانغا بۇلغانغان ئىدى.

تۇيۇقسىزلا سىرتتىن بىرسى ئىشىك قاقتى. ۋاكالەتخا-
نىدىكى كىشىلەر ھودۇقۇپ كەتتى. ئىشىك بارغانسېرى قات-
تىق ئۇرۇلغىلى تۇردى. ئىش بېجىرگۈچى ئىلاجىسىز ئۆزىنى
تۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قول ئاستىدىكىلەرگە ئىشىكنى ئاچ-
قۇزدى.

مۇئاۋىن ھاكىم بىلەن تاشقورغان چېگرا مۇداپىئە كومى-
تېتىدىكى بىرنەچچە جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى كىرىپ
ئۆيگە سەپ - سېلىپ، قويلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ بولغانلىقىنى
كوردى. ھەممە يەرگە ئۈچەي قېرىنلار تاشلانغانلىقتىن ئۆي
ئىچىدە دەسسىگىدەك يەرمۇ قالمىغان ئىدى. مۇئاۋىن ھاكىم
سوغۇققىنە مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ: مەن ئېزىپ قالدىممۇ -
نېمە؟ قۇشخانىغا كىرىپ قالغاندەك قىلىمەن - دېدى.

ئىش بېجىرگۈچىنىڭ قول چوماقلىرى ئىنتايىن پەرىشان
بولۇپ، كوزلىرى بىلەن ئىش بېجىرگۈچىگە قارىدى.



— قېنى ئېيتىپ باقە، بۇ قويلارنى قەيەردىن ئەكەل-
گەن؟ دەپ سورىدى مۇئاۋىن ھاكىم.

ئىش بېجىرگۈچى ئۇيان - بۇيانغا قاراپ، قان بىلەن
بۇلغانغان قوللىرىنى خۇددى بىرەر جاۋاپ چىقىرىدىغاندەك ئۇۋۇ-
لايتتى. بىزنىڭ تاجىك مۇئاۋىن ھاكىمىمىز بۇنىڭغا تاقەت
قىلالماي قاتتىق ئاۋاز بىلەن: — گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ، سوز-
لىمەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇ ئەنگىلىيىلىك خىلمۇ - خىل ھىيلە - مىكىرلەر بى-
لەن گويا مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ سوزىنى ئۇقمىغان بولۇۋېلىپ،
قەستەن بىر كىشىگە تەرجىمە قىلدۇردى. ئۇ ھە - ھە دەپ بې-
شىنى چايقاپ سوزنى ئۇققانلىقىنى ئىپادىلىدى، ئاندىن مۇ-
ئاۋىن ھاكىمغا قاراپ كۈلۈپ: قويلارنى مەن سېتىۋالغان دەپ
جاۋاپ بەردى.

مۇئاۋىن ھاكىم: نەدىن سېتىۋالغان؟ - دەپ سورىدى.
ئىش بېجىرگۈچى ئالاقزادە بولۇپ، يەنە تەرجىمە قىلغۇزغان-
دىن كېيىن ناھايىتى ئەدەپلىك ھالدا: مەن كۈندە ھوكۇمەت
ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى قەيەر-
دىن سېتىۋالغانلىقىم ئېسىمدە قالماپتۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا سەن ئۇنى قاچان سېتىۋالغان؟ - مۇئاۋىن ھا-
كىممۇ بوش كەلمەي، ئارقىدىنلا: - بۈگۈن قايسى ۋاقىتتا،
كۈندۈزدىمۇ ياكى كەچقۇرۇندىمۇ؟ دەپ - سورىدى.

ئىش بېجىرگۈچى سەل - پەل ئويلىنىۋېلىپ: - كۈندۈ-
زى دەپ جاۋاپ بەردى.

— جۇيلۇۋاتامسەن! - مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئاچچىقى كەل-
گەنلىكتىن بۇرۇتلىرىمۇ تىترەپ كەتتى: كۈندۈزى ھويلاڭ-
لاردا قويى كورۈنمەيتتى، قاراپ تۇرۇپ يالغان سوزلىمە.

قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازى بەك قاتتىق چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئەنگلىيىلىك، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىغا بىر ئاز داغ تەگكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەرىنى بۇزۇپ: «يەسراق سۆزلىسىڭىز، مەن ئەنگلىيە ئەلچىسى، سىلەردە ھېچ بولمىغاندا بىر ئاز ئەدەپ بولۇش كېرەك - دېدى.

مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادالدى، سوغۇققىنە كۈلۈپ: - ئەدەپ دېسە، بىز جۇڭگو خەلقى ئەدەپنى بەكمۇ بىلىمىز، مەن جۇڭگونىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سېنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتىڭ دىپلوماتىيە ئەلچىسى ئەمەس، بەلكى جىنايەتچى. پۇخرالار سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلدى. مەن ھازىر سېنىڭ سوتقا بېرىشىڭنى ئۇقتۇرىمەن - دېدى.

بۇ سۆز ھەرۋەقە قارشى تەرەپنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرىۋەتتى. ئىش بېجىرگۈچىنىڭ چىرايى شۇئان ئۆزگەردى، پەشانىسىدىن چىلىق - چىلىق تەر چىقىپ كېتىشىلىگەن ھالدا مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ، نېمە جىنايىتىم باركەن؟ دەپ سورىدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئوغرىلانغان ماللارنىڭ تىزىملىكىنى قوينىدىن چىقىرىپ، بىر - بىرلەپ ئوقۇپ بەردى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشارەت قىلىۋىدى، ئەرز قىلغۇچى پۇخرالار سىرتتىن كىرىپ ئۆز قويلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئىش بېجىرگۈچىدىن قويلىرىنى تەلەپ قىلىشتى. پۇخرالارنى كۆرگەن بۇ ئەبلەخنىڭ يۈزى قىزىرىپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. مۇئاۋىن ھاكىم يۇرتداشلارنى توساپ، ئىش بېجىرگۈچىگە: گۇۋاھچىلار، ماددىي ئىسپاتلار تۇرۇپتۇ، سېنىڭ يەنە قانداق سۆزۈڭ بار؟ - دېدى. ئۇنىڭ تەرى بۇزۇلۇپ،



مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىلاجىسىزلىق بىلەن: سىلەر قانداق قىلماقچى؟ دېدى.

مۇئاۋىن ھاكىم: — بۇ ناھايىتى ئاسان، سەن قول چوماقچىلىرىڭ بىلەن بىرگە سوتقا تارتىلىسەن، - دېدى. ئىش بېجىرگۈچى بۇنى ئاڭلاپلا، چىچاڭشىپ: - بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار ئىمپېرىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە داغ تېگىدۇ، - دەپ غۇدۇڭشىدى.

بىرچەتتە تۇرغان مۇئاۋىن ھاكىم دەرھال سۆزلەپ: — ئىناۋەت؟ سىلەر ئىناۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر! كۆپ يىللاردىن بۇيان، قاراقچىلىق قىلەتتىڭلار بىلەن، دۆلىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ خەلقىمىزنى قىردىڭلار ئەمدى قانداقتۇ ئىناۋەت دەپ تاپسىلەرغۇ! دېدى.

گەپ تاپالمىغان ئىش بېجىرگۈچىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

## 5

ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىنى سوراق قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسمى ماخۇشەن، چوڭ ئاخۇن ۋە چوڭ بايلارنى توپلاپ جەنۇبى شىنجاڭدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇلارنىڭ قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى ئەنگلىيىنىڭ سودا كارۋانلىرى ئېلىگىرى ئوغۇرلۇقچە كىرگۈزگەن ئىدى. كۆپلىگەن ماتېرىياللار ۋە دەلىل ئىسپاتلار ئىسپاتلىدىكى، توپىلاڭنىڭ پىلانلىغۇچىسى — ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ۋە تاشقورغاندىكى ۋاكالەتخانىسى ئىدى. چېگرا قاراۋۇل دادۇيى دەرھال جىددىي سەپۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. چېگرا لىنىيىسىدىكى بارلىق مۇھىم

قاتناش يوللىرى قامال قىلىندى. قېچىپ كەلگەن باندىتلارنى قورشاشقا تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدۇق.

شۇنداق جىددى پەيتتە، بىز يەنە چېگرىنىڭ بىرنەچچە جايلىرىدىن ئوغرىلۇقچە ھەربى قورال - ياراق توشۇغان ئەذ - ژنى پـاش قىلدۇق. سوراق قىلساق بـۇ ئىشنى تاشـقورغاندىكى ۋاكالەتخانا ماخۇشەنگە يـاردەم بېرىش ئۈچۈن بۇيرىغان ئىكەن. بىز تاشقورغان ناھىيىسىدە - كى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىغا ياردەملىشىپ جىنا - يەتچىنىڭ ئېغىز ئىقرارىغا ئاساسەن دۈشمەنلەر قـۇرغان ئاخـبارات نۇقتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقۇتۇپ ئادەملىرىنى پۈتۈنـلەي قولغا ئالدۇق. تاشقورغان شەھىرىدىن بىرچوك ئاخۇننىمۇ قولغا ئالدۇق. بۇ ئادەم ماخۇشەننىڭ قالدۇق قىسىملىرىغا ماسـلىشىدىغان ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ ئادىمى ئىكەن.

ئەنگلىيە ۋاكالەتخانىسىنىڭ مىڭبىر جاپا بىلەن قـۇ - رۇپ چىققان ئاخبارات تورلىرى مانا شۇنداق يىمىرىپ تاشـلاندى.

ۋەتەنگە، خەلققە ئاسىيلىق قىلىپ كۆتىرىلگەن تـوپىلاڭ ئۇزاققا قالمايلا جەنۇبى شىنجاڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن بې - سىقتۇرۇلدى، پەقەت ئاز قىسىملا توردىن چۈشۈپ قالدى. ئۇ- لار كوئېنلون تاغلىرىغا كىرىۋېلىپ كۈندۈزى ھـەرىكەتلىـنىشكە پېتىنالماي، كېچىسى چىقىپ چـارۋىلارنـى بـۇلايتتى. ئاندىن ئاستا-ئاستا دۆلەت چېگرىسى تەرەپكە سۈرۈلەتتى. جېنىدىن تويغان بەدبەختلەر دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق، ئىختىيارىمىزچە كىرىپ چىقىۋېرىمىز دەپ قارىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ چېگـرا مـۇداپىـئە دادۈيـىـمـىـز ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇپ قويغان ئىدى. بىر كىـ



چىلىك جەڭدىلا قالدۇق باندىتلارنىڭ ھەممىسى يـوقۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ماخۇشەن ئەۋەتكەن جاسۇسلار بىلـەن بىللـە غەنىمەت ئالغان رادىئو، قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى شۇ- نىڭدەك جىنايەتچىنىڭ ئىقرارنامىسىنى ھەم ئەنگلىيە ۋاكا - لەتخانىسىنىڭ تۈرلۈك جىنايى ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭ ئۆلكە دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلدۇق. ھەمدە بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتۇق.

بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خوشال قىلىدىغان كۈنلەر ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىلغىنىغا ئىكـكى يىل بولغان شۇ كۈنلەردە، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربى چېگرىـسىدىكى ئەڭ يىراق تاغلىق شەھەردە كوممۇنىستلار چېگرىدى - دىكى ئارمىيە ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جاپا - مۇشەق - قەتلىك كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئاخىرى ئەنگلىيە جاـھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قـالمىغان ھېلىقى ئەنگلىيىلىكلەرنى چېگرىدىن چىقىرىپ، تاشقورغان ھاۋا بوشـلۇقىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان ئەنگلىيە بايرىقىمۇ ئېلىپ تاشلاندى.

( چۈەن كەنفۇ رەتلىگەن. «ژورنىلىمىز»دا قىسقارتىپ بېـسىلدى. )

ئىلاۋە: يولداش خۇجيەن غەربى يول ئارمىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كىلىپ 1938 - يىلى تاشقورغان چېگرا قاـراۋۇل دادۈيىنىڭ باشلىقى بولغان. 1949 - يىلى جـۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يۈرۈش قىـلغاندا، 5 - ئاپتوموبىل پولكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بىرىنچى قەدەمدە ئۈرۈمـچىگە كىرگەن.

# غەربىي يونۇلۇش ئارمىيىسى شىنجاڭدا

لى جۇمىڭ، ۋاڭچۇگو

بۇ ئىشقا نەچچە ئون يىللار ئۆتتى.

غەربىي يونۇلۇش قىزىل ئارمىيىسى جاڭگوتاۋ جىنخۇيى-جۇيى لۇشيەنىنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىلەپ مېڭىپ، خوزۇڭنەن ۋە مابۇفاڭ ئاتالىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىمىزدىن توساپ، كەينىمىزدىن قوغلاپ قىستاشلىرىغا دۇچ كەلدى، بىزگە بىر تەرەپتىن كېلىۋاتقان يارىدەمچى ئەسكەر ياكى تەمىنات بولمىغانلىقتىن، ئارقىمۇ-ئارقا قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشقا توغرى كەلدى. ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە پۈتۈن ئارمىيىدە پەقەت 700دىن ئارتۇق ئادەم قالدى. بىزنىڭ بۇ قىزىل 30-ئارمىيىمىز، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى قوبۇل قىلىپ، سىياسى كومىسسار لى شيەننيەن، جۇنجاڭ چېڭ شىسەينىڭ يېتەكچىلىكىدە چىلەن تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاتا-بالا بانديت مابۇفاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاپ ھۇجۇم قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئادىمىزاتسىز چىلەن تاغلىرىنى بويلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلدۇق.



بىز قىزىل يولغۇن دېگەن جايدا قانلىق ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن چېڭ جۇنجاڭ بىزگە، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بېرىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. مەركىزى كومىتېت بىر مۇنچە رەھبەرلەرنى شىڭ-شىڭشىياغا ئەۋەتىپ بىزنى قارشى ئالماقچى بولغان ئىكەن.

بىزنىڭ بىردىن-بىر ئىتىقادىمىز ئىنقىلاپ، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بىزگە ناھايىتى زور كۈچ قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. بىز ئەڭ چوڭ غەيرەت بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى شىنجاڭنىڭ شەرقى دەرۋازىسى شىڭشىڭشىياغا يېتىپ كەلدۇق. 1937-يىلى 5-ئايدا پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن يولداشلار بىزنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئالدىمىزغا يېتىپ كەلدى. يولداش چېن يۈن بىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ: «ئىنقىلاۋىي كورەشتە غەلىبە قازىنىشمۇ بولىدۇ، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ، بىز پەقەت ئىنقىلاۋىي جاسارەتنى ساقلاپ قالالىغانلا بولساق، تەرەققى قىلىپ زورىيالايمىز، ھازىرقى بىر نەچچە يۈز كىشىدىن، نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ كىشىگە كېڭىيىپ تولۇقلۇنۇپ، ئىنقىلاپنىڭ تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز» دېدى.

پارتىيە ھەربىرىمىزگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى، يەنە يېڭى كىيىم تارقىتىپ، قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرىمىزنى تولۇقلاپ بەردى. دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، يېڭى ۋەزىپە قوبۇل قىلىشىمىزغا يوليورۇق بەردى.

يولداش چېن يۈن بىزنى ئۈرۈمچىگە باشلاپ كېلىپ چوڭ كۆۋرۈكتىكى بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ چاغدا شىنجاڭدىكى مۇستەبىت شىڭشىسەي ئۆز-

نى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاتالمىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، گومىنداڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈش دېگەنگە ئوخشاش 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ چىققان ئىدى. پارتىيە شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ۋە كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن شىڭ شىسەينىڭ بىر تۈركۈم تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشتىن پايدىلىنىپ، كەلگۈسىدە پەۋقۇلئاددە قىسىملىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىماقچى بولدى. بىز، ئۇ چاغلاردا قانداقمۇ يىراقنى ئويلىيالايتتۇق!

شۇنىڭ بىلەن بىزنى ئۆگۈنۈش قوشۇنىغا ئۆزگەرتتى. يولداش راۋزېجيەن قوشۇنىمىزغا باشلىق بولدى. سىياسىي كومىسسارلىقتا يولداش راۋزىلياڭ، باش ياچېيكا سېكرېتارلىقىغا يولداش يۈيشىنخۇا تەيىنلەندى، قوشۇنىمىز 3 دادۈيگە بۆلۈندى. 1-دادۈي ماشىنا ھايداشنى ئۆگەنمەكچى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر پەي ئادەم بىرونىۋىك (جۇاڭجياچې) ۋە تانكا ھايداشنى ئۆگەنمەكچى بولدى؛ 2-دادۈيدە تولىسى مېيىپ، قېرى ۋە يېشى كىچىك يولداشلار بولغاچقا ئۇلار مەدەنىيەت ئۆگەنمەكچى بولدى؛ 3-دادۈي زەمبىرەك ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بولدى. پارتىيە يەنە، ھاۋا ئارمىيىسىنى ئۆگىنىشكە يەنئەندىن ئون نەچچە نەپەر يولداشنى ئېۋەتتى. بۇلارغا قوشۇنىمىزدىن بىر تۈركۈم يولداشلارنىمۇ تاللاپ قوشتى. بۇ يولداشلار شىڭ شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرىغا جايلاشتى.

بۇ چاغدا قوشۇنىمىزنىڭ سىياسىي كومىسسارى، جۇنجاڭ يەنە بىزى يولداشلار يەنئەنگە كەتكەن ئىدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى يولداش چېن يۈننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق پارتىيە ۋەكىلى قىلىپ ئېۋەتتى ھەم بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا رەھبەرلىك قىلدى. كېيىن پارتىيە يەنە يولداش دېڭفانى رەھبەر قىلىپ ئېۋەتتى. ئەڭ ئاخىردا بىزگە يولداش چېڭ تەنچيۇ رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىسمى شۈيجې ئىدى. يولداشلار «شۈي ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى. يولداش ۋاڭ شىرېن بىزگە دۈيجاڭ، يولداش لۈفۇگۈي سىياسىي كومىسسارىمىز ئىدى. قوشۇنىمىز قۇرۇلۇپلا ئۇرۇمچى شياۋدۇڭمېن (شەرقىي دەرۋازا) سىرتىدىكى شىڭ شىسەينىڭ لاگېرىغا جايلاشتى. لاگېرنىڭ ئالدى تەرىپى ئاپپاق قار چاقناپ تۇرىدىغان تىيانشان تاغلىرىغا قاراپ تۇراتتى. گازارمىنىڭ كەينى سېپىلغا تۇتىشاتتى. غەربىي تەرىپىدە شىڭ شىسەينىڭ مىخانىكىلاشقان قىسىمىغا تام خوشنا ئىدى. شەرقىي تەرەپتىكى يامزالغا قاراپ تۇرغان ئېشىكنىڭ قارشىسىدا شىڭ شىسەينىڭ پەۋقۇلئاددە ئىشلار پولكى، ئۇنىڭدىن ئۆتسە ھەربىي مەكتەپ ئىدى. شىڭ شىسەي بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئۇچرىشىشىمىزدىن قورقۇپ بىزنى قىزىل ئارمىيە ۋە 8-ئارمىيە توغرۇلۇق تاشقىرىدا سۆز قىلىشىمىزنى چەكلەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويدى. سىرتقا نىسپەتەن بىزنى «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دەپ تونۇشتۇردى. ھەممە بىزگە ئۆز ئەسكەرىي كىيىمىنى كەيدۈرۈپ، ئۆز بەلگۈسىنى تاقاپ قويدى.

مېنىڭ ئېسىمدە ئۈچ تۇرۇپتۇ: شۇ چاغدا يولداشلار، شىڭ شىسەي بىزنىڭ كىيىم ۋە شەپكىلىرىمىزنى يۆتكەپ ئۆز كىيىملىرىنى كەيدۈرگىنىدەك دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بۇرۇندىن كىيىپ كېلىۋاتقان كۆلرەڭ ھەربىي كىيىمنى ۋە بەش بۇرجەكلىك ھەربىي شەپكىنى تاشلاشقا ھېچكىم رازى بولمىدى. كۆپچىلىك بۇ خىل ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا كونەلمەي دەرھال خېي-

شۇنىڭغا قارىتىپ بىردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى، قۇربان بولغان يولداشلار ئۈچۈن قىساس ئېلىشنى، يەنئەنىدىكى يولداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئويلايتتى. شىنجاڭدەك يىراق يەردە شىڭ شىسەينىڭ ھەربىي كىيىمىنى كىيىشنى ھېچكىم خالىمايتتى! پارتىيە بىزنى قايىل قىلىپ، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى قۇرۇلۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. مىلتىق بىلەن تىرىدىقا تايىنىپ ئۇرۇش قىلالماسلىقىمىز لازىم. مەملىكىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جاھانگىرلارغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ زامانىۋىلاشقان، دېڭىز، ھاۋا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ بولۇشى، شۇنىڭدەك پەۋقۇلئاددە ماشىنىلاشقان قىسىملارنىڭ بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۈردى. يولداش چېنيۈن ۋە باشقا رەھبەرلەر، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يەنئەندىن ئەۋەتكەن تېلېگرامما-يوليورۇقلىرىنى بىزگە داۋاملىق ئوقۇپ بېرەتتى، بولۇپمۇ ماۋجۇشىنىڭ بىزگە بەرگەن «ئىنتىزامغا رايە قىلىپ، خاتىرجەم ئۆگىنىڭلار» دېگەن تەلىمى خاتىرجەم ئۆگىنىش، قىلىپ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىزغا ئەنگۈشتەر بولغان ئىدى.

كۆلۈڭ كىيىملىرىمىزنى كۆزىمىزنى قىيمىغان ھالدا سېلىپ، ھەربىي شەپكىمىزدىكى قىزىل بەشيۇلتۇزنى ئېلىپ، ئىچ كىيىملىرىمىزنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدۇق. شۇنداق قىلىپ ئىنتايىن مەيۈسلەنگەن بولساقمۇ، يېڭىلا تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆگىنىشىمىزنى باشلىدۇق. ئالدىنقى سەپتىكى



يولداشلارمۇ كۆپلىگەن ھال سوراش خەتلىرىنى يېزىپ، بىزنىڭ ياخشى ئۆگىنىپ، دۈشمەن تانكىسى ۋە بىرونىۋىك ماشىنىلىرى ئاستىدا قۇربان بولغان سەپداشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلدى. بىز پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە سەپداشلىرىمىزنىڭ ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، غەزەپ ئوتلىرىمىزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇردۇق. كۆپچىلىك بىردەك: پارتىيە ئۈچۈن بىز چوقۇم قېتىرقىنىپ تىرىشىپ دۈشمەننى يوقۇتۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم دەپ ئىپادە بىلدۈردۇق، مەدەنىيەت ئۆگىنىشىمىز رەسمىي باشلاندى. پارتىيە يەنئەندىن مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى ئەۋەتىپ بەردى. بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا تېخىمۇ قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن تىل، ھېساپ ئۆگىنىشتىن ئاشقىرى ياپون تىلىنىمۇ ئۆگەندۇق. قىزىل 30-ئارمىيىدىكى يولداشلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئاز ساندىكى يولداشلار ئۆز يېزىلىرىدا بىر نەچچە كۈنلا ئوقۇغان ئىكەن، تولىسى ساۋاتسىز ئىدى. يەنئەندىن كەلگەن ئون نەچچە نەپەر ئەر-ئايال ئوقۇتقۇچىلار، خۇددى كىچىك بالىلارنى ئوقۇتقاندەك بىزنىمۇ ئىپتىداسىدىن باشلاپ ئوقۇتتى. بىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەت تونۇيدىغان بولدۇق. يەنئەندىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. ئۇلار تاملارغا، دەرەخلەرگە، مەيدانلارغا، ياتاقخانىلارغا، ھەتتا ھاجەتخانىلارغا ئىشقىلىپ بىز ھەركەتلىنىدىغان ھەممە جايلارغا خەت تونۇش تاختايلىرى ئورناتتى. پىلىموت قويىدىغان ئورۇنغا پىلىموت دېگەن خەتنى يازدى. تامغا تانكا دېگەن خەتنى يېزىپ ئاستىغا تانكىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قويدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئور-

نىمىزدىن تۇرغاندىن ئارتىپ ئاخشىمى ياتقىچە ھەممىلا يەردە خەنزۇچە خەت ۋە ياپون يېزىقىنى تونۇش تاختايلىرىنى ئۇچرىتاتتۇق. كازارما ئىچىدە خەت ئوقۇۋاتقان ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كوپچۇلۇك يول ماڭغاندىمۇ توت ئەتراپقا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ ئوتەتتى.

رەھبەرلىك، كەچتە دەم ئېلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كىتاپ ئوقۇشنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن كوپلىگەن يولداشلار ئۇخلاش ۋاختىدا خاتىرە دەپتەرلىرىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، باشقا يولداشلار ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئېلىكتىر چىراقنى يېقىۋېلىپ ئۇيقۇسى كەلگەنگە قەدەر ئوقۇيتتى. لېكىن دائىم رەھبەرلەر ياتاق تەكشۇرۇپ كىرگەندە، ئۇلارنىڭ يوتقان ئىچىدە ئوگىنىش قىلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، تەنقىت قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئەمما يولداشلارنىڭ مۇنداق ئوگىنىش روھىدىن تەسىرلىنىپ ئاستا بېرىپ قول چىراقلىرىنى (پىروژىكتېر) ئوچۇرۇپ، يوتقانلىرىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.

مەدەنىيەت ئوگىنىش شۇ قەدەر جىددى بولسىمۇ، لېكىن سىياسى ئوگىنىشنىمۇ ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىدۇق، شۇنداق ئالدىراش جىددى كۇنلەردە جاڭگوتاۋ جىنخۇيجۇ يىلىدىق لۇشيەنىگە قارشى ئوگىنىشنى قانات يايدۇرۇۋەتتۇق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى ئېڭى ئوستى. كوپچۇلۇك قانلىق ساۋاقلارنى ئەسلەش ئارقىلىق مەركىزى پارتىيە كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۇشىنىۋالدى. كوپچۇلۇكنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، يىراقنى كورەلەيدىغان بولدى. بۇ قېتىمقى ئوگىنىشنىڭ مۇھىم



ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇۋالدى.

1938-يىلىنىڭ باشلىرىدا مۇنتىزىم تېخنىكا ئوگىنىشنى باشلىۋەتتۇق. ئاندىن ھايداشنىڭ بىرىنچى ئوتكىلى ماشىنا ھايداشنى ئوگىنىش ئىدى. شىڭشىسەي قىسىملىرىنىڭ ھەربى ئەمەلدارلىرى ماشىنا ھايداشنى ئوگەتتى. بۇ ئەبلەخلەر ئوزلىرىگە تەمەننا قىلىپ ئاجايىپ كورەڭلەپ، باۋشۇلۇق(كونسىرۋاتىپلىق) قىلاتتى. تېخنىكىسىنى قارشى تەرەپكە ئوگىتىپ قويسا، قارشى تەرەپ گويا ئۇلارنىڭ ئالتۇن تاۋىقىنى تارتىۋالىدىغاندەك قىزغانچۇقلۇق قىلاتتى. ياخشى كوڭلۇك بىلەن ئۇلاردىن ئوگەنمەكچى بولساق، ئۇلار پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئاغزىنى ئېچىشقىمۇ ئېرىنىپ: «ھە، بۇنى دەمسەن، ئاستا-ئاستا كورۇپ، ئوگىنەمسىلە......» دەپ ئوگىتىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بىز قوشۇن ئىشخانىسىنىڭ يولىيورۇقىغا ئەمەل قىلىپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇق. تۇرمۇش ياردەم پۇلىمىزنى ئالغاندىن كېيىن، ئوزىمىزگە كېرەكلىك ئوگىنىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، تاماكا چېكىدىغانلار تاماكا ئېلىشقىمۇ كوزى قىيماي، پۇل يىغىش قىلىپ ئۇلارغا سوغا تەغدىم قىلاتتۇق. بۇنداق چىرىكلەشكەن ھەربى قوشۇن ئىچىدە سوغات بېرىش ئالاھىدە ئونۇملۇك دورا ئىدى. بەزى مەسىلىلەرنى ئازراق سوغا بېرىش ئارقىلىق تېز ھەل قىلغىلى بولاتتى. لېكىن بەزەن ۋاقىتلاردا ئۇلار بىزنى قەستەن قىينايتتى. بانا سەۋەپلەرنى تېپىپ: «ھاۋا ياخشى ئەمەس، ماشىنىغا ياغ يوق» دەپ ئاران دېگەندە ئىككى ماشىنا چىقىراتتى. تەربىيىلىگۇچىلەر ئاغزىغا تاماكۇنى قىڭغىر چىشلەپ، ئىككى پۇتىنى ئالماپ، كا-

جەنكادا ئولتۇرۇپ بىزنى ماي جالاشقا، سۇ قويۇشقا، تەكشۈ-
رۈشكە، ئوت ئالدۇرۇشقا بۇيرۇپ، خېلى ئۇزۇن ئاۋارە قىل-
غاندىن كېيىن، ماشىنىنى ئازراق ھەيدىتىپلا قايتۇرۇپ كىلەت-
تى. بىز ئاچچىقىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ تىت - تىت بولاتتۇق.

مېنىڭ خىيالىمچە بولغاندا، بۇ ئەبلەخلەردىن بىر قانچى-
سىنى ئۇرۇۋاتقىم كېلەتتى. لېكىن بولمايدۇ-دە، بۈگۈنكى كۈن-
دە بىز ئۇلارنىڭ قولىغا قالدۇق. قوساق كۆپۈكىنى تاتماي
ئامال يوق. يولداشلارنىڭمۇ قوسىقى كۆپۈپ يېرىلىپ
كېتەي دەپ قالغان ئىدى. كۆڭلىمىزدە قاچان-ۇ ئۆزىمىزنىڭ
ماشىنىلىرى ۋە تانكىلىرى بولار، ئۇ ۋاقىتتا، ئىچىدىن چۈش-
مەي 3 كېچە-كۈندۈز ھەيداپ كۆرسەك دەپ ئويلايتتۇق. قىيىن-
چىلىق قانچە كۆپ بولسا، ئۈگىنىش ئىرادىمىز شۇنچە كۈچىي-
يەتتى. مەيلى قانداق قىلىپ بولسۇن، بارلىق ئاماللارنى
قىلىپ تېخنىكىنى ئۈگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئىنقىلاپ ئىشلىرى
ئۈچۈن، قانداقلا قوساق كۆپۈكى بولسىمۇ تارتىشقا، ھەرقانداق
قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە رازى بولدۇق.

كونا ھەربىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ۋەھ-
شى ئىدى. ئۇلار بىزنى: «دۆت»، «سەرالىق كالۋالار»، «ئەبلەخ-
خومپەرلەر» دەپ تىللايتتى. بەزىلىرى قول تەككۈزۈپمۇ قوياتـ
تى. بىز پارتىيىنىڭ: «ئىنتىزامغا رايە قىلىپ ماھارەتنى ياخ-
شى ئۈگىنىۋېلىش» يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، چىشىمىزنى
چىشلەپ چىداپ ئۈگەندۇق، ئامال بار ئۇلار بىلەن توقۇنۇش
پەيدا قىلمىدۇق. بىر قېتىم مېنى، مايىنى
تەكشى بەرمىدىڭ دەپ، پۇتۇمغا بىرمۇش سال-
دى. ئاچچىقىمدا، پۇتلۇرۇم تېخىمۇ كالۋالىشىپ كەتتى. مەن



بىشىمنى پەس قىلىپ ماي تەپكىسىنى تېپىۋاتسام بېشىمغا يەنە
بىر مۇش ئۇردى. ئاچچىقىم راستىنلا كەلگەن بولسىمۇ، پار-
تىيىنىڭ ئومىدىنى ۋە ئۈگىنىش ئىنتىزامىنى ئويلاپ ئۆزەمنى
بېسىپ ھايداشنى داۋاملاشتۇردۇم.

بىزنىڭمۇ ئەڭ خۇشال بولىدىغان ۋاقتىلىرىمىز كەلدى.
بىز ئۇزۇن يولغا چىقىماقچى بولدۇق، ماشىنىنى ئۈرۈمچىدىن
شىخوغا قاراپ ھايدىدۇق. ياكى داۋانچىڭدىكى ئىگىز تاغلارنى
بېسىپ ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىغا
قاراپ ھايدىدۇق. بېرىپ كېلىشىمىزگە بىر قانچە كۈن كەتتى.
ھەر بىرىمىز ماشىنىنى بىر قانچە سائەتلەپ ھايداشقا توغرى
كەلدى. 9-ئايدا تۇرپاننىڭ ئۈزۈملىرى پىشقان، ھەر بىر كەنت-
تىكى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىدىكى ئۈزۈم با-
راڭلىرى قاپقارا سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. كىشمىش ئۈزۈملەر
باراڭلاردا خۇددى مەرۋايىتتەك ساڭگىلاپ تۇراتتى.
يول ئۈستىدە ئىسسىققا چىداپ بولمايتتى. ھېلقى ئو-
قۇتقۇچىلار مۇنداق ئىسسىق ھاۋاغا قانداقمۇ چىدىسۇن! ئۇلار
بىر-بىرلەپ ماشىنىنى يول ياقىسىغا تاشلاپ،
ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى،
ئۈزۈم يەپ تويغاندىن كېيىن كارىز ئىچىگە
چۈشۈپ سورۇندە سوزۇلۇپ ئۇخلايتتى. بۇ چاغدا بۇ ئەبلەخ-
لەرنىڭ يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ ماشىنىنى پىخادىن چىق-
قىچە يېرىم كۈن ھايدىۋالاتتۇق. تۇرپان 9-ئايدا ھەقىقەتەن-
مۇ ئىسسىق ئىدى. كىشىلەر توخۇم ۋە قاتلىمىنى تاش
ئۈستىدە پىشىدۇ دەيدىكەن، ھەقىقەتەنمۇ ھاۋا ئوتتەك ئىس-
سىق. چۆللەردە ھاۋا يالقۇنلۇنۇپ كورۇنەتتى. بىز ماشىنا

ھايداشقا بېرىلىپ بىر ئازمۇ ئىسسىق ھېس قىلمايتتۇق. ئەكسىچە ئىچىمىز سەگىدەپ سالقىنلىغاندەك تۇيۇلاتتى. پۇت-قوللىرىمىز چىۋەرلىشىپ مېڭىمىزمۇ سەگەكلىشىپ قالاتتى.

ماشىنا ھايداشنى ئىگەللەپ بولۇپلا تانكا ھايداشنى ئۆگەندۇق. بۇ يەردىكى تانكىلار 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن قېپقالغان بىر نەچچە كونا تانكىلاردىن ئىبارەت ئىدى. قوراللار 3 قەۋەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېرىم كۈندە ئاران ئوت ئالاتتى. شىڭ شىسەينىڭ 200 كىشىلىك مىخانىكلاشقان قىسمىدا يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى ئىككى خىل بىرونىۋىكلىرى بار ئىدى. يېنىك تىپتىكى بىرونىۋىكلاردا ئىككى تال „دېكتالىۋوي" پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ ئېغىر تىپتىكى بىرونىۋىكلارغا 75 سانتىمېتىرلىق بىر زەمبىرەك ئارتۇق ئورنىتۇلغان ئىدى. بۇ ئورۇن شۇ چاغدىكى «تانكا مەكتىۋى» ئىدى. بىزنىڭ 4-پەيىنى يېنىك پىلىموت، ۋە كىچىك زەمبىرەك ئورنىتۇلغان بىرونىۋىك ماشىنىنى ئۆگىنىشكە ئايرىدى. باشقا يولداشلارنىڭ بىزگە ھەۋىسى كېلىپ، ئۆگىنىشتىن قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى كورسىلا-چاقچاق قىلىپ: „قاراڭلار!... قىزىل ئارمىيىنىڭ مىخانىكلاشقان دىۋىزىيىسى يېتىپ كەلدى!" دەپ توۋلىشاتتى.

بىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەبىئىي، كۆڭلىمىزدە خوش بولاتتۇق. لېكىن بەزەن چاغلاردا ئەگەر ياخشى ئۆگىنەلمىسەك، يولداشلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغانلىقىمىزنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ دەككە-دۈككە بولاتتۇق.

بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلار، ماشىنا قىسمىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ ئەكسىيەتچى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىگە گومىنداڭ



ئىشپىيونلىرىمۇ كىرىۋالغان ئىدى. دەرس ئۆتكەندە بەزەن قۇرۇلمىلارنى ئاجرىتىش، بىرلەشتۈرۈش، شۇنىڭدەك رېمونت قىلىش تېخنىكىلىرىنى ھەرگىزمۇ ياخشى سۆزلەپ بەرمەيتتى. دەرس سۆزلىگەندە باشقىچە ئاھاڭدا سۆزلەپ، بىزنى چۈشەنمىسۇن دەپ، بېشىمىزنى قەستەن گاڭگىرىتىۋېتەتتى. چۈشەنمىسەك سوراشقا يول قويۇلمايتتى، ئىشپىيونلار دەرس ئۆتۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەھۋالنى ئوخماقچى بولىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، يەنە دۈشمەننىڭ سۇيىقەستلىرىگە ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشقا توغرى كەلدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى، بىزنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئۈندەيتتى. بىزمۇ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىدۇق. ئوقۇتقۇچىلار ياخشى سۆزلەپ بەرمىسىمۇ، ئوزىمىز قېتىقىنىپ ئۆگىنىپ، يولداشلار ئارا ياردەملىشىپ ھوددىگە ئېلىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشكە كاپالەتلىك قىلدۇق. دەرس ۋاقتىدا دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ، خاتىرە دەپتەرلىرىمىزگە مەزمۇنلارنى ئىمكانقەدەر كونكرېتراق يېزىۋالدۇق. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا بىر يەرگە توپلىنىپ خاتىرىلەرنى ئوز-ئارا سېلىشتۇرۇپ تولۇقلىدۇق. سەن بىر مەزمۇننى، يەنە بىرسى يەنە بىر مەزمۇننى خاتىرلىگەن بولسا، ھەممىنى بىرلەشتۈرگەندە تولۇق بولۇپ چىقاتتى. بىز ھەر قېتىملىق دەرس ئۈستىدە ئازراق تەلەپ قويساق، ئوقۇتقۇچى بىزگە كوزىنى چوڭ-چوڭ قىلىپ „ئومىلەشنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇچۇشنى ئويلاۋاتامسىلەر!" دەيتتى.

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان جەڭچىلەرنى

ھەر قانداق قىيىنچىلىق توساپ قالالمايتتى. ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى تاماقمۇ يېمەي، ئاراممۇ ئالماي چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشاتتۇق. قاچان چۈشەنچە ھاسىل قىلساق ئاندىن بولدى قىلاتتۇق.

يەكشەنبىنى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. ھېلىقى ئوقۇتقۇچىلار ۋە شىنىڭ شەھىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا بازارغا ھاراق ئىچىپ تاماشا قىلغىلى چىقىپ كېتەتتى. بىزگە بۇ كۈن ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى ئىدى. ئەتىگەن تۇرۇپلا يولداشلار 5-3 تىن توپلىشىپ، خاتىرىلىرىنى ئېلىۋېلىپ مۇزاكىرە قىلىشاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ئىشىمىزنى ئوقۇتقۇچىمىز كۆرۈپ قېلىپ قانداقتۇر مەكتەپ تۈزۈمىگە رايە قىلمىدى دەپ بىزنى جازالىماقچى بولدى. دېمەك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش قىلىشىمىز كونا ھەربىي قىسىملىرىدا بىر جىنايەت بولۇپ ھېسابلاندى.

بىز ئۆگىنىش ئۈستىدىكى ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ قاتمۇ-قات قىيىن ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئارزۇ قىلغان „پىراكتىكا باسقۇچى“غا يېتىپ كەلدۇق. چۈنكى بۇ يولداشلارنىڭ قانچە كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي جاپالىق ئەمگەك قىلىش بەدىلىگە كەلگەن بىر نەتىجە ئىدى.

پىراكتىكا قىلىدىغان كۈنى، كۆپچىلىك خوشاللىقتىن سەكرىشىپ كەتتۇق. چۈنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن برونىۋىك ماشىنىنى ئۆز قولىمىز بىلەن ھايداپ كۆرەتتۇق. ئەپسۇسكى ئوقۇتقۇچىلار يەنە ھىلە-مىكىر



ئىشلىتىپ ماشىنىنىڭ ئىشىگىدىن كىرىپ-چىقىشنى بىر ھەپتە ئۆگەتمەكچى بولدى. بىزدەك پادا بېقىشتىن كېلىپ چىققان كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى پارتىيە تەربىيىلەپ ئۆستۈردى، مەدەنىيەت ئۆگەندۇق، يەنە كېلىپ بۈگۈنكى كۈندە تانكا ھايداشنىمۇ ئۆگىنىۋالدۇق، ئارمىيىمىزنىڭ 1-قېتىملىق ماشىنىلاشقان قىسىملىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردۇق. بۇ نېمە دېگەن شەرەپلىك ۋەزىپە! پارتىيە بىزگە مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ ئىشەنچ ۋە شان-شەرەپ، بۇنىڭدىن كىممۇ نەسىرلەنمىسۇن! پۇرسەت بولسىلا ماشىنىنى كۆپرەك ھايداشنى كىم خالىمىسۇن؟ ماشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ نەچچە قېتىم كۆرۈۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خوشاللىقتە!

ئاخىرقى تېخنىكىنى ئۆگىنىشتە كىشىنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈردى ھەم كۈلكۈلۈك بولدى. ئوقۇتقۇچى ئۆزىنى يېڭەلمەس تانكا قىسىملىرىنىڭ قوماندانى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، دەرس ئۆتكەندە بىزگە، شىنىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا باشقا بىر جۇڭغا بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ماختاپ، قوغلاپ زەربە بەرگەندە بىر قولى بىلەن ماشىنىنى ھايداپ، يەنە بىر قولى بىلەن پىلىموت ئاتقانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ قاش-كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قاقاخلاپ كۈلەتتى. 10-بەندىنىڭ ئورۇنباسار بەنجاڭى ناھايىتى ياۋاش ئادەم ئىدى. ئوقۇتقۇچىغا سوئال قويۇپ: برونىۋىك ماشىنا زەمبىرەككە دۇچ كېلىپ قالسا

قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىدى.

ئوقۇتقۇچى: «ئاقسۇدا زەمبىرەك يوق!» دېدىيۇ لېكىن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. بەنجاڭ يەنە: «ياپون باسقۇنچىلىرىدا زەمبىرەك بارمۇ!» -دېدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قىزىرىپ خاپا بولغان ھالدا: «مەن ياپوننى سۆزلەۋاتقىنىم يوق!» دېدى. بەنجاڭ يەنە: «ياپونلار بىلەن ئۇرۇشمىساق تانكا ھايداشنى ئۆگىنىپ جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇشامدۇق؟» دېدى. ئوقۇتقۇچى «ئاغزىڭنى يۇم!» دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بېسىلىپ قالدۇق.

1939-يىلى 6-ئايدا ئۆگىنىشنى تۈگىتىپ، يېڭى تىپتىكى تانكا ھايداشنى ئۆگىنىشكە تەييارلاندۇق. ئۇزاق ۋاقىت كۈتكەن بولساقمۇ يېڭى تىپتىكى تانكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرەلمىدۇق. قوشۇنىمىزنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋاقىتنى قەستەن كەينىگە سوزۇپ بىز بىلەن قېرىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى شەھەرنىڭ غەربىدە 20 نەچچە يول كېلىدىغان جايغا بېرىپ لاگېر مەشغۇلاتى ئۆتكۈزۈشكە تەشكىللىدى. بۇ ۋاقىتتا پارتىيە مەركىزى كومىتېتىدىن جۇئېنلەي فۇجۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە بىز تۇرغان لاگېرغا ئاتايىن كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. يولداش جۇئېنلەي بىزگە ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈردى. شۇنىڭدەك يەنە: سىلەر ياخشى ئۆگىنىۋېلىڭلار. بىز بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتۇق. ھازىرقى ئاساسىمىزنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماڭلار! بىزمۇ ناھايىتى چاپسانلا ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە قوشۇنلىرىمىزنى قۇرۇپ چىقىمىز!-دېدى. پارتىيىنىڭ غەم-



خورلىقىدىن بىز چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلدۇق. ھەم زور ئىلھاملاندۇق. دەرۋەقە بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە قوشۇنلىرىمىزنىڭ بالدۇرراق قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئۆگىنىش مەزگىللىرىدە يولداش دېڭ فا بىلەن يولداش چېڭ تەنچيۇ، ماۋجۇشىنىڭ يەنئەندىن ئەۋەتكەن خەتلىرىنى كۆپ قېتىم ئوقۇپ، بەرگەن تەلىملىرى زور ئىلھام بولدى. يەنئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن يولداشلار ھامان بىزگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن خەۋەرلىرىنى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى دوستلارنىڭ سالاملىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. بىز بۇ خەۋەرلەردىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولاتتۇق. تېخنىكىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ئىلھام بولاتتى. يولداشلارنىڭ ئوقۇشتا ئالغا باسقانلىقىغا ئەكسىيەتچى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەيران بولاتتى. بىز ماشىنا ۋە بىرونىۋىك ماشىنىنى ئىشلىتىشنى ئىگەللەپلا قالماستىن بەلكى قارىغا ئېتىش، جەڭلىك قوماندانلىق قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى ئۆگەندۇق. 8-ئايدا بىز لاگېر مەشغۇلاتىدىن قايتىپ كەلدۇق. شىڭ شىسەي بىزگە يېڭى تىپتىكى تانكا تېخنىكىسىنى يەنىلا ئۆگەتمىدى. بۇ چاغدا زور تۈركۈمدىكى ئىشپىيونلارنى مەكتەپ ئېچىش، زاۋۇت قۇرۇش نامى بىلەن شىنجاڭغا كەينى-كەينىدىن كىرگۈزگەن ئىدى. 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يولداش چېڭ تەنچيۇ بىزگە نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە شىڭ شىسەينىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىپ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى يولداشلارنى يەنئەنگە قايتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئاز سانلىق يولداشلار بۇ يەردە قالدۇرۇلۇپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرغاندىن تاشقىرى،

قىسمىدىكى رەھبەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ 300 دىن ئارتۇق
ئادەم 20 دانە ماشىنا بىلەن ئىچكىرىگە قايتتۇق. بۇ چاغدا
گومىنداڭ كورۇ نۇشتە بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاس-
تىرىتتىن ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىز-
گە قارشى تۇرۇپ، ھەممىلا يەردە سۈركۈلۈش پەيدا قىلىپ
تۇراتتى. بىز خېيشى كارىدورىنىڭ شەندەن دىگەن جايىغا
يەتكەندە ما بۇفاڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرى-
دۇق. بۇ قېتىم دۈشمەننى كورۇپ كوزلىرىمىز قىزىرىپ قال-
غان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش، ئالدىنقى قېتىمدا چىلەن-
شەن تاغلىرىدا ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدىكىدەك ئەمەس ئىدى،
لېكىن بىز يەنىلا ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇشنى مۇھىم كورۇپ باندىتلارغا قايتا-قايتا ئوق
چىقارماڭلار دەپ خىتاب قىلدۇق. لېكىن ئۇلار بارغانسېرى
غالجىرلاشتى. نەچچە ئونلىغان باندىتلار ئات چاپتۇرۇپ قې-
لىچلىرىنى يالىڭاچلاپ پاقىرىتىپ باستۇرۇپ كېلەتتى، بىز-
نىڭمۇ تاقەت قىلغۇدەك يېرىمىز قالمىدى. مەن پىلىموتنى
ئۇلارغا توغرىلاپ بىر دىسكا ئوق چىقاردىم. باندىتلاردىن
بەزەنلىرى يىقىلدى. قالغانلىرى قىيا-چىيا چۇقان سېلىپ
يەنە باستۇرۇپ كېلەتتى. مەنمۇ داۋاملىق ئوققا تۇتۇپ بىر
تەرەپتىن قۇربان بولغان سەپداشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا
بەل باغلىدىم. بىز بالدۇرراق بىرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، باندىتلارغا ئەجەللىك زەربە بىرىپ
ئۇلارنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلۇپ داۋاملىق ئىلگىرلىدۇق.
ماشىنىلىرىمىز ئازات رايونلارنىڭ چېگىرىسىغا يېتىپ



ئۆز يېرىمىزگە كىرگەندە بىزنىڭ مۈرىمىزدىكى ئېغىر يۈك
ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلىشىپ قالدۇق. شەنشى، نىڭشا
گەنسۇ چېگرا رايونلىرىنىڭ ئېتىز-ئېرىقلىرىغا، تاغ-دەريالى-
رىغا قاراپ، تويۇنماستىن چوڭ-چوڭ نەپەس ئالدۇق. يول
ئۈستىدىكى قېرىنداشلار بىزگە قول ئىشارەتلىرى قىلاتتى.
ئېيتقان ناخشىلىرى بەكمۇ تەسىرلىك ئاڭلىناتتى. بۇ يەر-
لەردىكى ھەر بىر تۈپ دەرەخ، ھەر بىر خۇش چىراپلار،
بىزگە شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە ئەركىن تۇيۇلاتتى، بىز يە-
نە پارتىيىمىزنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدۇق.

مەن يېڭى ھەربى كىيىمنى كەيدىم. ھەممىمىزنىڭ
گۆلقەقەلىرىمىز ئېچىلىپ ئاجايىپ جەسۇر قامەتلىك بولۇپ
قالغاندەك ھىس قىلدۇق. يەنئەندىكى نەچچە مىڭلىغان خەلق
شەھەرنىڭ بىر قانچە يول ئۇزۇنلىقتىكى كوچىلارنىڭ ئىك-
كى قاسنىغىدا بىزنى قارشى ئالدى. يۇرتداشلار داقا-دۇمباق
چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ھەتتا چاچلىرى ئاقىرىپ قالغان
مومايلارمۇ كىچىك بايراقلارنى كوتۈرۈپ شۇئار توۋلايتتى.
بۇ مەنزىرىنىڭ بىزگە بەرگەن تەسىراتلىرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ
قالالمايمىز.

يەنئەندىكى قىسىملار ۋە سەپداشلار رەڭدار بايراقلارنى
ئېگىز كوتۈرۈپ، كانەي چېلىپ، قارشى ئالدى. بىزنى كو-
رۈپلا: «ئۆزىمىزنىڭ مىخانىكلاشقان ئالاھىدە قىسىملىرىمىزنى
قارشى ئالىمىز» دەپ توۋلىشاتتى. بۇ ئارىدا قىستا-قىستاڭ-
لار ئىچىدىن ماۋجۇشى چىقىپ كەلدى. كوز ئالدىمىز قىپ-
قىزىل گىلەم بولۇپ كەتكەندەك كورۇندى. مەن ھايا-
جانلىنىپ كوزۇمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. گويا كوڭ-
لۈمدە ئېيتماقچى بولغان نۇرغۇن سوزلۇرۇم بولسىمۇ، لېكىن

سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. مەن ھاڭۋې-قىپلا تۇرۇپ قاپتىمەن. خەلق ئارىسىدا بىردىنلا: «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دېگەن شۇئارلار كۆتۈرۈلدى. مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ شۇئار توۋلىدىم. مەن ھېچقاچان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بىر بەخت ئىچىگە چۆمۈلگەنلىگىمنى چۈشەندىم. قارشى ئېلىش يىغىنىدا ماۋجۇشى: ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە سۆز قىلدى. قانداق قىلغاندا دۈشمەننىڭ ئارقا سەپىدە پارتىزانلىق تۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ھەم نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋجۇشى يەنە: «چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە قوشۇنلىرىمىزنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ھازىر قۇرال-ياراقنىڭ يوقلىغىنىلا كۆزدە تۇتماسلىغىمىز كېرەك. ئادەم بىرىنچى ئامىل، بىزدە ئادەم بولىدىكەن ھەممىگە ئامالىمىز بار» دېدى. جۇشى بىزگە، كەمتەر بولۇش، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا تەلىم بەردى. ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش، ئۆزلۈكسىز ئالغا بېسىشىمىزغا رىغبەتلەندۈردى. جۇشىنىڭ سۆزلىرى ھەم يېقىملىق ھەم جۇشقۇنلۇق ئىدى. بۇ سۆزلەر نېمىدېگەن چوڭ ئارزۇ-ئۈمىت ۋە زور ئىلھام-ھە! جۇشىنىڭ ھەر بىر سۆزى قەلبىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھاياتىمىزدا ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ بىز غەربىي شىمالىي چېگرا رايونىدىكى ئۆگىنىش ۋەزىپىمىزنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ ماۋجۇشىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، يەنئەندە چاغانى خۇشال ئۆتكۈزدۇق. ئاندىن قۇرال-ياراق شىنگىلىرىمىزنى ئېلىپ تولۇپ تاشقان غەلىبە ئىشەنچىمىز بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.



# جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى

1935 - يىل: يولداش تەڭدەيۈەن، پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ يولىيورۇغىغا ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەخپىي ھالدا شىنجاڭغا كەلدى. يولداش دېڭ فا بىلەن بەلگىلەنگەن جايدا كۆرۈشمەكچى بولسىمۇ، ئۇچرىشالمىغانلىقتىن دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى. (يولداش دېڭ فا شىنجاڭغا قاچان كەلگەنلىگى ئېنىق ئەمەس.)

1936 - يىل قىش: شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسى چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ليۇ جىنجۇڭ، (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى چېن پېيشىڭ) قىزىل 4 - ئارمىيىنىڭ غەرىپكە يۈرۈش قىلغان قىسمى بىلەن ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئاشكارا سالاھىيىتى بىلەن باشقارما نامىدىن شىڭشىڭشىيا ئىش بېجىرىش ئورنىغا، ئۇۋېي، جيۇچۈەن تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، غەرىپكە كېلىۋاتقان قىسىمنى ئىزدەشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ ئالاقە باغلىيالمىدى. كېيىن چېگرا مۇداپىئە باشقارمىسىنىڭ رادىيو ستانسىسى

ئارقىلىق قىزىل 4-تەرەپ ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە يۈر-
گۈچى قىسىملىرى بىلەن ئالاقە باغلىدى.

1936 - يىل كۈز: يولداش چېن يۈن، تېڭ دەييۈەن، فېڭ شۈەن،
يۈي مىڭلار موسكۋادىن شىنجاڭغا كېلىپ، قىزىل
4 - تەرەپ ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلغان
ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. ئۇلار جۇڭگو-
سوۋېت چېگرىسىغا كەلگەندە «شىئەن ۋەقەسى»
يۈز بەرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار چېگرادا 5 ئاي
تۇرۇپ ئاندىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

1937 - يىل 3- 4 ئايلار، قىزىل 4-تەرەپ ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە
يۈرگۈچى قىسىملىرى لى شيەننيەن، چېڭ شىسەي،
گو تيەنمىڭ، لى تيەنخۇەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ
باشچىلىقىدا شىنجاڭغا كېلىپ بىر ئايدىن
كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 400دىن ئارتۇق ئادەم
توپلاپ، ئاپتوموبىل كۈتۈپ تۇردى.

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 1-كۈنى يولداش چېن يۈن، تېڭ دەي-
يۈەنلەر 40 نەچچە ئاپتوموبىل بىلەن شىنجاڭغا
كېلىپ قىزىل 4 - تەرەپ ئارمىيىسىنىڭ غەرپكە يۈ-
رۈش قىلغان قىسىمنى كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى تەب-
رىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 5 - ماي كۈنى
ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭدى.

1937 - يىل: 7 - ماي كۈنى بۇ قىسىمنىڭ 400دىن ئارتۇق
ئادىمى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچى غەربى
باغچا ( شىگۇڭيۈەن ) ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى-
غا جايلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچى شەرقى دەر-



ۋازىسى (دۇڭمېنىڭ) سىرتىدىكى كازارمىغا كۆچۈپ
كەلدى. بۇ ئارمىيىنى سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەس-
كەرلەر باتالىيونى» دەپ ئاتىغان. يولداش چېن-
يۈن ئۆگۈنۈشكە رەھبەرلىك قىلغان ئىدى.

1937 - يىل: «7 - ئىيول» ۋەقەسىدىن كېيىن، يولداش چېن-
يۈن خىزمەت بىلەن يەنئەنگە كەتتى. پارتىيە
مەركىزى كومىتېتى يولداش جۇشياۋجۇنى، 8 -
ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا ئىش بېجىرىش ۋەكىلى دەپ
ئاشكارا نام بىلەن ئەۋەتتى. يولداش چېن يۈن
ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن، يولداش
جۇشياۋجۇ يەنئەنگە قايتتى.

1937 - يىل: 9 - ئاي، يولداش دېڭ فا ( ئۆزگەرتىلگەن
ئىسمى فاڭ لىن ) موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.
يولداش چېن يۈننىڭ ئورنىغا يېڭى ئەسكەرلەر
باتالىيونىغا باتالىيون كوماندىرى بولدى. بۇ قىسىم
ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، باش شتاپ قۇرۇل-
دى. ( بۇ قىسىم شىنجاڭغا كېلىۋاتقاندا ئىشچى-
چىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، يولداش لى جۇرەن
شۇجى بولغان ئىدى ) 4 دادۈيگە ئايرىپ، 1 -
دادۈي: پىيادە ئەسكەرلەر؛ 2 - دادۈي: ئاپتوموبىل
ھايداش ۋە رېمونت قىلىش؛ 3 - دادۈي: تانكا
ۋە برونېۋىك ماشىنا ھايداش؛ 4 - دادۈي: زەم-
بىرەك ئېتىشنى ئۆگەنمەكچى بولغان ئىدى. بۇنىڭ-
دىن باشقا 40 ئادەم ئاۋىياتسىيە (ھاۋا ئارمىيىسى)
رادىستلىق ۋە ھەربى - مال دوختۇرلۇق ئۆگەن-

كەلدى. 1939 - يىلى ئەتىيازدا ئۆلكىلىك مالىيە
نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مالىـ
يىسىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشىپ «3 يىللىق
پىلان» تۈزدى، شىنجاڭ پۇلىنى ئىسلاھ قىلدى
ھەمدە «قۇرۇلۇش زايومى» تارقاتتى. يولـداش
جۇدەنخۇا، يولداش ماۋزېمىن بىلەن بىللە كېلىپ
قىزىل ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر بولدى.

1938 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭـدا ئىشـ
لەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كادىرلار، جـاڭ دۇڭيۈي،
چېڭ جۈفې، جياڭ لىيەنمۇ، لونەيتاڭ، يۈسۈن، بەيـ
دافاڭ، ساۋجىيەنپېي قاتارلىق يولـداشلار بولۇپ
100 دىن ئارتۇق كىشى ئىلگىر - كېيىن 3 تۈر-
كۈمگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا كېلىپ مالىيە - ئىقـ
تىسات، مەدەنىي - مائارىپ ۋە مەمۇرىي ساھەلەردە
ئىشلىدى.

1939 - يىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش چېن تەنـ
چيۇ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى شۈيجې) نى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ شىنجاڭغا
ئەۋەتتى، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېـ
جىرىش ئورنىدىكى يولداش دېڭفانىڭ ئورنىغا
ۋەكىل بولۇپ كەلدى دەپ ئاشكـارا نام بىلەن
كەلگەن ئىدى.

1939 - يىلى، يولداش شىن گۈيەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەـ
تەنگە قايتىشتا شىنجاڭدىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچىدە قالـ
دى. قىزىل ئوتتۇرا مەكتەپتە باشلانغۇچ مەكتەپ



سىستېمىسىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئاياللار
جەمئىيىتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى بولدى.

1939 - يىلى، شىنجاڭدا ئۆلكىلىك 3 - قۇرۇلتاي چاقىرىلـ
غاندا يولداش لىن جىلۇ قۇرۇلتايدا ماۋجۇشىنىڭ
سۆزىنى چۈشۈرۈلگەن ژورنال تارقاتتى. شۇ سەـ
ۋەبتىن شېڭ شىسەي ئۇنىڭغا بىر چوڭ گـۇنـا
يازدى.

1939 - يىل كۈزە يولداش لىن جىلۇ «6 بۈيۈك سىياسەتـ
نىڭ خىزمەت ئىستىلى» سەرلەۋھىلىك مـاقـالا
ئېلان قىلىپ ھەر ساھەنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى
قوزغىدى.

1939 - يىلى 1 - ئاي، شېڭ شىسەي يولـداش لىن جىلۇنى
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
قىلىپ يۆتكىدى. (كېيىن كـۇچـار ناھىيىسىگە
ھاكىم قىلدى) يولداش لى يۈنياڭنى قـەشقەر
ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىـ
لىپ يۆتكىدى. (كېيىن مارالۋېشى ناھىيىسىگە
ھاكىم قىلدى) شۈلياڭ، ساۋ جيەنپېي، خاۋبىڭـ
چىڭ، جياڭ لىيەنمۇ، گاۋدىڭباڭ قاتارلىق يـول -
داشلارنى ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭـدىكى
ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىشلەشكە يۆتكىدى. بۇنىڭـ
غا چىرايلىق ئات قويۇپ، بۇ يولداشلار چەت
جايلارغا بېرىپ شىنجاڭنىڭ ئارقىدا قالغان جە -
مئىيەت ئەھۋالىنى چۈشەنسۇن دېدى.

1939 - يىل يازە لىن جىلۇ، چېن يىگىسۇ، جاڭلىيەنمۇ يولداشـ

لار كۇچاردا پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇردى.

1939 - يىل 4 - ئاي. جاڭ جۇڭشى بىلەن يولداش ماۋدۇن (شېن يەنبىڭ) ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ دارىلـ فۇنۇنىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ھەم ئايرىم ھالدا شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىق ۋە مائاۋىن باشلىقلىقىنى ئۆتىدى.

1939 - يىلى، جاۋدەن، شۇي تاۋ، ۋاڭ ۋېيى، جۇ جىنىڭ قاتارلىق يولـداشلار شىنجاڭغا كېلىپ يۇسۇن، بەيدافاڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ «بىرلەشمە تىياتىر ئۆمىگى» ئۇيۇشتۇردى ۋە مەدەنىيەت كۇرسى ئاچتى. بۇ پائالىيەتلەر شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان ئىدى.

1939 - يىلىنىڭ ئاخىرى، يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتقان يولداشلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم داۋاملىق ئۆگىنىش ئۈچۈن شىنجاڭدا قالدۇرۇلغاندىن باشقا يولداشلار يەنئەنگە قايتتى.

1940 - يىل 5 - ئاي، فىڭ شۈەن، سۇجىن، زىڭ سەن قاتارلىق يولداشلار ئايروپىلان بىلەن يەنئەنگە قايتتى.

1940 - يىلى، يولداش لىن جىلۇ كۇچار ناھىيىسىدە «ئىتتىپاق كۆۋرۈكى» (قەدىمقى كۇسەن كىچىگى)، ئىلغار كۆۋرۈكى، «قاراكۆل كۆۋرۈك»، «چوڭ كۆل كۆۋرۈكى» قاتارلىقلارنى ئارقىمۇ- ئارقا ياساپ قاتناشنى راۋاجلاندۇردى. يەنە سۇ بېشىدا ئۇزۇنلۇقى 1200 مېتىر، ئېگىزلىكى



4 مېتىر كېلىدىغان توسما ياساتتى. بۇنى خەلق لىن جىلۇ توسمىسى دەپ ئاتايدۇ.

1941 يىلى 1 - ئايدا، جاڭ زىيى، مامىڭفاڭ، فاڭ جىچۈەن، چىڭ خۇالۇڭ يولداشلار موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

1941 - يىلى 7 - ئاي، يولداش لىن جىلۇ كۇچاردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. كېيىن يەنە ئۈچتۇرپانغا ھاكىم بولدى.

1941 - يىل 9 - ئاي، ياڭ جىڭخۇا، سۇئانا ۋە دۇيى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، شىڭ شىسەي ئۇلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى، يولداش چىڭ تەنچۇ رۇخسەت قىلمىدى.

1941 - يىل 4 - ئاي، يولداش ماشۇ خوتەن گېزىتخانىسىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت» بېتىگە تەھرىر باشلىقى بولدى. يولداش لىن جىلۇ «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسەنى ئوقۇغاندىن كېيىن» سەرلەۋھىلىك ماقالا ئېلان قىلىپ شىڭ شىسەيگە قارشى كۈرەش باشلىدى. بۇ ماقالا شىڭ شىسەينىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

1942 - يىلى ئەتىياز، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېتلېر موسكۋا، ستالىنگراد شەھەرلىرىنى مۇھاسىرە قىلدى. جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى تىركىشىش باسقۇچىدا تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل قىياپىتى

تەدرىجى ئاشكارىلانغىلى باشلىدى . شۇ يىلى
كۈزدە جياڭ جيېشى، سۇڭمىلىڭ بىلەن ئۇچۇڭ-
شىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شىڭ شىسەي بىلەن
تىل بىرىكتۈردى. شۇ ۋاقىتتا يولداش
ماۋزېمىننىڭ تۇرار جايى شىڭ نىڭ بۇيرۇقى بى-
لەن 7 قېتىم يۆتكەلگەن ئىدى.

1942 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يولداش ماشۇنىڭ ئا-
يالى، يولداش لىدېمى تۇنجى بالىسىنى تۇغۇ-
دىغان چاغدا، يولداش لىن جىلۇنىڭ قەيسەرلىك
بىلەن كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا يولداش چىن-
يىڭسۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ يەڭگۈشكە رۇخ-
سەت ئالدى.

1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باندىت شىڭ شىسەي
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ قولغا
ئېلىشقا باشلىدى. چېڭ تەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن -
جىلۇ، لى يۈنياڭ، لى زۇڭلىن قاتارلىق يولداش-
لار ئىلگىرى - كېيىن قولغا ئېلىندى. باشقا ۋىلا-
يەت ناھىيىلەردە ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ياڭماۋخۇ،
ۋە باخۇلياگدىكى مېھمانخانىلارغا نەزەر - بەنت
قىلىندى. ( ۋاقىت : 1942 - يىل 9 - ئايدىن
1943 - يىل 4 - ئايغىچە) .

1943 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىڭ شىسەي شىنجاڭدا
خىزمەت ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەم-
مىسىنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئايال يولداشلار ۋە



بالىلار غەربى باغچە (شىگۇگيۇەن) نىڭ ئارقى-
سىدىكى ۋاقىتلىق تۈرمىگە نەزەر بەنت قىلىندى.

1943 - يىل 3 - ئاي، يولداش لىن جىلۇ تۈرمىدە، «تۈرمىداش-
لار ناخشىسى» ، «ۋاپادار ئەر ناخشىسى»نى ياز-
دى. ئۇنى يولداش چېن گويىن نوتىغا ئالدى.

1943 - يىلى 7 - ئاي. ماۋزېمىن، چېڭ تەنچۇ ، لىن جىلۇ
يولداشلار 2 - تۈرمىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.
شىڭ شىسەي بۇ ئۈچ نەپەر يولداشنىڭ زىيانكەش-
لىككە ئۇچرىغان چاغدىكى سۈرىتىنى ئېلىپ چۇڭ-
چىڭغا ئەۋەتىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئى-
پادىسى قىلدى.

1943 - يىلى 8 - ئاي، 2 - ۋە 4 - تۈرمىلەردە قامالغان جۇڭ-
گو كوممۇنىستلىرى جاڭ زىيى، مامىڭ فاڭ يول-
داشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە تۇنجى قېتىم ئاچلىق
ئېلان قىلىش كۈرىشى قوزغاپ، ئوچۇق سوراق
قىلىش، كىتاپ تارقىتىپ بېرىش، تۈرمۈش-تەمى-
ناتنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇ كۈرەش ئاسا-
سى جەھەتتىن غەلىبە قىلدى. كېيىن يەنە 2-3-
قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ
باردى.

1944 - يىلى 9 - ئاي، باندىت شىڭ شىسەي چېكىنىشكە باردى.
جۇشاۋلياڭ شىنجاڭغا مۇۋەققەت رەئىس بولدى.
ئۈزۈن ئۆتمەي ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3 ۋى-
لايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. ۋۇ جۇڭشىن قورچاق
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولدى.

1945 - يىلى باندىت جياڭجيېشى شىنجاڭغا كەل-
دى. تۈرمىگە بېرىپ قاماقتىكى جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىغا خىزمەت ئىشلەشكە ئۇرۇندى. ياڭ جۇ-
خۇا قاتارلىق يولداشلار ئۇنىڭغا پىسەن قىلمىدى.
1945 - يىلى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كېلىپ 3 ۋىلايەت ئىن-
قىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەنپەن
ئۆتكۈزدى. جۇ زۇڭلى ئۇنىڭغا شىنجاڭ تۈرمىسى-
دە قاماقتا ياتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلىدى.
1946 - يىل 6 - ئاي شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىدىن 130 دىن ئارتۇق كىشى ( بۇنىڭ
ئىچىدە شۆي مىڭچۇ، لىيۇ شىبىڭ، فەنتۇڭ، خۇاڭ
يىمىن قاتارلىقلار ئاساسلىق قىلىدى.) جاڭ جىجۇڭ
تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلىپ تۈرمىدىن چىقتى. شۇ
يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى يەنئەنگە يېتىپ
بارغاندا باش قوماندان جۇدې، لىن بوچۈي، دۇڭ
بىۋۇ قاتارلىق يولداشلار چىلىپوغىچە ئالدىغا
چىقىپ كۈتۈۋالدى. ماۋجۇشى ئۇلار تۇرغان جاي-
غا بېرىپ يوقلىدى.
1947 - يىلى يولداش، پىڭ گوئەن، ئەھمەتجان، ئاببا سوپ
قاتارلىقلار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئىلىدا خىز-
مەت قىلدى. ئېلىپ كەلگەن دىيەنتەينىڭ كۈچى
ئاجىز بولغانلىقتىن يەنئەن بىلەن ئالاقە باغلى-
يالماي ئىلىدا تۇرۇپ قالدى. (يولداش پىڭ
گوئەن ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ پوچتا-تېلېگراپ



ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى).
1949 - يىل 8 - ئايدا يولداش دېڭ لىچۈن شىنجاڭنى بۇرۇنراق
ئازات قىلىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن
موسكۋا ئارقىلىق ئىلىغا كەلدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋ-
ىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك سىياسى مەسلىھەت
كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى تەكلىپ قىل-
دى. ئىلىدا «لىچۈن ستانسىسى» قۇردى.
1949 - يىل 9 - ئاي. مەملىكەت مىقياسىدا ئازاتلىق ئۇرۇش شىد-
دەت بىلەن ئىلگىرىلىدى. نەنجىڭ، شىئەن، لەن-
جۇ قاتارلىق شەھەرلەر ئارقا-ئارقىدىن ئازات
قىلىندى. ۋاڭ جېن سىلىڭيۈەن غەربىي شىمال
دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۈەنىنى باشلاپ خېشى
كارىدورىغا ئىلگىرىلىدى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنى
تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش مەسىلىسى مۇزا-
كىرە قىلىنىۋاتاتتى. قورچاق شىنجاڭ جىڭبېي
سىلىڭ تاۋسىيۇ، مائاۋنىي جاۋشىڭۋاڭنى ئىلىغا
ئەۋەتىپ يولداش دېڭ لىچۈننى شىنجاڭ-
نى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش ئىشلىرىنى
مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدى. 9 -
ئايدا يولداش دېڭ لىچۈن ئايروپىلان بىلەن
ئۈرۈمچىگە كېلىپ بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە
چۈشتى.
1949 - يىل 10 - ئاي. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ
1 - بىڭتۈەنى جۇچۈەنگە يېتىپ كەلدى. تۈەنجاڭ
خۇ جيەن ( سابىق يېڭى ئەسكەرلەر باتالىيونى

4 - داۋزىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ) باشچىلىغىدىكى ئاپتوموبىل 5 - تۈەننى ئالدىن يۈرگۈچى قىسىم سۈپىتىدە ئۇرۇمچىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەندىن تاشقىرى 6 - جۈننىڭ 17 - دىۋىزىيىسىنى ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇمچىگە يەتكۈزدى. 2 - جۈن قىسىملىرى پىيادە يۈرۈش قىلىپ تۇغرىدىن-تۇغرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ پۈتۈنلەي ئازات بولدى.

* * *

بۇ خاتىرە تەھرىر بۆلۈمىدە بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىلدى. ۋاقىت ۋە خاتىرىلەنگەن ئىشلار ئەتراپلىق بولمىغان ھەم چالا ھەم خاتا بولغان جايلىرى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن نۇۋەتتە مۇشۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈش مۇمكىن بولدى. بۇ ساھەدىكى ئەھۋاللارنى بىلىدىغان يولداشلارنى ۋە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ۋە تۈزۈتۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەھرىردىن



# شىنخەي ئىنقىلاۋى توغرىسىدا ئىلىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

تۇڭ باۋ  خەن شىلياڭ

## 1 - ئىلىدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى

مەنچىڭ خاندانلىقى ئىلىنىڭ كۆرە دېگەن جايىدا جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرۇپ، مانجۇر مىللىتىدىن بولغان مۇھەم ۋەزىرنى ئىلى جياڭجۈنلىكىگە تەيىنلەپ، مانجۇر - موڭغول ئەسكەرلىرى ئارقىلىق مۇداپىئە ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى. بۇخىل ھۆكۈمرانلىق شەكلى 200 يىللىق تارىختا ئىگە. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇشتىن ئىلگىرى، ئىلى رايونى چاررۇسىيە تەرىپىدىن 13 يىلدىن ئارتۇغراق ئىستىلا قىلىنغان. ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، ئىلىدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى بىر ئاز رەتكە سېلىندى. شۇ چاغدىكى ئىلى جياڭجۈنى فۇلەي كۆرەنى يېڭىۋاشتىن قۇرغۇزدى (بىر ئىسمى: يېڭى كۆرە دەپ ئاتالدى، كونا كۆرە ئەمەلدىن قالدى)، كونا-يېڭى مانجۇر قىسىم-

لەردىن 16 چىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ھەربىر سىياسى جەھەتتە پۈتۈنلەي چىرىكلەشكەن ئىدى. ئىلىدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلى ئىنتايىن چوڭ بولسىمۇ، ئەمما تاشقىرىغا نىسبەتەن مۇداپىئە كۈچى بەك ئاجىز، ئىچكى جەھەتتە دېخانلار بىلەن چارۋىچىلارنى بېسىقتۇرۇشتا ناھايىتى دەھشەتلىك ئىدى.

كۈرە شەھرىنىڭ ئىچىدە جياڭجۈن يامۇل، دۇتۇڭ يامۇلدىن باشقا، تۆت چوڭ لىڭدۈي، تۆت شىلىڭ، 16 زولىڭنىڭ ھەممىسىدە خېلى چوڭ دائىرىلىك يامۇللىرى بولاتتى. 16 چىگە قاراشلىق يېڭى - كونا مانجۇر قىسىملىرىنىڭ چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىدە تۇرۇشلۇق ئۆي-جايلىرى ھەم ھەربىر چىنىڭ داڭفاڭ (ئارخىپ-دېلو ئۆيى)، ئامبارلىرى بولاتتى. ئىلى جياڭجۈنگە بىۋاستە قاراشلىق شىبە، سولان، چاخار، ئۆلۈت قاتارلىق 4 قىسىم بولۇپ، ھەر قىسىمدا باشلامچى بەگ قويۇلاتتى (باشلامچى بەگنى دەسلەپتە مەنچىڭ خان ئوردىسىدىن تەيىنلەيتتى، كېيىنچە جياڭجۈن كۆرسىتىپ، خان ئوردىسىدىن تەستىقلايدىغان بولدى)؛ باشلامچى بەگنىڭ قول ئاستىدا باش بەگ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، زولىڭ ناملىق ئەمەلدارلار بولاتتى. باشلامچى بەگنىڭ يامۇلىدىكى مىرزا (كاتىپ) — مانجۇر تىلىدە — بىيتەشى، موڭغۇلچە باقشى دېيىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئەمەلى ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ پارنى ھەممىدىن جىق ئالاتتى. باشلامچى بەگ، زولىڭ، فاڭيۈي، راۋچىشاۋ، قاتارلىق مەنسەپنى خالىغۇچىلارنىڭ ھەرقاندىقى باقشىغا جىق سوغات تەقدىم قىلغاندا، ئاندىن ئەمەلدار بولالايتتى. چارۋىچىلارنىڭ دەۋا ئىشلىرى چىقىپ قالسا،



باقشىلار ئۈچۈن پۇل تېپىپ باي بولۇش پۇرسىتى كەلدى دېگەن گەپ. بۇ خىل تۈزۈم شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇلدى. ئازات بولغاندىلا باقشىلار تۈپتىن يوقالدى.

## 2 - ئىنقىلابچى پارتىيىدىكىلەرنىڭ ئىلىدا ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرى

گۇاڭشۈ خاننىڭ ئاخىرقى يىللىرى، مەنچىڭ خاندانلىقى چاڭ گىڭنى ئىلىنىڭ جياڭجۈنلىكىگە 3 - قېتىم تەيىنلىدى. چاڭ گىڭ مانجۇر قىسىمىدىكى چېرىكلەرنىڭ قالاقلىقىنى، ھېچقانداق جەڭگىۋارلىق روھىنىڭ يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ، جەنۇب ۋە شىمالدىكى يېڭى تىپتىكى قىسىملارنى ئىلىغا كېلىپ تۇرسا دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئۇ ئىلىدىكى چاغدا شەرقى شىمالدا تۇرۇشلۇق شىمالى يېڭى تىپتىكى قىسىمنىڭ پىيادە ئارمىيىسىدىن بىر يىڭ پىيادە ئەسكەرنى ئىلىغا يۆتكەپ كېلىپ نەۋبىلىك يىڭ دەپ ئاتىدى؛ خۇبېيدا تۇرۇشلۇق جەنۇبى يېڭى تىپتىكى قىسىمدىن بىر قوشما لۈي (بىرىگادا) نى ئەكىلىپ، ئۇنى بىر پىيادە ئەسكەرلەر قوشما لۈيى (بىرىگادا) قىلىپ قۇردى. چاڭ گىڭ يەنە ئىلىدا پىيادە ئەسكەرلەرنى تېز يېتىشتۈرۈش مەكتىپى قۇرۇپ، ياپونىيىلىك يۈەن شاڭجېز دېگەن ئادەمنى مەزكۇر مەكتەپنىڭ تەپتىشلىكىگە تەكلىپ قىلدى.

يېڭى تىپتىكى جەنۇبى قىسىمنىڭ باشلىقى ياڭ زەنشۈينى، ياڭ شۈجۇ دەپمۇ ئاتايتتى. لەقىمى ياڭ × × چوقۇر، ياپونىيىدە ئوقۇغان، تۇڭمىڭخۇي تەشكىلاتىغا قاتناشقان،

ئىنقىلاۋى ئىدىيىلىك كىشى ئىدى. ئۇ، خۇيپىيلىك بولۇپ قىمچە مەزمۇنى: ئىبلىمىزدە بولغان جاۋۇ ئۇرۇشىدا گەرچە
ۋۇخەندە خىزمەت ئىشلىگەن، شۇڭلاشقا ئىنقىلابچىلار پارتىيە يايپۇنلاردىن زەربە يېسەكمۇ، بىراق خەلقىمىزنىڭ روھى ئۆچمە-
يەسى بىلەن خېلى قويۇق ئىجتىمائى ئالاقىسى بار ئىدى گەنلىكتىن، غەيرەت قىلىپ كۆچۈيۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە...
ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرەڭگە كەلگەنلەردىن ئىنقىلاۋى ھېسدىگەنلەردىن ئىبارەت.
ياتلىق فېڭ تىيەن، لى ياچۇەن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى فېڭ تىيەن قاتارلىقلار ئىلىدا ئادەدى بولسىمۇ بىرگېزىت
ياڭ زەڭشىن قاتارلىقلار كىشىلەر بىلەن يوشۇرۇن مۇئامىلە چىقاردى. كورۇنۇشتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-
قىلغاچقا ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر ئىدى. ياڭ زەڭشىنىڭ ئىدىيىسىنى قوزغاش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابنى
قاتارلىقلار ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئىنقىلاۋى تەرغىب قىلىش ئىدى. ئۇيغۇرلاردىن ھېكىم بەگ خوجا،
تەشكىلات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. ئۇلار تەشۋىقاتىنى ياقۇپ باي (باي سودىگەر)، خۇيزۇ موتىۋەرلىرىدىن: سەئىد،
قا، ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا ئەھمىيەت ماشىۋۇيىن، يۇشىڭچۇن (رۇسىيە پۇخراسى)، گىبلاۋ-
مىيەت بەردى. 1909-يىلى (شۈەن تۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى خۇي باشلىقلىرىدىن شۈي سەنتەي...لەر ئاستا-ئاستا ياڭزەڭ-
10-ئايلاردا، ياڭ زەڭشىن قاتارلىقلار شەنشىلىك-گەنسۇلۇق خۇي، فېڭ تىيەن، لى ياچۇەنلەرنىڭ يېقىن دوستلىرى بو-
لارنىڭ يېڭى مەسچىتتە (خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتى) دولەتكە قۇرۇلۇپ قالدى. يۇ شىڭچۇن چاررۇسىيەنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق
ئەمانە توپلاش چوڭ يىغىنى ئاچتى. يەرلىك ھەربى-مەمۇرى كونسۇلخانىسىنىڭ شاگىرتى ئىدى. ئىنقىلاۋى پارتىيە ئادەم-
ئەمەلدارلار، ھەرمىللەت ئەرباپلىرى يىغىنغا ئىشتىراك قىلغانلىرىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىدا بۇ ئادەم مەلۇم رول-لارنى
دى. ھەربى ئۆزگىرىش جارىي قىلىندى. شەھەر خەلقى قىستاپ ئويناندى.
قىستاڭ بولۇشتى، ياڭ زەڭشىن مۇنبەرگە چىقىپ ئۇزۇن سوز ياڭ زەڭشىن قاتارلىقلار خىزمەتداشلىرىنىمۇ
لىدى ئۇنىڭ سوزلىرى تەسىرلىك بولدى، كىشىلەر ھاياجانلاندى كۆچىنىڭ بىر پارچە ئۈزۈگە قارتتى، مەسىلەن: ئەمەلدارلاردىن خې جيا-
ئەمانە توپلاش ۋاقتىدا، شۇ مەيداننىڭ ئوزىدىلا خۇيدوڭ (خې بولۇڭ)، جەنۇبى ئامبارنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ لىـ
زۇلاردىن جۇ فامىلىلىك بىر توپ ئايال ئالتۇن بىلەيۈزۈگە جۇگلارنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.
نى چىقىرىپ بەردى. يەنە ئىنقىلاۋى پارتىيەنىڭ ئادەملىرى شۇندىن كېيىن ئۈززۈن ئۆتمەي، چاڭ گېڭ شەنشىدىن كەلگەن
دىن لۇزشەن نامرات بولۇپ ئەمانە قىلىدىغان نەرسىسى بولسۇنىڭ باش ئەمەلدارى بولۇپ يۆتكەلدى. ئىلىنىڭ مۇئا-
مىغاچقا شۇ مەيداندىلا قولىنى پىچاقتا چېپىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك دۇتۇنىگى گۇاڭ فۇ جياڭجۇنلىقىغا ئۆستى. ئۈززۈن ئۆتمەي،
لىك ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. خۇيزۇلاردىن خەن يۇيشۇدىگەن گۇاڭ فۇ خاڭجۇنىڭ جياڭجۇنلىقىغا يۆتكەلدى (خىزمەتكە
ئادەم سوزگە چىقىپ، ناھايىتى مەردانە گەپلەرنى قىلدى، تېس-بارمىدى). بىگبۇ شىلاڭ (ھەربى دىۋان بېگى) جىن رۇي

ئىلىغا جىياڭجۈن بولدى. جېڭ رۇي مەنچىڭ خانىدانلىقىنىڭ ئوھدىم ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ، گۇاڭشۈي خانىنىڭ قېينى ئاغىسى ئىدى، بۇ ئادەم ئاچكۆز-رەھىمسىز بولۇپ، ئادەملەرنى «ئىس-لان قامچى» سىدا ئۇرۇپ تۇراتتى. جېڭ رۇي 1911-يىلى كۈز پەسلىدە ئىلىغا يېتىپ كەلدى، دەسلەپ كەلگەن چاغدا چېرىكلەر بۇزۇلغىدەك، مانجۇلارنى قىرغىدەك دەيدىغان ھەرخىل گەپلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ-يېڭى تىپتىكى جەنۇبلۇق ئەسكەر-لەرگە ئىشەنمەيتتى. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى ھەققىدىكى خەۋەر ئىلىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئادەملەردە داۋالغۇش بولدى، شۇنىڭ بىلەن جېڭ رۇي يېڭى تىپتىكى جەنۇبلۇق ئەسكەر-لەرنى تارقىتىۋېتىش ۋە ئەسكەرلەر بىلەن ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېتىش قارارىغا كەلدى.

ياڭ زەڭشۈي ئايلىق پۇلىغا 3000 سەر قەرزدار بولغانـ غانلىقتىن ماڭالمىدى، باشقا نەرسىلىرىنى بىرىشىنى تەلەپ قىلىپ رۇخسەت ئالالمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىنقىلاۋى پارتىيە ئۇنىڭ تېزدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنى جىددىيلەيتتى. ياڭ زەڭ-شۈي ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ ئىپلىگىنىنى بايقاپ، غەلىبە قازىنىش-قا ئىشەنچ قىلالمايتتى. كونا 10 - ئايلاردا، ئۇرۇمچىدە لىيۇ شەن-جۈنىڭ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەۋىرى ئاڭلانغاندا، ئامىنىڭ دەرغەزەپ-كە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ياڭ زەڭشۈيمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈ-رۈش قارارىغا كەلدى.

## 3 - ئىلى قوزغىلىڭى

قوزغىلاڭچى قىسىم ئەسلىدە 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (كونا ئاي ھېساۋىدا) يېرىم كېچىدە قوزغىلاقچى ئىدى،



ۋە خەۋەر ئاشكارە بولۇپ قالغانلىقتىن 4 سائەت ئىلگىرى باش-لاشقا توغرا كەلدى.

قوزغىلاڭچى قىسىم شۇ كۈنى كېچىسى 5 يولغا بولۇ-نۇپ ھۇجۇمغا ئاتلاندى. لى ياچۈەن باشچىلىقىدى-كى قىسىم شەرقىي دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىش؛ فېڭ تېيمىن باشچىلىقىدىكى قىسىم جەنۇبىي دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىش؛ لى مىڭبياۋ باشچىلىقىدىكى قىسىم شىمالىي ئامبارغا ھۇجۇم قىلىش؛ خاۋكېچۈەن باشچىلىقىدىكى قىسىم جياڭ-جۈن يامۇلغا ھۇجۇم قىلىش؛ فېڭ داشۇ باشچىلىقىدىكى قىسىم دۇتۇڭ يامۇلغا ھۇجۇم قىلىش پىلانلاندى. شەرقىي دەرۋازا ئىشغال قىلىنسا، تاشقىرىدىكى قوزغىلاڭچى قىسىمنىڭ ئۆتۈش-لۈك ھالدا شەھەرگە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا بولاتتى؛ جەنۇبىي ئامبارنى ئىشغال قىلىش، ھەربىي ئەسلىھەلەر بىلەن ئوق-دورىلارنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىدى. ئۇچاغدا ئۇي-غۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ قوزغىلاڭچىلىرىدا يېڭى تىپتىكى قورال يوق ئىدى. يېڭى تىپتىكى جەنۇبلۇق ئەسكەرلەردە ئادەتتە مىلتىق بولسىمۇ ئوق بولمايتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى ياڭ زەڭشۈي كۈرە شەھىرىنىڭ ئىچى-دە باشى قوماندانلىق قىلدى. شەرقىي دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىش ئۆتكۈشلۈك بولدى، لى ياچۈەن شەرقىي دەرۋازىدا شەھەرنىڭ سىرتىدىن كىلىدىغان قوزغىلاڭچى قىسىمنى كۈتۈۋالدى. ئەسلى ئاتلىق ئەسكەر باشلىقى: چېن گۇاڭخەن، پەن زىيۇي، سەي لىپىڭلەر، پىيادە ئەسكەرلەر باشلىقى مالىڭشاۋ، لى يىاۋلار باشچىلىقىدىكى رەسمى قىسىم ۋە گېلاۋخۇي باشلىقى شۇي سەنتەيگە قاراشلىق پىدايى قىس-

سىملار پولكى قاتارلىقلار شەرقى دەرۋازىدىن قاتتىق قارشىلىق كورسەتكەنلىكتىن شىمالى ئامبارنى ئىشغال
كۆرە شەھەرگە بېسىپ كىردى. فېڭ تيېمىن باشچىلىقىدىكى قىلالمىدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ غالىپ
قىسىم جەنۇبى ئامبارغا ھۇجۇم قىلغاندا،خۇاڭ لىجۇڭ (كاندىدياكى مەغلۇپ بولۇشنى مولچەرلەش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ
دات ئامبال، قوشۇمچە ھەربى قۇرال ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) بىلەن ياڭ زەنشۈي بىر نەچچە يېقىن ئادەم-
ئىچىدىن ماسلاشقانلىقتىن ئوڭاي ئىشغال قىلدى،شۇنىڭ بىلەن لىرنى ئېلىپ سابىق جياڭجۈن گۇاڭفۇنىڭ ئويە-
قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ ھەممىسى جەنۇبى ئامبارغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرۇشۇشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭفۇ
ھىلتىق ھەم ئوق ئېلىشتى. جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن دۇ- شەھەر ئىچىدە بولغاچقا، قوزغىلاڭنىڭ چىقىش سەۋەبىنى
تۇڭ يامۇلغا ھۇجۇم قىلغۇچىلار ناھايىتى كەسكىن جەڭ قىلدى، بىلمەيتتى. ياڭ زەنشۈي ئۇنىڭغا سوز ياساپ :«جىزۈي جياڭ-
ھىلتىق ۋە ئاتاكا ئاۋازى بىر مەزگىل ھەممە ياقنى زىل- جۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقىنى بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار
زىلىگە كەلتۇردى، ئوت يالقۇنلىرى پەلەككە يەتتى. جىز- قوزغىلاڭ كوتەردى، ئەھۋال ئېغىر تۇرۇدۇ. جياڭجۈن-
رۈينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى قاتتىق قارشىلىق كورسەت- ئوزلىرى بىر تەرەپ قىلغان بولسىلا» دېدى. گۇاڭفۇ بۇ گەپ-
تى. قوزغىلاڭچى قىسىم تامدىن ھالقىپ كە ئىشىنىپ: «جىزۈي دېگەن ئەبلەخ، ۋەزىيەتنى بۇزغۇنىنى
چۈشۈپ، ئىچكى تەرەپكە ئوت قويۇش ئارقىلىق جياڭجۈن مەھ- قارا!» دەپ تىللاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ گۇاڭفۇ سابىق
كىمىسىنى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي دۇتۇڭ يامۇلىمۇ جياڭجۈن سالاھىيىتى بىلەن ئىككى تەرەپنى ئۇرۇش توختۇ-
ئېلىندى. جياڭجۈن مەھكىمىسى بىلەن دۇتۇڭ يامۇل ئىشغال تۇشقا دەۋەت قىلىپ، ماڭ كۇۋەيگە قاتتىق بۇيرۇق
قىلىنغاندىن كېيىنلا، قوزغىلاڭچى قىسىم شىمالى ئامبارغا چۈشۈردى.
ھۇجۇم قىلدى. شىمالى ئامبار ئۇ چاغدا مانجۇلارنىڭ يېڭى بۇ ئالاقىلارنى ئورۇنلاپ بولغىچە، تاڭ ئېتىپ قالاي
گازارمىسىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. مانجۇلارنىڭ يېڭى گازار- دىگەن ئىدى. ياڭ زەنشۈي نىڭ ئېرىشكەن مەلۇماتى ئېنىق
مىسى كۆرە شەھىرىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بىر قەدەر جەڭگىۋار بولۇپ چىقتى، يەنى: دۈشمەن تەرەپكە تاشقى جەھەتتىن يار-
كۈچكە ئىگە ئىدى، ئۇڭ قانات شىلىڭى مىڭ كۇتەي قاتتىق دەم يوق، ئىچكى جەھەتتىن جەڭ قىلىش ئىرادىسى بوش
مۇھاپىزەت قىلاتتى، ھەر بىر كوچىدا قاشا- توساقلار ئىدى. ئۇ يەنە گۇاڭفۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ ئەھ-
قۇرۇپ، ھول كىگىزدە يوگەپ، كوچا جەڭلىرىگە تەييارلان- ۋالىنى ئوز ئەينى- بويىچە سوزلەپ بەردى، ھەممە ئۇنى «ئىد-
غان ئىدى. لىنىڭ چوڭ دۇدۇ»سى بولۇشقا، ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈ-
جياڭجۈن مەھكىمىسى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، جىز- رۇپ، جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. سابىق
رۈي تېپىلمىدى؛ مانجۇلار يېڭى گازارمىسىنىڭ 8 چى ئەسكىرى جياڭجۈن مەھكىمىسى/كاتىبات باشقارمىسىنىڭ كاتىۋى خۇاڭ

شەرەي«ئىملى يېڭى دۇدۇ» تامغىسىنى ئەپچىقىپ، گۇاقاراپ ماڭدى. ھوكۇمەت يول ئىدارىسىنىڭ ئىشىك ئال-
فۇنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. گۇاڭفۇ ئەدىغا كەلگەندە، جىرۈي ماڭغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن، چوڭ كو-
شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ توزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيۇپچىدىلا ئېتىپ تاشلىدى.
قوبۇل قىلماي يىغلاپ تۇرۇۋالدى. ياڭ زەنشۇي قاتارلىقلا
جىق نەسىھەت قىلىپ، ھەتتا كوز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن
گۇاڭفۇ ئائىلاج قوبۇل قىلدى.

جىرۈي قوزغىلاڭچى قىسىملار قوزغىلىشتىن بۇرۇنلىق
خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنى يۈزە مۆلچەرلەپ، ئۆزىنىڭ
تەمكىن تۇتۇپ ياتتى. شۇ كېچىسى مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭ
لاپ، ئۆزىچە ئەسكەرلەر مۇئاش دەۋاسى قىلىۋاتقان بولسا
كېرەك، مەسىلە ئېغىر ئەمەس، ئەتىلىككە 3 ئايلىق مۇئاشنى
بېرىۋەتسەك ئىش بېسىقىدۇ دەپ ئويلىدى. كېيىن ئەھۋال بار
غانسېرى ئېغىرلاشتى، قوزغىلاڭچى قىسىم جياڭجۈن مەھكىمە
سىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندىلا، ئۈھودۇ
قان ھالدا ئارقائىشىكتىن قېچىپ كەتتى. دەسلەپتە شىمالىي دەر
ۋازا بىلەن ماڭماقچى بولدى، ھەممە كوچىلاردا جەڭ بولۇ
ۋاتقاچقا، مانجۇلار كونا گازارمىسىنىڭ ئوڭ قانات شىلىكى
مىڭ گاردانىڭ ياموۇلىغا كىرىپ ۋاختىنچە يوشۇرۇنىۋالدى.

ئاڭ سوزۇلۇشى بىلەن مىلتىق ئاۋازى پەسەيدى، قوز
غۇلاڭچى قىسىم ھەممە ياقتا جىرۈينى ئاختۇراتتى. جىرۈي
نىڭ يېنىدىكى لىۋفامىلىلىك جىسەكچىنى ئېتىۋاتتى. كېيىن
قوزغىلاڭچىلار مىڭ گاردانىڭ ئويىدىن جىرۈينى تېپىۋالدى
(مىڭ گاردانىڭ كۆيۈغلى ئىنقىلاۋى ئەسكەرلەر تەرەپ
بولۇپ، بەلكى شۇ مەلۇم قىلغان بولۇشى مۇمكىن). جىرۈينى
شىلىكى ياموۇلىدىن سۆرەپ چىقىپ، سودىگەرلەر جەمئىيىتىگە



2-كۈنى (كونا ئاي ھېساۋىدا 11-ئاينىڭ 20-كۈنى)
سودىگەرلەر جەمئىيىتىدە يىغىن ئېچىلىپ، قوزغىلاڭچى قىسىم-
نىڭ باشلىقلىرى، سابىق دۇتۇڭ ۋە ئوت قىسمىنىڭ باش-
ۋەزىرلىرى، مانجۇلارنىڭ يېڭى ھەم كونا گازارمىلىر-
نىڭ شېلىكلىرى. زولىكلار، يەرلىك موتىۋەر ئەرباپلارنىڭ
ھەممىسى سودىگەرلەر جەمئىيىتىگە باردى. گۇاڭفۇ ۋاختىلىق
دۇدۇلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 5رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى ئاس-
تى. بارلىق تىجارەتچىلەرگە خاتىرجەم كەسىپ قىلىپ، ھېچ-
قانداق چۈچۈمەسلىكنى جاكالىدى. ئاۋالقى ھەر بىر چىنىڭ
چېرىك ۋە ئەمەلدارلىرىمۇ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتتى. ئاۋال-
قى جۇنبياۋ، جېنبياۋ قىسىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلى يې-
گى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 1-دىۋىزىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى،
ئىنقىلاۋى ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى ياڭ زەنشۇي شىجاڭ
(كوماندىر دىۋىزىيون) لىقنى قوشۇمچە ئوتەيدىغان بولدى.
ئىچكى ئورۇنلاشتۇرۇشلار پۈتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن
نەنجىڭدىكى ۋاختىلىق دازۇڭتۇڭ (رەئىس جۇمھۇر)غا رادىيو-
گرامما ئارقىلىق ئىشنىڭ ئوتمۇشى مەلۇم قىلىندى، يەنە
بىر تەرەپتىن چار رۇسىيەنىڭ كونسۇلخانىسىغا ئۇختۇرۇش
قىلدى.

## 4 - كۈرتۇدىكى جەڭ

ئىلىدىكى، قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرى تاراڭلانغاندىن كېيىن،
ئۈرۈمچى بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇلگە

ئاتلىق قىلمىۋاتىدۇ دىگەن گۇمان بىلەن، نارازىلىق بىلدۈر-
ئەمىرى (ئۇپەتتەشى) يۈەن داخۇا ئەملى تەرەپىنىڭ «دەرھالى. جەڭ ناھايىتى قىزغىن بولۇۋاتقان پەيتتە، چيەن گۇاڭ-
جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلايلى» دىگەن رادىيو گىراممىسىنى رەپچەن، سەي لىيشەنلەر دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. لى ياچۈەننىڭ
قىلدى ھەممە كۈچ ئۈزۈشتۈرۈپ، ئەملى ئىنىسىمىنى، ئۈلكىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر قورشىۋالدى، يۈ-
قىلاۋىنى بېسىقتۇرماقچى بولدى. شۇنىڭدەك شىنجاڭدا تۇرغۇن قىسىم ھالاك بولۇشقا تاس قالدى.
سى كەلمىگەن يۈەن داخۇا، قەشقەر دوتىيى (ۋالى) يۈەن خۇڭ ياڭ زەڭشۈي ئاگلاش بىلەنلا شۈي جيەنگونى ئوز ئورنىغا
يۈنى شىنجاڭنىڭ دۇدۇلىغا مەلۇم قىلىپ، ئۆزى ئىچكىرىۋۆەققەت قوماندانلىققا تەيىنلەپ، ئۆزى ئالدىنقى سەپ
كە كېتىش قارارىغا كەلدى. يۈەن خۇڭيۇ بۇيرۇقنى ئالغان باش قوماندانى سۈيىتىدە جىڭغا بېرىپ سوقۇشقا
كېيىن، 200 مىڭ سەر كۈمۈشنى ئېلىپ قەشقەردىن يولغا قوماندانلىق قىلدى.
چېقىماقچى بولغاندا، قەشقەردىكى گېلاۋ ياڭ زەڭشۈي ئالدىنقى سەپكە كەلگەندىن كېيىن، دەرھال
خۇي ئاھەلىسىدىن بېيەن يۈفۇ، ۋېي دېيشىلاۋچ تۆرلۈك قارار چىقاردى: (1) ئىلىدىكى ئاتلىق قىسىم-
خەۋەر ئېلىپ، كېچىدە داۋتەي يامۇلغا كىرىپ يۈەن خۇڭيۇنى يارەمنگە ئەكىلىش ۋە ئىككى كۈندىن قالماي يېتىپ
ئولتۇرۇۋەتتى. ئەملى تەرەپ جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىشقا ئىشۋەتكىلىشنى بۇيرۇش؛ (2) توپچى قىسىمنى قۇمبۇلاقتىن چېكىنىپ
كەن ئېلىگىرادىمنى ئۇرۇمچى تەرەپ ئاگلىمىغاندىن كېيىن چىقىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇشقا بۇيرۇق بىرىش؛ (3) كۆر-
سوقۇشۇش ئۈچۈن ئەسكەر تارتتى. ئۇرۇمچى تۈدىكى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كەلگەن ئىنقىلاۋى ئەس-
چى تەرەپمۇ ۋاڭ پىيلەن، جياڭ سۈگلىڭ قوماندانلىقىدا غەرپكە كەرلەرنى شەخسەن ئۆزى بېرىپ يىغىۋېلىش، ھەربى ئىشلار
كە ئەسكەر ئەۋەتىپ سوقۇشماقچى بولدى. ئىلىدىكى ئىنقىلاتەييارلىقنى تۈگىگەندىن كېيىن، قۇمبۇلاققا ھۇجۇم قىلىشقا
ۋى قىسىمنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتاۋى جىڭدا قۇ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۈلكىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر، ئىنقىلاۋى
رۇلدى. ئۇرۇمچى تەرەپىنىڭ چوڭ شتاۋى كۈرتۈدا قۇرۇلدى ئەسكەرلەر كۈرتۈدا تىرە-پىرەن بولۇپ كەتتى دەپ، تەييار-
جەڭ قۇمبۇلاق (شاچۈەنزى) تا بولدى. لىقسىز تۇرۇشقان ئىدى. ياڭ زەڭشۈي نىڭ قەدەممۇقەدەم
ياڭ زەڭشۈي لى ياچۈەننى ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانى ئىلگىرىلەپ قىستىشى بىلەن ئۈلكە ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ
قىلدى. پىيادە، ئاتلىق ئەسكەر ۋە زەمبىرەكچى قىسىملارنى شىخوغا چېكىندى، ئۇرۇمچى تەرەپ ئاگلىنان ھامان يەنە يار-
باشلاپ قۇمبۇلاققا قاراپ ئىلگىرىلىدى. چيەن گۇاڭخەن، سەي دەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى.
لىشەن باشلىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ھەممىدىن تېز ئىل كۈرتۈدىكى جەڭدە، ئىككى تەرەپىنىڭ ئادىمى ئەڭ جىق
گىرلىدى، توپچى قىسىم قۇمبۇلاق يولى قۇملۇق بولغاچقا بولغاندا 10 مىڭدىن ئاشاتتى. ئۈلكە ئەسكەرلىرىدىن بىرقانچە
مىڭىشتا ئاستا بولدى، شۇڭا چيەن گۇاڭخەن، لى ياچۈەن ئۇس-

مەلىڭ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ئىنقىلاۋى ئارمىيە دىن ئۆلگەنلەر ئازراق بولدى. كېيىن، مەنچىڭ خانى تەخ تىن چۈشتى. ئىككى تەرەپ ھەربى جەھەتتىكى غالىپ-مە لۇپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى سەزدى ئالدىنقى سەپ ئىركىشىش ھالىتىدە قالدى. ياڭ زەڭشۈي زۈن ئوتتەستىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى. ۋاڭ پېيلەنىۇ ئۈزۈن ئوتمە ئۈرۈمچىگە قايتىپ يۈەن داخۇا بىلەن ئىچكى ئۆلكىگە بىل كەتتى.

## 5 - ئۈرۈمچىدە سوھبەت

1912-يىلى (مىنگونىڭ 1-يىلى) 5-ئايلاردا، ئىلى-ئۈ رۈمچى ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى چۆچەككە بېرىپ مەج لىس ئاچتى. ئۈرۈمچى تەرەپ 11ماددا قويدى، ئىلى تەرەپ قوشۇپ ئىدارە قىلىشقا قوشۇلمىدى، سوھبەت توختاپ قالدى 9-ئايغىچە خېي بولۇڭ قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە بېرىپ ياڭ زېڭ شىن بىلەن يۈزمۇ-يۈز سوھبەتلەشتى، ئىلى تەرەپنىڭ شەرت لىرىنى ياڭ تامامەن قوبۇل قىلىپ، تىنچلىق بىتىم ئەمەلگ ئاشتى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ بىر قىسى مى رەسمى ئىمزالانغان 11ماددا، يەنە بىر قىسمى خىزمەتچى لەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. رەسمى ئىمزالانغان 11 ماددا ياڭ زېڭشىن نىڭ غەربى بويىچە بىرسى قوشۇپ ئىدارە قىلىش، يەنە بىرسى، ياڭXX نى دۇدۇ قىلىش، قال غانلىرىنى ئىلى تەرەپنىڭ پىكرى بويىچە ئىشلەشنى ئاساس قىلاتتى. خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە: گۇاڭفۇنى



ئەملىنىڭ ھەربى ئىشلار ۋالىيلىقىغا، ياڭ زەڭشۈينى قەشقەر نىڭ تىدۇلىقىغا، خې بولۇڭنى شىنجاڭ ئىچكى ئىشلار نازىر-لىقىغا، خاۋداخىڭنى شىنجاڭ ھەربى ئىشلار نازىرلىقىغا، خۇاڭلىجۇڭنى شىنجاڭ مالىيە ئىشلار نازىرلىقىغا، لى ياچۇەن-نى ئىلى، تارباغاتاينىڭ جىنتەيلىكىگە، فىڭ تېيمىننى ئىلى، تارباغاتاينىڭ تەپتىشلىكىگە تەيىنلىدى. ئىنقىلاۋى پارتىيە-نىڭ بىر نەچچە باش ئەرباپلىرىنى مەنپەئەت، ئورۇن ئارقى-لىق تەرەپ-تەرەپكە تارقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىلىدى-كى يېڭى دۇدۇ مەھكىمىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى قولغا كەل-تۈردى.

فىڭ تېيمىن بىلەن لى ياچۇەن تىنچلىق بىتىمىگە باش-تىن-ئاخىرغىچە قوشۇلمىدى، شۇڭا تىنچلىق بىتىم بەلگىلەن-گەندىن كېيىن، چېگرا ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدە ھەربى ئىشلار، ئىچكى ئىشلار، مالىيە، خارىجى ئىشلار ئورگانلىرى-نى قۇرۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلمىدى.

## 6 - ياڭ زېڭشىننىڭ ئىنقىلاپ مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋېلىشى

يۈەنخۇگىيۇ ئۆلتۈرۈلدى، يۈەن داخۇا ئىچكىرىگە قايتتى. ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ يېڭى دۇدۇلىقىغا تەيىنلىدى. ياڭ زېڭشىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خىلمۇ-خىل ئۇسۇل-لار بىلەن ئىنقىلاۋى پارتىيىنىڭ ئادەملىرىنى تارقىتىۋېتىپ، بىر-بىرلەپ يوقاتقىلى تۇردى. ياڭزەڭشۈي قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ ئۈزۈن ئوتتەستىن، رۇسىيە ئارقىلىق يۇرتىغا قايتىپ كەتتى؛ خې بولۇڭ ئىچكىرىگە قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا

ياڭ زېڭشىن نۇرغۇن ئىنئام-يۇلۇق تۇتتى. پەقەت فېڭ تيەنمىن بىلەن لى ياچۈەننىڭ پوزىتسىيەسى چىڭ بولغاچقا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئىلتىپاتى ئۇلارنى جەلپ قىلالمىدى.

بۇ چاغدا كۇاڭشى ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنى كۇاڭ-كېشىڭدە پەۋ ئاتايتتى، ئۇ، شىنجاڭنى ئارىلاپ يۈرەتتى. يۈەن داخۇا ئىچكىرىگە قايتقاندا، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ، جۇچۈەن ۋىلايىتىدە توختاپ قالغان ئىدى. فېڭ تيەنمىن، لى ياچۈەنلەر كۇاڭشى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا قالايمىقانلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى شۇڭا، نۇرغۇن پۇل ئىشلىتىپ ئىلىغا تەكلىپ قىلدى. كۇاڭشى ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، ياڭ زېڭشىن ھەدەپ ئۆزىگە تارتتى، كۇاڭشى ياڭXXغا سېتىلىپ، ئىچكى جەھەتتىكى ساتقىن بولدى. كۇاڭشى ئىلىغا بارغاندىن كېيىن، خۇيزۇلاردىن چىققان گې لاۋخۇي باشلىقلىرىدىن مادىيۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ (مادىيۈەننىڭ لەقىمى؛ يوغان بۇرۇن ئىدى) 1913-يىل 9-ئاينىڭ بىر كۈنىسى، ئەسكەر باشلاپ بېرىپ فېڭ تيەنمىن بىلەن لى ياچۈەننى ئېتىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۇاڭشى بىلەن مادىيۈەننى ياڭ زېڭشىن قەستلەپ ئۆلتۈرتكۈزۈۋەتتى.

1914-يىل 2-ئايدا گۇاڭفۇ كېسەلدىن ئۆلدى. ياڭ زېڭشىن ئىلىدىكى چېگرا ۋالىيسىنى، جىن شۇسى نامىغا ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يېزىلىقى ياڭ فېيشانى جىن شۇسىلىققا، نيۇ شىپنى ھەربىي مەسلىھەتچىلىككە بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئىلى ياڭ زېڭشىننىڭ چاڭگىلىغا ئۆتتى. قايناق-تاشقىنلىق ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ مېۋىلىرى، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارتىۋېلىندى.



# ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن

ما شياۋ شى

## 1 - شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ يوقىتىلىشى

1934-يىلى 3-ئايدا، شېڭ شىسەي، ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى، شىمالىي شىنجاڭ تۇپرىقىدىن قوغلىۋەتتى. ماجۇڭيىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاراشەھەردىن ئۆتۈپ كۇچارغا قاراپ ماڭدى. شاياغا بارغاندا ئىلىدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ئارمىيەنىڭ قوماندانى ياڭجېڭجۇڭ بىلەن ئۇچراشتى. ياڭنىڭ قوشۇنلىرى شېڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش ئاق ئورۇسلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، ئەسلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋالىيسى جاڭ پېييۈەننىڭ قورچاق مەركىزى 8-دىۋىزىيەسى ئىدى. ياڭجېڭجۇڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ ئادىيۇتانتلار باشلىقى شۈي ۋېيفاڭ، ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى

خەنشۇن ۋە ئۈرۈمچى ۋەكىللى لۈلۈن قاتارلىق 3 كىشىنى
كۆچارغا، ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. بۇلار بې-
رىپ ياڭجىڭجۇڭ قىسىملىرىنىڭ ماجۇڭيىڭ قارىمىقىغا ئۆ-
تۈشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ بىر تەرەپ قىلى-
شىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈيۈۋېنفاڭ قاتار-
لىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى دەپ، ئەسلى ھالىتىنى ساق-
لاپ قېلىش غەرىزىدە، ياڭجىڭجۇڭنىڭ ھۆددىسىنى ماجۇڭ-
يىڭغا تولۇق يەتكۈزمىدى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنىڭ
باشقىچە غەرىزى بارلىقىنى، بولگۇنچىلىك پەيدا
قىلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ بۇ 3
كىشىنى ھەيسىگە ئالدى ھەمدە بارلىق ئەمەلدارلار بىلەن
ئەسكەرلەرگە سۆز قىلىپ: «خۇيزۇلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇر-
سىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنى مانا مۇشۇ كىشىلەر پەيدا قىلغان،
شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەي بولمايدۇ.» دېدى-دە شۇئان
ئۇلارنى ئېتىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ياڭجىڭجۇڭ بىلەن
ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق كىلىشىمى تۈزۈل-
دى. ماجۇڭيىڭ، ياڭجىڭجۇڭنى 36-دىۋىزىيەنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇلار قىسىملىرىنى باشلاپ داۋام-
لىق يۈرۈش قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇم-
ھۇرىيىتى» دەپ ئاتالغان ئەكسىيەتچىل تەشكىلات پەيدا بولغان
ئىدى. ئۇنىڭ باشلىقى خوتەننىڭ قورچاق ئەمىرى ساۋۇت دا-
موللا ئىدى. ساۋۇتداموللا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قەش-
قەردىكى كونسۇلىنىڭ كورسەتمىسى بۇيىچە، شىڭ شى-
سەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىۋاتقان ئۇرۇش پۇر-



سىتىدىن پايدىلىنىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ 1933-
يىل 11-ئايدا قەشقەردە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەت تەشكىل قىل-
لىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز
قىلىشىغا باھانە تېپىپ بېرىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ساۋۇتدا-
موللىنىڭ ئۆزىدە قوراللىق كۈچ بولمىغانلىقتىن، مەخسۇس
ئەلچىسىنى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ خوجىنىيازھاجى (ئەسلى ماجۇڭ-
يىڭ بىلەن ھەمكارلاشقان، كېيىن شىڭشىسەي بىلەن بىرلەش-
كەن)نى ئۆزىنىڭ تۇپىغا قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلدى. خوجى-
نىيازھاجى شۇ چاغدا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قىيىن ھال-
غا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئالدىدا قەشقەر گۇرۇھى ئارقىدا
بولسا ماجۇڭيىڭ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. شىڭشىسەينىڭ خو-
جىنىيازھاجىغا بەرگەن جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش باش قوماندان-
لىق رولىنى يوقاتتىدە، ئادەم خىللى بىلەن، ھايۋان تۈرى
بىلەن دېگەندەك قەشقەردىكى قورچاق تەشكىلاتقا قاتنىشىپ
جان تالاشماقچى بولدى. ئۇ قارىمىقىدىكى 3-4-مىڭ ئادە-
مىنى باشلاپ قەشقەرگە بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان ئەكسىيەت-
چىل ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچىنچى رەئىس جۇمھۇرى بولدى. خەلق-
لەرنى تۇڭگان (خۇيزۇ) بىلەن خەنزۇلارنىڭ زۇلمىغا قارشى
ئۇرۇشقا چاقىردى. 1933-يىل 12-دېكابىر كۈنى كەچتە «شەر-
قىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»دىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل
ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. ساۋۇتداموللا ئۆزى باش ۋەكىل
(باش مىنىستىر، زۇڭلى) بولدى. يۇنۇس بەگ (تۇرپانلىق،
خەنزۇچە ئىسمى يۈۋېنبىڭ، ئۈرۈمچى سىياسىي-قانۇن كۇرسى-
نى پۈتتۈرگەن)، داخىلىيە نازىرى (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى)،
قاسىمجانھاجى (خوتەنلىك) خارجى ئىشلار نازىرى، ئابدۇل-

كەريمخان مەخسۇم (قەشقەرلىق چوڭ باي) مائارىپ نازىرى،
ئورازبېك (قىرغىز، ئاز-تولا ئەسكىرى بولۇپ ئورۇشالايدۇ) مۇ-
دايىئە نازىرى، قەشقەرلىك باي سودىگەر ئەلى ھاجى قۇربانى
مالىيە نازىرى، ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم (كۇچارلىق) دۆلەت ئىشلى-
رى كېڭەشىنىڭ باش كاتىۋى، زىرىپقاراجى (قەشقەرلىك)
ئەدلىيە نازىرى، باي سودىگەر ئوبۇل ھەسەن ھاجى دېخانچى-
لىق-سودا نازىرى، ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەن شەمشىدىن دې-
نى ئىشلار نازىرى، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئابلاھاجى سەھىيە نازىرى
بولدى.

ئىمكەسپالاتۇر سىنىپلارنىڭ شۇنداق تىپىك ئادەملىرى-
دىن قۇراشتۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
نىڭ ئىنتايىن تار مىللەتچىلەر گۇرۇھى ئىكەنلىكىدە گەپ
يوق. ئۇلار بۇ كېچىنى (12-دېكابىر كېچىسى) «مىللەتلەر
كېچىلىكى» دەپ ئاتاشتى. بۇ كېچىدە ئاتالمىش «دۆلەت
قۇرۇش پىروگىراممىسى»نى جاكالىدى. بۇنىڭ بىرىنچى ماد-
دىسىدا «ئىسلامنىڭ ئەقىدىسى بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتى ئى-
دارە قىلىنىدۇ» (دۆلەت ئەھكامى شەرىئەت يولى بىلەن ئى-
دارە قىلىنىدۇ) دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە،
نەنجىڭ گورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە خەلقارا ئىمپېرىيالىزىم بەينەل-
مىلەلنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگىراممۇ ئەۋەت-
تى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاساسەن، جەنۇبى شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ 70مىڭ قوي، كالىسىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇ-
نى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قورال-ياراق، ئوق-دورىلىرى-
غا تېگىشىپ، ئۆز قوشۇنىنى قۇرۇش ئارقىلىق جەنۇبى شىن-
جاڭنى ئۇزاق مۇددەت بېسىپ يېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ-



لار يەنە خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلارنى سىقىپ چىقىرىشنى
تەرغىپ قىلىپ خىتاپ نامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۇڭگانلار
خەنزۇلاردىنمۇ يامانراق دۈشمىنىمىز، بىز خەنزۇلارنىڭ ھو-
كۇمرانلىقىدىن قۇتۇلغان بولساقمۇ، تۇڭگانلارنىڭ زۇلمىدىن
تېخى قۇتۇلالمىدۇق......بىز تۇڭگانلاردىن ئېھتىيات قىلىشىمىز
ھوشيار بولىشىمىز، ئۇلارغا قاتتىق تاقابىل تۇرۇشىمىز كې-
رەك......كېيىن بىزنىڭ زوراۋانلىقىمىزغا بويسۇنمىغانلار
(ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئادالەتپەرۋەرلەرنى كۆرسىتىدۇ)، چەتـ-
سا ئۇلارغىمۇ ئەركىنلىك بەرمەسلىكىمىز كېرەك......». شۇڭا
ئۇلار خەنزۇ ۋە خۇيزۇ خەلقلىرىنى ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈپ زى-
يانكەشلىك قىلغاندىن تاشقىرى ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقىنى-
مۇ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى ۋە ئەزدى. جاھاننى ئالا-تۇپۇلاڭ قى-
لىپ ۋەقەي ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىد-
دىيەت پەيدا بولدى. ساۋۇت داموللا سېتىۋالغان قورال-ياراق
يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىل قىل-
دى. بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجىنى يېڭىسارغا چېكىنىشكە
مەجبۇر قىلدى. ھەممەيلەننىڭ تۇسىقىغا جىن كىرىۋېلىپ قور-
چاق زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئاشكارا
ۋە يوشۇرۇن پۈت تىپىشكىلى تۇردى. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە
چۇشلۇق غەرىزى بار ئىدى. ئارىسالدى بولۇپ قالغان ئۇنسۇر-
لار، شېرىن چۈشىنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ،
ئارقا-ئارقىدىن بالا-چاقىلىرىنى ھىندىستانغا يولغا سېلىۋەتتى.

1934-يىل 4-ئايدا ماجۇڭيىڭ قەشقەر ئەتراپىغا يېتىپ-
لىشىپ قالدى. ئالدىنقى سەپ قوماندانى ماشىمىڭنى، مافۇيۈەن،
شەنفۇخەي ئاتلىق پولكى بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا

ئۆۋەتتى. ئۇلار قارشىلىقتا ئۇچرىدى. جەڭ ئىنتايىن جىددى
بولدى. ماشىمىڭ جەڭدە ئۆلدى. يارىدەمگە ئەۋەتىلگەن ئەسكەر-
لەر يېتىپ كېلىپ، قەشقەر كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بىر
مەھەل كورەڭلەپ كەتكەن «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇر-
يىتى»نى بىراقلا يوقاتتى. قەبىھلىكتە چېكىگە يەتكەن سا-
ۋۇتداۋۇللا ئوز ئادەملىرى تەرىپىدىن مەخپى ئۆلتۈرۈلدى. قېپ-
قالغان ئەكسىيەتچى كاتتىۋاشلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ
مۇھايىزەت قىلىشى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ كەتتى.

ئىزاھات: بۇ ماتېرىيالنى ئاساسەن 36-دىۋىزىيەنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى ياڭچىڭجۇڭ ۋە مۇئاۋىن لۈيجاڭ ماچىڭ بىياۋ
سوزلەپ بەرگەن ھەممە مۇناسىۋەتلىك خاتىرلەردىن پايدىلىنىپ
يېزىپ چىققان.

## 2 - قەشقەر كېڭەشمىسى ۋە خوتەن قورچاق تەشكىلاتىنىڭ يوقىتىلىشى

قەشقەر كونا شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ
ئوز قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەر پەيزىۋاتقا كەلگەندە ئەن-
گلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ كونسۇلى ماشىنا بىلەن ماجۇڭيىڭ-
نىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ قىممەتلىك سوغىلارنى تەقدىم قىل-
دى. بۇ قاتاردا ھەر قايسى دولەتلەرنىڭ كونسۇللىرىمۇ قا-
ئىدە بويىچە قارشى ئېلىشقا چىقتى. ماجۇڭيىڭ باش مەس-
لىھەتچى سەيشۇيىسۇن (كومپارتىيە ئەزاسى، شەنشىلىك، ئەينى
ۋاقىتتا پارتىيىدىن ئايرىلغان)، سەنمۇجاڭ ۋۇيىڭچى (كو-م-
پارتىيە ئەزاسى، كەيپىڭلىق، خۇيزۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى كېيىۋ



ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن) مۇۋەققەت باش كاتىپ گېي جى-
يۇن (كومپارتىيە ئەزاسى، ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىدىن ئايرىل-
غان، تيەنشۈيلىك) قاتارلىقلار بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا
تايانغاندىلا، ئاندىن ھەقىقى تېچلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ دې-
گەن مەسلىھەتنى قىلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ
تەكلىۋى بويىچە شۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كىردى.
سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق شىڭ شىسەي بى-
لەن ياراشتى. ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىم تۈزدى، مارالۋې-
شى، قاغىلىق، گۇما، قارىقاش، خوتەن، كېرىيە، چاقىلىق،
چەرچەن قاتارلىق ناھىيىلەرنى 36-دىۋىزىيەنىڭ مۇداپىئە رايو-
نى قىلىپ، ئۆلكىدىن ھەر ئايدا ئۇلارغا ئاشلىق، مائاش-تەمى-
نات ئاجرىتىپ بېرىشنى، ھەر ئىككى تەرەپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئەسلىدىكى مۇداپىئە رايونىنى ساقلاپ، ئۆز-ئارا تاجاۋۇز قى-
لىشماسلىق، تېچلىقتا بىللە تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى
ئورتاق قوغداش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بۇنىڭ
ئارقىسىدىنلا ماجۇڭيىڭ پولكوۋنىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك
كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر بىلەن
لۇشيەن توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن جەريانىدا ئۇنىڭ ھەر-
بى ئەمەلدارلىرى جىددى مۇنازىرىلەشتى. دىۋىزىيەنىڭ مۇئا-
ۋىن باشلىقى ماخۇشەن، سەنمۇجاڭ بەيزىلى قاتارلىقلار ئەن-
گلىيەگە تايىنىشنى، زورور تېپىلغاندا ھىندىستان ئارقىلىق
شىزاڭغا كىتىشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەممە شىڭشىسەي سو-
ۋېتكە تايىنىپ بىزنى مەغلۇپ قىلدى، بىز شىڭ شىسەي بى-
لەن زادىلا چىقىشالمايمىز دەپ تۇرىۋالدى. سەنمۇجاڭ ۋۇيىڭ-
چى، ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيجاڭى ماشىشۇڭلار سوۋېت ئىتتىپا-

قىغا ئايىنىپ شىڭشىسەي بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ساقلاش ئەشەببۇسىدا چىڭ تۇرۇۋالدى.

ماجۇڭيىڭ ئەڭ ئاخىرىدا سوزلىدى، ئۇ: «بىزنىڭ بۇ قېتىملىق چىقىشىمىز، (جىيايۈيگۈەننى دىمەكچى) جىڭشۇرېننىڭ فىئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇشنى مەخسەت قىلغان ئىدۇق. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشىمايدۇ. بىر نەچچە مىڭ چاقىرىملىق دولەت چېگىرىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ھەممە تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرى كېلىدۇ، شىڭشىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ بىزنى مەغلۇپ قىلدى، ساۋۇتداموللا ئەنگلىيەگە تايانغان ئىدى، بىز ئۇنى مەغلۇپ قىلدۇق. بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقىلارغا ھەقىقىي ياردەم قىلىدىغانلىقىنى، ئەنگلىيىنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىنى كورۋالغىلى بولىدۇ، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايانمىساق، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كېتىمىز. مېنىڭچە پاكىتلار كوپچۈلۈككە ئايان تۇرسا يەنە گۇمانلانغىدەك نىمىسى بار؟» دېدى. ماجۇڭيىڭنىڭ ئوز ئەمەلىيىتى بىلەن بەرگەن تەربىيەسى يىغىنغا قاتناشقان مۇتلەق كوپ ساندىكى ھەربىي ئەمەلدارلارغا تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كوپچۈلۈك تۆۋەندىكىدەك قارارغا كېلىشتى:

(1) سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، شىڭشىسەي بىلەن تېچلىقتا بىللە تۇرۇش، شىنجاڭنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيىتىنى ئورتاق قوغداش؛



(2) قوشۇنلىرىمىزنى كېڭەيتىپ 9 ئاتلىق ئەسكەرلەر لۈيى قىلىپ قۇرۇش؛ بىرىنچى لۈيگە مايەنلياڭ (ھازىرقى نىڭشا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)؛ ئىككىنچى لۈيگە مارۇلۇڭ، ئۈچىنچى لۈيگە شەنفۇخەي؛ توتىنچى لۈيگە مافۇيۈەن؛ بەشىنچى لۈيگە ماشەڭگۇي (ئوردەك لۈيجاڭ دىگەن لەقىمى بار)؛ ئالتىنچى لۈيگە خەنزۇ ××× (ئىسمى يادىمدا يوق)، يەتتىنچى لۈيگە مايۇسەي، سەككىزىنچى لۈيگە ئۇيغۇر ××× (ئىسمى يادىمدا يوق)، توققۇزىنچى لۈيگە ماشىجىيلار لۈيجاڭ بولىدۇ؛

(3) ياڭجىڭجۇڭنىڭ قىسمى پىيادە ئەسكەرلەر بىرىنچى لۈيى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇنىڭغا مادې لۈيجاڭ بولىدۇ، (ئەسلىدە تۇەنجاڭ ئىدى) كۇچارىدىكى ھەقىقەتكە قايتقان خۇيزۇ، ئۇيغۇر قىسىملىرى، پىيادە ئەسكەرلەر 2-لۈيى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇنىڭغا ماجەنچاڭ لۈيجاڭ (ئەسلى تۇەنجاڭ ئىدى) بولىدۇ،

(4) ئۇنىڭدىن باشقا توپچىلار قىسمى، سافيۇرلار قىسمى (قورۇلۇش ئەسكەر قىسمى)، ئالاھىدە خىزمەت قىسمى، خەۋەرلىشىش قىسمىدىن ئىبارەت 4 بىۋاستە باتالىئون قۇرۇلىدۇ، ھەر قايسى لۈيلەردە پولك ئاساس قىلىنىدۇ. پولك ئاستىدا باتالىئون قۇرۇلمايدۇ. تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) لەنجاڭغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ.

(5) ماخۇشەن، ماشىشۇن، ياڭجىڭجۇڭلار مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى (دۇبىزىيە باشلىقى) قىلىنىپ ھەربىي تەلىم-تەربىيىگە ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ.

(6) ياڭجىڭجۇڭ شۇ كۈنىلا قىسىملىرىنى تەرتىپكە سې-

لىمىش ئۈچۈن مارالۋېشىغا ئېۋەتىلدى، 8-دىۋىزىيە دىگەن
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ماجۇڭيىڭ تۇرغۇن قىسىملارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بول
سىمۇ، لېكىن يەنىلا قورچاق مەركەزنىڭ يېڭىدىن قۇرغان
36-دىۋىزىيە چەمبىرىكى ئىچىدە ئىدى، يېقىندىن كېيىن
مارالۋېشىغا بىۋاستە ئۆزى بېرىپ، ياڭجىڭجۇڭ قىسىملىرى
نى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. دەل شۇ ئەسنادا خوتەنـ
شامەنسۇر (ئىمىننىڭ ئۇكىسى) ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتا
ئاتالمىش «ئىسلام پادىشالىقى» نى قۇردى. بۇ ئەكسىيە
چىل پادىشالىق يەنىلا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قەشقەر
دە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئويۇنى ئىدى. ئۇلار قەشقەردىكى
ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنىڭ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تەرىپىد
يوقىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە خوتەندە ئوت قويدۇرۇ
لۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش بىلە
ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان ئىشەنچىسىنى تە
رەتمەكچى بولدى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى قو
داش ئۈچۈن، قەتئىلىك بىلەن مۇئاۋىن ئىمجاڭ ماخۇشەن
2لۇي ئاتلىق ئەسكەر، بىر يىڭ (باتالىيون) توپچى ئەسكەرل
بىلەن ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتنى يوقۇتۇشقا كىرىشىپ ئەۋەت
دۇ. كەسكىن جەڭ ئارقىلىق شامەنسۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ «ئى
لام پادىشالىقى» يوقىتىلدى. پۈتكۈل خوتەن قايتۇرۇۋېلىندى
شۇ چاغدا جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزلۈك
سىز تۇردە ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلار بارلىققا كېلىۋاتاتتى
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاھانگىرلارنىڭ قورچاقلىرى ئىدى. ب
زەنلىرىدىن قارانىيەتچىلەر پايدىلىناتتى، شىڭ شىسەينى



ناقابىل تۇرۇشقا چامىسى يەتمەيتتى. ماجۇڭيىڭ بىر-بىرلەپ
يېسىقتۇرۇپ بەردى. شۇڭا، ئۇيغۇر فېئودال يۇقىرى قاتلام
ئۆكسومرانلىرى ماجۇڭيىڭنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن دەپ
قارىدى.

## 3 - موسكۋانى پانا تۇتۇپ، قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى پىلانلىغانلىقى

1934-يىل 4-ئايدىن 7-ئايغىچە ماجۇڭيىڭ قەشقەردە
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ،
موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق
قىسىملىرىنى تەرتىپكە سالماقچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا تە-
لىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت ئىتتى-
پاقى كونسۇلى ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سوراپ، تەستىقلىتىپ سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەكەندىن كېيىن، ئۇ تەييار-
لىق قىلدى. 7-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى بۇ خەۋەرنى بارلىق ئەمەل-
دارلار بىلەن ئەسكەرلەرگە جاكالىدى ھەممە سەيشۇيسۇن،
ۋۇيىڭچى، گېي جىيۈن قاتارلىقلارنى ۋە ياش ھەربى ئە-
مەلدارلاردىن 280 ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئەركەشتام ئارقىلىق
سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگر-
ىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئېلىپ ماڭغان قوراللىرىنىڭ ھەممى-
سىنى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە تاپشۇرۇپ
بەردى. كوپچولۇك ئەنجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا
باردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، چېگرا مۇداپىئە ئارمى-

يىغىنىنىڭ بىر نەپەر قوماندانىنى ئېۋەتىپ كۈتۈۋالدى. بىز موسكۋا شەھىرىنىڭ ئەتىراپىدىكى بىر مېھمانخانىغا چۈشتۇق، زاۋۇت-مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. كېيىن نەپەر ئەمەلدار كېلىپ بىزنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. بىر مەزگىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ: بىرگە كەلگەنلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھاۋا ئارمىيىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ھەربىي قورال-ياراق، ھەربىي دوختۇرخانا قاتارلىق مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ماجۇڭيىڭ قىزىل ئارمىيە داشۆيىسىدىكى ھاۋا ئارمىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ماجۇڭيىڭ شىنجاڭدىن ئايرىلغان چاغدا، قېيىنئاكىسى ماخۇشەن (مۇئاۋىن شىجاڭ) نى مۇۋەققەت شىجاڭ بولۇشقا تەيىنلىگەن ئىدى، ئەمما ئىچكى قىسىمدا پىكىر ئىختىلاپى بولغانلىقى ئۈچۈن، يولغا چىقىش ئالدىدا مۇئاۋىن شىجاڭ ماشى شۇنگە: مەن كەتكەندىن كېيىن شىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ماشى شۇن ئۆتكۈزۈۋالسۇن، 5-لۈيجاڭى ماشىڭگۈينىڭ ۋەزىپىسىنى تۇەنجاڭ لاشۇلى ئۆتكۈزۈۋالسۇن، ماخۇشەن، ماشىڭگۈيلار ئوقۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىشقا داۋاملىق تەييارلىق قىلسۇن، دەپ ئالاھىدە خەت قالدۇرۇپ كەتتى. ماخۇشەن، ماشىڭگۈي بۇنى ئۆزلىرىگە ئىشەنمىگەنلىك دەپ قاراپ يوليورۇقنى رەت قىلدى، ھەممە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ، ماخۇشەننىڭ مۇۋەققەت شىجاڭ بولۇش توغرىسىدا مەجبۇرى قارار ماقۇللاتتى. ماشى شۇن ئەسلى پىكرىدىن ۋاز كەچتى، ماشىڭگۈينىڭ لۈيجاڭلىق ۋەزىپىسىمۇ ئالماشتۇرمىدى. شۇنداق قىلىپ 36-دىۋىزىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، كۆپچۈلۈك ئىتتىپاقلىشالمىدى.



1934-يىل قىشنىڭ بېشىدا، ماجۇڭيىڭنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلىش ئۈچۈن، ماخۇشەن ھەربىي نەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭمىڭجۇ بىلەن مەسلىھەتچى سۇجىشەننى ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، بەزى ھەركەتلەرنى قىلىش، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن پاسپورت ئېلىپ موسكۋاغا بېرىپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، 36-دىۋىزىيىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلىشقا ئەۋەتتى. كېيىن يانا ماشىڭگۈينى قەشقەر چېگراسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماجۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە موسكۋاغا ئېۋەتتى. يېرىم يىلدىن كېيىن ماشىڭگۈي قاتارلىقلار قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىدىن 8-9 ئادەم بىللە كەلدى. ئۇلار كىنو ئاپپاراتى، پاتىفون، ماجۇڭيىڭ بىلەن سۆزلەشكەن لۈيىن (ئۈن ئالغۇ) لېنتىسىنى بىرگە ئېلىپ كەلدى. ماجۇڭيىڭنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ھالاۋەتتە، جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولغان، ھايات-ماماتتا بىللە بولغان سۆيۈملۈك قوراللىق قېرىنداشلىرىم؛ ئالدى بىلەن كۆپچۈلۈكتىن ھال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر. ئوقۇش ۋەزىپەم ئېغىر بولغاچقا كۆپچۈلۈك بىلەن دىدار كۆرۈشەلمىدىم، شۇڭا لۈيىن ئارقىلىق سىزلەرگە سۆزلەۋاتىمەن، سۆزۈمدىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلغايسىزلەر: بىرىنچى، مەن بۇ يەردە ھەر سائەت، ھەر مىنۇت 36-دىۋىزىيىنىڭ ئىش-

ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىمەن. بىز ھازىر پارلاق دا
دام ئىستىقلاپ يولىغا ماڭدۇق. كوپچۇلۇكنىڭ ھازىرقى مۇدا
يەنە رايوننى ياخشى باشقۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق كوپ يىللار
دىن بۇيان بىزنىڭ ئامىمىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قۇربان بىز
رىشتىن قورقماي، كورەش قىلىش ئىرادىمىزنى داۋاملاشتۇر
رۇشۇكلارنى ئۈمىت قىلىمەن...... ئىككىنچى، 36-دىۋىزىيەدىكى
بارلىق قۇراللىق يولداشلار پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە. پا
يېقىندا بىز يەنە يۇرتىمىزدىكى ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا
سىڭىللارنىڭ كونا كۆچلەرنىڭ ئاسارىتىدىن ۋە زۇلمىدىن قۇ
تۇلۇشىغا ياردەم بېرىمىز. يولداشلار! بۇ قۇرۇق سوز ئەمەس
بەلكى ئىشتا ئاشۇرۇشتا تېگىشلىك ئەمەلىيەت، كوپچۇلۇك مېھمەن
نى چۈشىنىدۇ، بىز ھەرگىز ئەكسىيەتچىل يولغا ماڭمايمىز
ئوتكەنكى پاكىتلار بىزگە گۇۋالىق بېرەلەيدۇ. كوپچۇلۇك ئەسلىيەلە
ئەسلەپ باقساڭلار بولىدۇ. ئۈچىنچى، كوپچۇلۇك دىققەت قىلدۇرۇ
لىش كېرەككى جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە، تاشقى
يەت كۈندىن-كۈنگە جۇڭگونى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، ئىچكى
سىياسەت بارغانسېرى چىرىكلىشىۋاتىدۇ، ۋەتەن ساتقۇچلار نو
مۇستەبىتلىك بىلەن ۋەتەن ساتقۇچلۇق قىلىۋاتىدۇ. ياپون جاھا
ھانگىرلىكى قىلىچە تەپ-تارتماستىن زېمىنىمىزنى بېسىۋېلىۋا
تىدۇ. غەربىي-شىمال رايونىمۇ خەۋپلىك ھالەتتە تۇرماقتا
بىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا تەييارلىق كور
شىمىز كېرەك، پاسسىپلىق قىلماي ۋەتەن مۇنەۋۋەر بولىدۇ-دەپ
ئوزىمىز قولغا ئايلىنىپ قالىمىز. يولداشلار، مەن ئۇزاق
قالماي يېتىپ بارىمەن. كوپچۇلۇكنى پارلاق داغدام يولغا
باشلاپ ماڭىمەن......جەڭچىلەر ماجۇڭيىڭنىڭ سوزىنى ئاڭ



غفاندىن كېيىن بەزەنلىرى باشلىرىنى سىلكىپ جىم تۇردى.
زەنلىرى كوز يېشى قىلدى، ماخۇشەن مەسخىرە قىلىپ: كوت-
دا ئەسكەرلەرگە مەيلى يىغىلسۇن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇسۇرۇقىنى-
پۇراپ باقمىغان يېڭى ئەسكەرلەر يەنە نىمىگە يىغلىشى-
ار؟ دېدى. بۇنىڭدىن ماخۇشەننىڭ ماجۇڭيىڭغا بولغان ئۆچ-
نىلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ماخۇشەننىڭ
ماجۇڭيىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھازىردىن باشلانغان ئەمەس،
سۇجۇدا ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان چاغدا، ما-
جۇڭيىڭ ماخۇشەننىڭ مەشىق قىلدۇرۇش تېخنىكىسىنى ياراتى-
كوپچۇلۇك ئالدىدا «دوت كالا» دېگەن ئىكەن. ماخۇ-
شەن شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنتايىن نارازى بولغانمىش. ئۇ خۇ-
ددە ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرغاندا، دايىم شۇ گەپكە
ئەسكەرلەرگە ماجۇڭيىڭغا قارشى ئىدىيىنى سىڭ-
رگەن. شۇڭا ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇغۇنىنى رەت
ئايلانغان.
1935-يىلى ماجۇڭيىڭ گېنجى يۈن، ۋۇيىڭچى، ليۇ-
جىنىڭ پۇلارنى قارغىماقتا ئىۋەتتى، بىر مۇنچە يېڭى قوراللار-
نى بىرگە ئېلىپ كېتىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە،
36-دىۋىزىيەنى 4 لوي، 5 بىۋاستە باتالىيون قىلىپ ئوزگەرتى-
دىۋىزىيە باشلىقلىقىنى شەنۇچاڭ ۋۇ يىڭچى ۋاكالىتەن
ئۇستىگە ئالدى. ماخۇشەن قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا
بېرىپ ئوقۇشقا ئاجراتتى، ماخۇشەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئو-
زىنىڭ يېقىن ئادەملىرى شەنفۇخەي، مافۇيۈەن، ماشېڭگۇي
مارۇبياۋ قاتارلىق 4 كىشىنىڭ لۇيجاڭلىق ئورنىنى ساقى-
لاپ قېلىپ، پەقەت ئىشىنىلا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى

تۇتمىچى لوي قىلىپ ئۇزگەرتىپ قويدى، ھەمدە 4 باتالىيو
يىلىك جاڭ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. ئاندىن كېيىن، لوپ ناھىيى
ھەربىي ئەمەلدارلار يىغىنى چاقىرىپ يىغىندا ماخۇشەن يە
مۇۋەققەت شىجاڭلىق ۋەزىپىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئۇگىنىش قىلىشنى كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى،
ئاتتىن ئېشىپ قالغان ھەربىي ئەمەلدارلاردىن مايەنلىياڭ
قارلىق 19 كىشىنى موسكۋاغا ئوگىنىشكە ئەۋەتىدىغا
نلىقىنى قارار قىلدى. ئۇزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنىڭ دە
لىنىۋىدە، گېي جى يۇن بارلىق ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن، ئە
كەزلەرگە سوز قىلىپ: «ھازىرقى ماجۇڭيىڭ ئىلگىرىكى ماجۇ
يىڭ ئەمەس، ھازىرقى 36-دىۋىزىيە ئىلگىرىكى 36-دىۋىزى
ئەمەس، كوپچۇلۇك ئارمىيىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىش كېر
1928-يىلىدىكى خېجو قوزغىلىڭى بىرىنچى باسقۇ
1932-يىلىدىكى سۇجۇدا ئەسكەر تەربىيەلەش يەنە بىر با
قۇچ، ھازىرقىسى 3- باسقۇچ بولىدۇ، ماجۇڭيىڭنىڭ ما
غان يولى ھەقىقى ئىنقىلاۋى يول، پارلاق داغدام يو
ھەممىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭلارنى، خاتا يو
كىرىپ قالماسلىقىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن......» دېدى. گې
جى يۇننىڭ قىلغان سوزى ناھايىتى ئوچۇق بولىسىمـ
لىكىن ماخۇشەن باشقا غەرەزدىكى قارانىيەت ئادەم بولغا
ئۈچۈن، ھېچقانداق كىشىنىڭ قىلغان نەسىھىتىگە قۇلاق سا
مايلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك يوللار بىلەن 36-دىۋىزىيە
نىڭ ئەسكىرى ھوقۇقىنى تاپشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى
ۋۇ يىڭچى، گې جى يۇن قاتارلىقلار ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمە
ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ موسكۋاغا قايتىپ كەتتى. مايەن ليا



قاتارلىقلارنىمۇ قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى مەخسۇس
ماشىنا بىلەن ئەنجانغا يەتكۈزۈپ قويدى. ماجۇڭيىڭنىڭ
كۆۋدىنى (مەسلىھەتچى) م.م.پىسنوۋ ۋە سەنمۇ ياك فۇشىڭنى موس-
كۋا پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا
ئەۋەتتى. كوپچۇلۇك بىر جايغا ئورۇنلاشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ چىگرا مۇداپىئە سىلىڭبۇسى بىر قېتىم زىياپەت ئوتكۈز-
دى، زىياپەتتە چېگرا مۇداپىئە سىلىڭى (ئىسمى ئېسىمدە قال-
ماپتۇ) سوزلەپ: «بىز كوپچىلىكنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ
ئېكسكۇرسىيە ۋە ئوگىنىش قىلىشىنى قارشى ئالىمىز، جاھان-
گىرلارا بۇنىڭدىن خۇرسەن بولمايدۇ، قەشقەردىكى ئەنگلىيە
كونسۇلى رادىئو ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ: سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ماجۇڭيىڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەكىلىۋېلىشتىكى غەرە-
زى نېمە؟ دەۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز ماجۇڭيىڭنى ئاز سانلىق
مىللەتتىن چىققان بىر ياش، بىر دەستە گۈل دەپ تونۇپ
ئۇنى ياخشى بىر گۈللۈك باقچا كوچۇرۇپ ياخشىراق ئوسۇپ
يېتىلسۇن دېدۇق......» دېگەندەك سوزلەرنى قىلدى. زىياپەتتە چېگرا
مۇداپىئە سىلىڭى ماجۇڭيىڭنى «گېنېرال» دەپ ئاتىدى، قارى-
غاندا ماجۇڭيىڭغا بەك ھورمەت قىلىدىكەن.

مايەن لياڭ قاتارلىقلار موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن، زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئارقىدىن ماجۇڭيىڭ بىلەن بىللە ئوقۇدى.

1935-يىلى قىشتا، جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئار-
مىيىسى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى-
غا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۈمىتى 10 نەپەر مۇتەخەس-
سىس ئەۋەتىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىكتە مەسلىھەتچىلەر

باشقارمىسى تەشكىل قىلدى، بۇ باشقارما: ① جۇڭگو غەربىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى؛ ② گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچىنى؛ ③ قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان يولىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ خىزمەت 3 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئاخىرلاشتى.

## 4 - ئىچكى جەھەتتىن يۈز ئورۇش ۋە 36 - دىۋىزىيىنىڭ پارچىلىنىشى

1936-يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قوماندانى، 36-دىۋىزىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارى مايەنلىياڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتە: ① شىڭ شىسەي ئۆتكۈزۈۋېلىپ تەشكىل قىلغان مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسلىق قىلدى. 36-دىۋىزىيە شىڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ، توپىلاڭنى تىنجىتىش كېرەك. ② جۇڭگو ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىشى مۇمكىن. 36-دىۋىزىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى، قانداق تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك؟ دېگەن ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سۆھبەت نەتىجىسىدە ھەممەيلەن پىكىر قىلدى. چېگرا مۇداپىئە قوماندانلىقى شىتابى ماجۇڭيىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مۇنداق قارار قىلدى: مايەنلىياڭ، لاشۇلى، ماشىجىپ، ياڭ فۇشىڭ قاتارلىق 4 ئادەمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتۇرۇپ، ماخۇشەننىڭ شىڭ شىسەيگە ماسلىشىپ، مەھمۇت سىجاڭ قىسىملىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇشتا ياردەملىشىشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك،



مەھمۇت سىجاڭ بولسا خوجىنىياز ھاجىنىڭ دىۋىزىيە باشلىقى ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنى شىڭ شىسەي ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇۋەتتى، مەھمۇت سىجاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھامان ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى چىقتى. شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قوماندانىغا، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. كۈتۈلمىگەندە ماخۇشەن مەھمۇت سىجاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىڭ شىسەيگە قارشى سۈيىقەست ئىپلاپ باردى. مايەنلىياڭ قاتارلىقلار يولغا چىقىش ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قوماندانى يوزنىسىيە بىلدۈرۈپ: مەھمۇت سىجاڭنى يوقاتقاندىن كېيىن 36-دىۋىزىيەنى تەرتىپكە سېلىش، كېرەكلىك قۇرال ياراقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسئۇل بولۇپ تولۇقلاپ بېرىش، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، خوتەندە بىر نەچچە ياكى بىر باتالىيون قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش، ئارقا سەپنىڭ بىخەتەرلىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ياڭ فۇشىڭ، ماشىجىپلار جەنۇبىي شىنجاڭغا مېڭىش ۋاقتىدا ماجۇڭيىڭ ئۇلارغا، ئۈرۈمچىگە بېرىپ، شىڭ شىسەي بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ، ئاندىن موسكۋاغا كېلىپ دوكلات قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ماجۇڭيىڭ ئۇلارنى موسكۋا ۋوكزالىغا ئۆزى ئۇزىتىپ بېرىپ، ماخۇشەنگە بېرىلگەن يوليورۇقنى مايەنلىياڭغا تاپشۇردى، ھەمدە ئۇلارغا: «سىلەر بېرىپ قارار قىلىنغان پىلان بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، قىلچىمۇ ئىختىيارلىق قىلماڭلار» دەپ قايتا-قايتا تاپىلىدى. مايەنلىياڭ قاتارلىقلار قەشقەرگە بار-

غاندىن كېيىن (ئەركەشتامدىن ئۆتكەندە ماجۇڭيىڭ ئامانە
قويغان 200 دىن ئارتۇق قورالنى بىرگە ئېلىپ كەتتى) ئالدى بى
لەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇل خانىسى ۋە شىڭ شىسەي
نىڭ قەشقەر شەھرىدە تۇرۇشلۇق، شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى
(قوماندانى) ھەم مەمۇرى باشلىقى لىۋبىن بىلەن سوھبەتلى
شىپ، ماجۇڭ يىڭغا قاراشلىق ئارمىيىگە ياردەملە
شىپ، مەھمۇتنى يوقۇتۇشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى
ھەمدە ھەربى قوشۇنلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۇلارغا تەلىم
تەربىيە بېرىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قى
لىشقا كورگەن تەييارلىق ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى.
لىۋبىن: بۇنى ئىنتايىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى
ھەمدە قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىپ، مايەنلياڭ قاتارلىق
لارنى كۈتۈۋالدى. يىغىندىن كېيىن، مەخسۇس ماشىنا تەي
يارلاپ مايەنلياڭ قاتارلىقلارنى قارغىلىققا يولغا سالدى
مايەنلياڭ قارغىلىققا بارغاندىن كېيىن، گې جى يۈن قار
غىلىققا كېلىپ خىزمەتلەرنى بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتى. دەل
موشۇ پەيتتە ماخۇشەننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 36-دىۋى
زىيەنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، مايەنلياڭ قاتارلىق
لارنىڭ قەشقەردىكى ھەركەت ئەھۋالىنى ماخۇشەنگە دوكلا
قىلغان. ماخۇشەنمۇ خوتەندىن قارغىلىققا مەخسۇس ماشىنا
ئەۋەتىپ مايەنلياڭ قاتارلىقلارنى قارشى ئالدى، ئۇلارنى
خوتەنگە ئالدۇرۇپ كېلىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر چوڭ باي
نىڭ بېغىدا ئورۇنلاشتۇردى. باشقىلارنىڭ ئۇلارغا يېقىنلىشىش
قا يول قويمىدى. ئىچكى-تاشقى ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى،
مايەنلياڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نىمە ۋەزىپە بىلەن كەل



گەنلىكىنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ھەمدە ماجۇڭيىڭنىڭ
يولىيورۇقىنى يەتكۈزدى، ماخۇشەن ئانچە پىسەن قىلماي، ئۇ-
لارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىماسقا سالدى. ئەسلىدە ئۇ، ما-
يەنلياڭ قاتارلىقلارنىڭ قەشقەرگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدى-
كى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لوپتا بىر قېتىم ھەربى
ئەمەلدارلار يىغىنى ئېچىپ، يىغىندا ھە دەپ قوترىتىقۇلۇق
قىلىپ: «مايەنلياڭ قاتارلىقلارنىڭ قايتىپ كېلىشى 36-دى-
ۋىزىيەنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بىزنى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بې-
رىپ ئوقۇشۇن دىمەكچى بولىدۇ. سىلەرچە قانداق قىلىمىز؟»
دېدى. بىر مەھەل مۇزاكىرىدىن كېيىن، ماخۇشەننىڭ يەنىلا
مۇۋەققەت شىنجاڭلىقنى ساقلاپ قېلىپ، كۈچلۈكنى سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتمەسلىكنى، ھەمدە مەھمۇت سىجاڭ
بىلەن ھەقىقى ھەمكارلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى
تۇرۇشنى قارار قىلدى. ماخۇشەن، شەنفۇخەي، مافۇيۈەنلەر-
نىڭ ئىككى لۈيىنى ۋە توپچىلار يىغىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى.
ياڭفۇشىڭ بىلەن لاشۈلى ئىككى يىلەننى چەرچەنگە ئەۋەتىپ
ئۇلارنى خوتەندىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. مايەنلياڭ بىلەن ماشىجې-
نى قارغىلىققا ئەۋەتتى، ئۆزىمۇ قارغىلىققا كېلىپ ھەر قايى-
سى قوشۇنلارغا يېقىندىن تۇرۇپ قوماندانلىق قىلدى. ئۇ يەنە
مايەنلياڭدىن مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭشىسەينى
ئاغدۇرۇپ تاشلاش توغرىسىدا پىكىر ئالدى. مايەنلياڭ:
«بىز شىنجاڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك»
دېدى. ماخۇشەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماي جاھىللىق
بىلەن شىڭشىسەيگە قارشى ئەسكەر تارتىپ چىقماقچى بول-
دى، ھەمدە كۈچلۈككە يەركەنگە ئەسكەر كىرگۈزۈشكە قو-

پولۇش توغرىسىدا تەھدىت سالدى. (يەركەن شەھىرىنىڭ شىمالىي
مۇداپىئە رايونى ئىدى). شىمالىي شەرقىي شۇ چاغدا بىرلەشمە-
مۇداپىئە كورۇش توغرىسىدا ئايرۇپىلاندىن بەلگە ۋە خەت-چەك
تاشلاپ 36-دىۋىزىيەدىن مەخپىي مۇھىمىنى يوقۇتۇشقا ياردەم
بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ماخۇشەن بۇنىڭغا پىسەن قىلمىدى.
ئەمما ئۇنىڭ قەشقەر يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن
ئېۋەتكەن شەنفۇخەي لۈيى يېڭى شەھەرنى ئالالمىدى. ئايرودرو-
مغا ھۇجۇم قىلىشقا ئېۋەتكەن مافۇيۈەن لۈيى ئايرودرومغا كې-
رەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، شەرقى-شىمال ئارمىيىسى تەرپىدىن
تورغۇن چېقىمىغا ئۇچرىتىلدى. ماخۇشەن ئىشنىڭ ئەپلەشمە-
گەنلىكىنى سېزىپ، جىددىي يىغىن ئاچتى، يىغىندا مۇۋەققەت
سەنمۇجاڭ بەيزىلى ئۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، كوپ-
چۈلۈكتىن پىكىر ئالدى، بۇ يىغىندا مايەنلياڭمۇ قاتناشتۇرۇل-
دى، يىغىندا مەخسۇس ئادەم ئېۋەتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ
كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، كونسۇلخانىنىڭ ماجۇڭيىڭغا تېل-
گىراممىا ئېۋەتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشنى، ھەمدە
قانداق ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش ھەققىدە تەك-
لىپ بەردى. ماخۇشەن بىلەن بەيزىلى مەخپىي مەسلىھەتلەش-
كەندىن كېيىن، بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، دەرھال مايەنلياڭنى
كونسۇل بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن تەشقەرىگە ئېۋەتتى. كونسۇل-
خانە شۇ بويىچە ئىشلەشكە رۇخسەت قىلدى ھەمدە، ئۆلكە تە-
رەپنىڭ ئايرۇپىلان ئېۋەتىپ، بومباردىمان قىلىشتىن ساقلىنىش
ئۈچۈن 36-دىۋىزىيەنى قەشقەردىن چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ
قىلدى. سۆھبەت بولىۋاتقان چاغدا ماخۇشەن ئۇشتۇمتۇت قەش-
قەرگە يېتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىدىن



ئۆلكە قوشۇنىنىڭ قەشقەر مۇداپىئە رايونىنى ئو-
تۇنۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كونسۇلخانە جىددىي ۋەزىيەت-
نى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىگە قاراشلىق ئارمىيە قوماندانى-
لىقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماخۇشەننىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.
ماخۇشەن ماشىڭگويىنىڭ لۈيىنى ئېۋەتىپ قەشقەرنى مۇداپىئە
قىلماقچى بولدى. مايەنلياڭنى يېڭىسار پىيادە ئەسكەرلەر لۈيى-
نىڭ لۈيجاڭلىقى ۋەزىپىسىنى ئوتكۈزۈۋېلىشقا ئېۋەتتى. بىر
ئايدىن كېيىن، ماخۇشەن بىلەن بەيزىلى يېڭىسارغا كېلىپ
ھەربىي يىغىن ئېچىپ، شىمالىي شەرقىيگە قارشى ئۇرۇش ھەمدە ئۈ-
رۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. يىغىندا بە-
زىلەر توۋەندىكى بىر قانچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:
(1) قەشقەرنى تولۇق ئىشغال قىلالمىدۇق. بۇنىڭ ئار-
قا سېپىگە بولغان تەھدىدى ناھايىتى زور. (2) ئۈرۈمچىگە ھۇ-
جۇم قىلىش ماجۇڭيىڭنىڭ بىخەتەرلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛
(3) ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلساق دىسەك يول يىراق، ئەسكىرى
كۈچلەرنى تەخسىم قىلىش قىيىن؛ (4) ماشىڭگويى پىكىر قىلىپ قەش-
قەردە ئۆلكىگە قاراشلىق ئارمىيە بىلەن تېچلىق تەپەنى ئوتكۈزگە-
نىمىز تۈزۈك دىدى.
ماخۇشەن، ماشىڭگويىغا يۈزمۇ-يۈز رەددىيە بەرگەندىن باش-
قا، ئوز پىشىمچىلىق بىلەن ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرى-
ش پىكرىدە چىڭ تۇردى. شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ كۆپ قېتىم
تېلېگرامما ئېۋەتىپ، ماخۇشەننىڭ باشقىچە ھەركەت قىلىشىنى
توستى. ماخۇشەن يوليورۇققا بويسۇنمايلا قالماستىن بەلكى
ماجۇڭيىڭنىڭ دېيىشىنى ھوس دەپ تونىدى، دەپ قارىلىدى.
ماخۇشەن نىمە ئۈچۈن شىمالىي شەرقىيگە شۇ قەدەر

قاتتىق قارشى تۇرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ماجۇڭيىڭ موسكۋاغ
كەتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم ھەربىي لاۋازىمات مۇدىـ
رىنى ئەۋەتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىدىن بۇلاپ - تالاپ تاپ
قان زور تۈركۈمدىكى قوي يۇڭى ۋە يىپەك بۇيۇملارنى ھىندىس
تانغا چىقىرىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى بىلەن سودىلاشقان
ئىدى، بۇ ھال شىڭ شىسەينىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ شىنـ
جاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ھەم دىن تارقاتقۇچىلىرىنى قوغـ
لاپ چىقىرىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى مەخـ
سۇس ئەلچى ئەۋەتىپ شىڭ شىسەي بىلەن سۆزلەشكەن يولـ
سىمۇ، ئۇنۇم بەرمىگەچكە، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشـ
لەتتى. جياڭ جيېشى شىڭ شىسەينى تىزگىنلىيەلمەيتتى،
شۇنىڭ بىلەن جياڭ جيېشى ئۆزىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئارىـ
غا بولگۇنچىلىك سېلىش، سېتىۋېلىشتا ۋەدە بېرىش نەيرەڭـ
نى ئىشقا سېلىپ، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى دەۋرىدە
ئۆزىنى شىنجاڭدىكى 8 ئايماق خۇيزۇلارنىڭ تولۇق ھوقۇقـ
لۇق ئەلچىسى دەۋالغان لى چەن ( تەخەللۇسى گوڭجىن، خېـ
نەنلىك خۇيزۇ )نى ياڭگۇەندىكى كونا يول ئارقىلىق خوـ
تەنگە ئەۋەتىپ، ماخۇشەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە ئۈـ
رۈندى. ماخۇشەن لى چەننى «مەركىزى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن
ئەلچى» دەپ قاراپ، ئۆزىگە ھىمات پەيدا بولغانلىغىنى، ئۈـ
رۈمچى ئېلىنسىلا، شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنلىگى ياـ
كى ئولكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىگىدە چوقۇم ئولتۇرىدىـ
غۇ دەپ چۈشۈنۈپ، لى چەننى كاتتا مېھمان قىلىدى ئۇنى ھەدـ
دىدىن ئارتۇق كۆككە كۆتەردى. ھەر قايسى جايلاردىكى يوـ
قۇرى قاتلام ئويۇنلارنى لى چەننى زىيارەت قىلىشقا ئۈـ



يۇشتۇردى، ھەممە ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ لى چەننى سوز قىلـ
لىشقا تەكلىپ قىلدى. لى چەن ئۆزىنىڭ چالا - پۇچۇق ئىسىدـ
دە قالغان شېىرلىرى بىلەن، ماخۇشەننى بەنچاۋ، جاڭ چيەندىن
ئېشىپ چۈشىدۇ، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى.
شىڭ شىسەينى شۇھرەتنى دەپ ۋەتەن ساتتى، دېدى. لى چەن
لەنجۇغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، گەنسۇ ئولكىسىنىڭ قورـ
چاق رەئىسى خې ياۋزۇ دەرھال قوبۇل قىلدى، ھەممە ئايرۇـ
پىلان بىلەن شىنىڭگە يولغا سالدى. شەنشى ئولكىسىنىڭ قورـ
چاق رەئىسى جاڭ دىڭۋېن مەخسۇس ماشىنا ئەۋەتىپ ئۇنى كېـ
چىلەپ نەنجىڭگە يەتكۈزۈپ قويدى. جياڭ جيېشى ئۇنى قوبۇل
قىلىپ كورۇشكەندە ماختاپ: „ دولەت ئۈچۈن توھپە قوشتى »
دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماخۇشەن يەنە مۇئاۋىن شېـ
جاڭ ياڭ جىڭجۇڭنى، جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىباغـ
لاش ھەمدە 36 - دىۋىزىيىنىڭ «مەركەز» دىن ھەرگىز يۈز
ئۆرۈمەيدىغانلىغىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن نەنجىڭگە ئەۋەتتى. ياڭ جىڭـ
جۇڭ، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، جاڭ پېيۈەنـ
نى ئاغدۇرۇۋەتكەنلىگى ئۈچۈن، ماخۇشەننىڭ شىڭ شىسەيگە قارـ
شى تۇرۇشىغا ھېسداشلىق قىلدۇق دەپ ماخۇشەننىڭ شىڭ -
شىسەيگە قارشى تۇرۇش قارارىنى تېخىمۇ كۈچەندۇردى.

1936 - يىلى كۈزدە، ماخۇشەن، ماجۇڭيىڭدىن يۈز ئۆـ
رۈپ، شىڭ شىسەي بىلەن تېچلىقتا بىللە تۇرۇپ،
شىنجاڭنىڭ بىرلىگىنى قوغداش ھەققىدىكى كېلىشىمنى
بۇزدى. 36 - دىۋىزىيە بىلەن مەھمۇت سىجاڭنىڭ بارلىق ئەسـ
كەرلىرىنى يىغىپ، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم
قوزغىدى. 3 - 4 - لۇيىنى ئاقسۇ، كۇچارغا ئەۋەتتى،

ماشىڭگوي لۇيىنى قەشقەر يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش
قا ئەۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ نەسىھەت قىلىپ
مەسلىھەت بېرىشى ئارقىلىق ماشىڭگوي ئۆلكە ئارمىيىسى بى
لەن ئەپلىشىۋالدى. قەشقەر يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان
ماچىڭبياۋ پولكىنى پەيزىۋاتقا يۆتكەپ، پىيادە ئەسكەرلەر لۇ
يىنى قەشقەر يېڭى شەھەرنى قورشىۋېلىشقا بۇيرىدى. ماخۇ
شەن قەشقەر ئەتراپىغا بېرىپ جەڭگە بىۋاستە قوماندانلىق
قىلدى. شىڭشىسەي 10 نەچچە ئايروپىلان ئەۋەتىپ، نۆۋەت
بىلەن بومباردىمان قىلىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئازراق
مۇ يوشۇرنۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان تۈزلەڭ سايدا ماخۇشەن
ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى. ھەمدە ماشىڭ
گوينى ۋاقىتلىق تەشكىل قىلىنغان دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭلىقىغا
تەيىنلەپ، تىرە - پىرەڭ بولۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى جەم
قىلغۇزدى. ماخۇشەن بەرداشلىق بېرەلمەي، ھولۇقۇپ يېڭىسارغا
قېچىپ بېرىپ مايەنلياڭغا: „ماشىڭگوي يۈز ئۆرىدى، قەشقەر
دىكى ئۇرۇشتا قىيىنلىشىۋاتىمىز، مەن خوتەنگە بېرىپ كېلەي“
دىدى. ئەمەلىيەتتە قارغىلىققا باردى. ئۆزىنىڭ ھەربى
تەمىنات باشلىقى ۋاڭ خەيفېڭنى خوتەنگە ئەۋەتىپ،
ئۇزۇن يىللاردىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ تاپقان بىرنەچچە
مىڭ سەر (بەزىلەر 10 مىڭ سەر دېيىشىدۇ) ئالتۇن ۋە باش
قا قىممەت باھالىق نەرسە - كېرەكلىرىنى قارغىلىققا ئەكىلىپ،
ئاز ساندىكى ھەمراھلىرىغا ئاز - پاز ئالتۇن ئۈلەشتۈرۈپ بەر
گەندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنى 30 نەچچە ئۇلاققا ئارتىپ
قاچماقچى بولدى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئۆزى بىلەن ئەنگى
لىيىگە تايىنىش توغرىسىدا بىللە مەسلىھەتلەشكەن مۇۋەققەت



ەنمۇجاڭ بەي زىلىنى ئېتىۋەتتى. كورۇنۇشتە بەي زىلىنى
ڭگىلىزچە بىلىدۇ. چەتئەلگە بارغاندا مەن ئۈچۈن پايدى
ىز بولۇشتىن قورقتۇم دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەي زى
نىڭ 2 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئالتۇنى بار ئىدى. ماخۇشەن
ۇنىڭ پۇل - مېلىنى كۆزلەپ ھاياتىغا زامىن بولۇپ، ئۆزى
دىگىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ماخۇشەننىڭ مال - مۈلكى تامامەن
ەنۇبى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى قېيناپ، ئازاپلاپ،
ۇيغۇر بايلىرىنىڭ سۆڭىكىنى تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ قىي
اش يولى بىلەن توپلانغان ئىدى. ئادەتتە ئۇ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىمۇ
ەمىناتتىن قىسىپ، خالىغانچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرەتتى. شۇڭا ئۇ
اچىدىغان ۋاقىتتا ئازغىنا ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ كەشمىر
ە ئۆتۈپ كەتتى.

شىڭ شىسەي ماشىڭگويدىن پايدىلاندى. ئۇنى
ۇيجاڭلىقتا تەيىنلەپ، تارقاپ كەتكەن بىر قىسىم ئەسكەر
ەرنى توپلىدى. ئاندىن ئۇنى ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇمچىگە
الدۇرۇپ كېلىپ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ماچىڭ بياۋ 100
دىن ئوشۇق ئادىمى بىلەن كەشمىرگە قېچىپ كەتتى. 1937 -
يىلى قىشتا ماچىڭ بياۋ قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ،
ھىندىستان چېگرىسىغا بارغاندا ماخۇشەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلى
رىنى ھىندىستان قوشۇنلىرى ئەنگىلىيىنىڭ كەشمىردىكى كون
سۇلخانىسىغا ھايداپ ئاپىرىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا
مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىپ ھەر بىر كىشىگە ئازراق
لا يول كىراسى بېرىپ، تارقاق ھالدا ۋەتەنگە قايتۇرۇۋەت
كەنلىگىنى ئاڭلىدى. ماچىڭ بياۋنىمۇ چېگرىدا يېرىم يىل
دىن ئارتۇق تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىپ

ۋەتەنگە قايتۇرۇۋەتتى. ماخۇ شەن، شەن فۇخەي، مافۇ يۈ
دىن ئىبارەت بۇ بىر نەچچە باش جىنايەتچى، دولەتكە قا
تىپ كەلگەندىن كېيىن، مابۇفاڭ قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ
بىرى بىردىن كېڭەش ئەزاسى دېگەن قالپاقنى كىيىۋېلى
ئىزا تارتماستىن ھەممىلا يەردە ماجۇڭيىڭنىڭ سوۋېتكە تەس
بولغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقىتىپ يۈردى. بۇنداق قىلى
تىكى غەرىزى مابۇفاڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلى
ئىدى. بىر مەھەل مابۇفاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
پايدىلىنىپ جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ھىندىستاندا
تۇپ قېلىنغان ئالتۇن، مال-مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش
تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە قورچاق مەركىزى ھۆكۈمەت بىلە
ھىندىستان ھۆكۈمىتى كېلىشىۋېلىپ نەچچە مىڭ سەر ئالتۇ
نى ئىئانە تۆپىلاش نامى بىلەن تەڭ تەقسىم قىلىشىپ ئا
دى. ماخۇشەنگە پەقەت بىر قىسىم كىيىم-كېچەك، تۇرمۇ
بۇيۇملىرىنىلا قايتۇرۇپ بەردى.

ئازاتلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى كەڭچىلىك سىي
سەت قوللانغان بولسىمۇ ماخۇشەن قاتارلىقلار كۆنايىغا تو
قىلمايلا قالماستىن ئەكسىچە مابۇفاڭنىڭ تۈقتۈزى ماليا
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كوتۇرۇش قەستىدە بولغا
لىقتىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ پولات مۇشتۇمى ئا
تىدا، تار-مار بولدى. ماخۇشەن جەڭ مەيدانىدا ئېتى
ئۆلتۈرۈلدى.

(بۇ ماقالىنى گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسى كېڭەش، تار
خى ماتېرىياللار ھەيئىتى تەمىنلىگەن).



# شىنجاڭ مەخپى سود ھەيئىتى توغرىسىدا

شى يۈەنپۇ يېزىپ قالدۇرغان ماقالا

## كىرىش سوز

مەخپى سود قىلىش ھەيئىتى-شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە — 1937-يىلى كۈزدە قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت ئاتالمىش سىياسى مەھبۇسلارنى سوتلاپ ھۆكۈم قىلىدىغان دىكتاتۇراتۇرالى ئىدى. ئۇنىڭ ھەركىتى شىڭ شىسەينىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگۈرۈشىگە قاراپ ئۆزگۈرۈپ تۇراتتى. بۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 8 يىل داۋام قىلدى. شىنجاڭدا قانۇنسىز سوتلانغان ۋە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىلەرنىڭ سانى 40-50 مىڭ كىشىگە يەتتى. مىڭدىن ئارتۇق كوممۇنىستلار، دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىلغار زىيالىلار بىگۇنا قىرغىن قىلىندى. بۇ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىتىدىغان ئەڭ مەخپى، ئەڭ ياۋۇز جىنايەت ئۇۋىسى ئىدى. مەن 1938-يىلى 4-ئايدا «ئىشچى مەھبۇس» دېگەن نام بىلەن (مەن 1937-يىلى 7-ئايدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاش-

...لاندىم. 1938 - يىلى 4 - ئايدا جىنايىتىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىدىم. ماڭا ئوخشاش ئىشلىگەنلەرنى «ئىشچى مەھبۇس» دەپ ئاتايتتى) مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەرجىمانى ۋ... خاتىرە يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. 1938 - يىلى 12 ئايدا قويۇپ بېرىلىپ قورچاق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج.خ.باش قارمىسى 6 - بۆلۈمدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدىم. 1940 - يىلى 10 - ئايدىن 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە سود قىلىش خاتىرە يېزىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتىم. شەخسەن ئۆز بېشىم... دىن ئۆتكەن ۋە كورگەنلىرىمدىن ئىسمىگە ئالالىغان بەزى جىنايى ھەركەتلىرىمنى تارىخ تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنى... شى ئۈچۈن قىسقىچە بايان قىلىمەن.

## 1 - شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلغان دەسلەپكى ۋاختىتىكى سود ئورگانلىرى

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق ھوقۇقىنى قول... كىرگۈزۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يەرلىك سود مەھكى... مىسى، ئالىي سود مەھكىمىسى قاتارلىق ئەدلىيە ئورگانلىرى... نى ئىشقا سېلىپ، سودلاش ھەركىتى ئېلىپ باردى. بۇ سو... مەھكىمىلىرىنىڭ باشقۇرۇدىغىنى ئادەتتىكى خەلق دەۋا ئىش... لىرى - جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسى... يەتچىلىرىنىڭ 6 قانۇن توپلىمىدىكى كونا قانۇن تۈزۈملىرى... بويىچە ئىش قىلىپ، ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈ... خىزمەت قىلاتتى. ئادەتتىكى ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىگە، مال...



...ھوقۇقى، قەرز، يەر دەۋاسى قاتارلىقلار كىرەتتى؛ جىنا-...ى ئىشلار ئەنزىلىرىگە، كىشىلەرنى يارىدار قىلغان، زىيان...الغان، جېنىغا زامىن بولغان، ئوغرىلىق، بانىدىتلىق، خىيا-...ەتچىلىك قىلغانلار، ۋەزىپىسىنىڭ ھوددىسىدىن چىقالمىغان-...لار كىرىدۇ. ھەربى - سىياسى ئەنزىلەرنى، دۇبەن مەھكىمى-...سىنىڭ ھەربى قانۇن باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا؛ مەخپى سود ھەيئىتى پۈتۈنلەي ...ەكسىيەتچىلەرنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى قوغداش، ئەمگەكچى خەلق-...ى ئېزىش، خەلقنى باستۇرۇش مەخسىدىگە يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

1934 - يىلى سىياسى تەپتىش باشقارمىسى (كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش ئىدارىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج. خ. باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.) قۇرۇ-لۇپ، مەخسۇس ئاخباراتچىلىق بىلەن شوغۇللاندى. سوراق قى-لىش ۋە ئاخبارات توپلاش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر بۆلۈم قۇ-رۇلدى. (يەنى ج. خ. باشقارمىسىنىڭ 7 - بۆلۈمى) بۇ ئاسا-سەن ئاختۇرۇش، قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. يەنە ئىككى تۈرمە يەنى 1 - 2 - تۈرمە قۇرۇلدى. يارلىق توپۇلاڭچى تەشكىلاتلار مەسىلەن: جىڭ شۇرېن، ماجۇڭ-يىڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، قاچاق ئەسكەرلەر ھەممە ئەنگى-لىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دولەتلەرنىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئەنزىلىرى بىلەن ئاتالمىش ئىدىيە- سوز خاتالىقى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سىياسى جىنا-يەت ئوتكەزدى، دېگەن نام بىلەن بۇ ئىككى تۈرمىگە تاش-لىناتتى. 7 - بۆلۈم ئۇلارنى سوراق قىلاتتى.

1934 - يىلى قىشتا ئـالاھىدە جىنايى ئىشلار سـو
قۇرۇلدى، ھەيئەت ئەزالىرىنى، يۇقۇرى سود، يەرلىك سـ
ھەر قايسى نازارەت، باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرى ھە
ئىناۋىتى يۇقۇرى مىللى زاتلار قوشۇمچە ئۇستىگە ئالدى.
بارلىق ئەنزىلەرنى ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىسى سوراق قى
غاندىن كېيىن ھوكۇم قىلىشقا تاپشۇراتتى. ھەر 10 كـۇ
بىر قېتىم سوراق قىلىناتتى. كېيىن 20 كۇندە بىر قېتى
بىر ئايدا بىر قېتىم سـوراق قىلـىـشقـا ئـوزگـەرد
سـوراقـتـىـكـى ئىقرارنامىغـا ئـاساسـەن سـورا
خانە يەنە بىر قېتىم، قايتا تەكشۇرۇپ چىقىپ ھەيئەت ئەز
لەرى يىغىنى، ھـوكۇم قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قـويۇ
قارار قىلاتتى. بۇ قارارنى شىڭ شىسەيگە يوللاپ تەسد
لاتقاندىن كېيىن ئامىغا بىسىپ بىركىتەتتى. ھوكۇمنىڭ ئىجر
يىنىك بولغانلىقى ھەققىدە يۇقۇرىغا ئەرز قىلىشقا يول ق
يۇلمايتتى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە بۇ سودنىڭ پائالىيە
خاراكتىرىدا چوڭ ئوزگۇرۇشلەر بولدى. تولا چاغلاردا ئادە
تىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى مەسىلەن: خىيانەتچىلىك
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، زەھەرلىك نەرسىلەرنى سېتىش
قاتىللىق قىلىش قاتارلىقلارنى سوراق قىلىپ بىر تـەرە
قىلىدىغان بولدى. سىياسى ئىشلارغا ئالاقىدار ئـەنزىلەرن
توختۇتىۋاتتى، ئالاھىدە جىنايى ئىشلارنى سود قىلىش ھە
ئەتلىرى، ھەر ئايدا ئات - ئۇلاق راسخودى ۋە قوشۇمچە ۋەز
پىگە بېرىلىدىغان راسخوتلارنى ئالغاندىن باشقـا ھېچقاندا
ئىشى قالمىغان ئىدى. ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوراقخان
سى ئالاھىدە دىسە، ئالاھىدىلىكى يوق، قانۇن دىسە، قانۇ



لىقى يوق، باشقىچە شەكىلدىكى بىر نەرسە بولۇپ قالدى.

## 2 - مەخپى سود ھەيئىتىنىڭ پەيدا بولىشى

1937 - شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات خادىمـ
لىرىنىڭ ياردىمى بىلەن مائارىپ نازىرى جاڭ شىڭ، دۇبەن
مەھكىمىسى ھـەربى قانۇن بـاشقـارمىسىنىڭ بـاشلىقى پىڭ
لياڭ، ئولكىلىك ھوكۇمەت باش كاتىۋى خـۇاڭ خـەنجاڭلار،
گەنسۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئـولكىلىك ھـوكـۇمەت
رەئىسى خې ياۋ زۇ بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، شىنجاڭدا توپۇ-
لاڭ ئويۇشتۇرۇپ، شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت پەرەس ھاكىمىيە-
تىنى ئاغدۇرۇپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرماقچى دىگەن
ئەنزە؛ شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا
نىياز ھاجى، يېقىن ئادىمى ئىسمائىل ھـاجىنى سۇيىۋەنگە
مەخپى ئەۋەتىپ، ياپۇن جاھانگىرلىگىنىڭ جاسوسلار باشلىقى
شۇي تيەن بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ شىنجاڭدا ئىسلام دولىتى
قۇرۇشقا ئۇرۇندى دىگەن ئىككى ئەنزە پاش قىلىندى. يەنە
قەشقەر 6 - دىۋىزىيە سىجاڭى مەھمۇت مـۇھىتىنىڭ ھىندىسـ
تانغا يولۇنۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە شىڭ شىسەيگە قارشى
قىلغان توپىلاڭىنى سـوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تروتىسكىچىلارغـا
قارشى تۇرۇش ھەركىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا ئىۋەتىپ كىر-
گەن بەزى ئـوڭ ئوپپورتونىستلار بىلـەن، تىروتىسكىچىلاردىن
ئىبارەت پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرلار، يەنە سوۋېت ئىتتىپا-
قىدىن رىياللىقتا نارازى بولۇپ، سوتسىيالىزىمغا قـارشىلىق
قىلىپ قېچىپ ئوتكەن بىر تۇركۇم ئاق ئورۇس ئوفىتسىرلىـ
رى، كوچمەن قازاقلارنىڭ باشلىقلىرى، چوڭ بۇرژۇئا ئـۇنـ

سۇلار، پومششىك، زومگەرلەر، چارۋا ئىگىلىرى ۋە بايلارنى چوڭ توپۇلاڭغا قاتناشقۇچىلار دىگەن جىنايەت بىلەن تۇرمىگە ئالدى. بۇلارنىڭ سانى 800 كىشىدىن ئاشقان ئىدى. مۇشۇ بىر تۈركۈم ئەنزىدىنى سوراق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، سوۋېت ھوكۇمىتى موسكۋادىن سىمىونوۋ، ياقۇپ، ھاشىم ھاجىلاردىن تەركىپ تاپقان مەخپى سوت ئومىگىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. بۇ مەخپى سوت ھەيئىتى ئىككىنچى تۈرمە ئىچىدە قۇرۇلدى. يەنە خائىنلارنىڭ مال-مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇپ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مۇقىم مۈلۈك ۋە كوچمە مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىدى. 1939-يىلى قىشتا، بارلىق خائىنلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى غۇلجا كۈرەگە ھايداپ، نەزەر بەنت قىلدى.

1938-يىلى كۈزدە سوراق قىلىش خىزمىتى بىرىپەلە ئاخىرلاشقاندا سىمىونوۋ بىلەن ياقۇپ ئىككىسى ئاساسى ئۇنسۇرلارنىڭ ئىقرار نامىسىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى، شۇ يىلى قىشتا، ھاشىم ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتىنىڭ، 108-نەپەر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بەرسە بولىدۇ، دىگەن پىكرىنى يەتكۈزدى. شىڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شۇ يىلى 12-ئايدا مەخپى سوت قىلىش ھەيئىتى ھاشىم ھاجىنىڭ نازارەت قىلىشى ئارقىسىدا، ئىككىنچى تۈرمىدە جاڭ شىڭ، پىڭ لياڭ، خوجىنىياز ھاجى، خۇاڭ خەنجاڭ، ماشياۋۋۇ، لەن يەنشۇ، چېرنوۋ قاتارلىق 108 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى، جاڭ گۇاڭچەن، مەسئۇل بولۇپ بۇ جەسەتلەرنى



سىلاي ئۈيىنىڭ غەربىدىكى تاققا ئاپىرىپ كۆمدۈردى. بۇ ئەنزىدىن سوراق قىلىنماي قالغانلىرىغا جاڭ گۇاڭچەن، ليۇ بىڭ دىلار مەسئۇل بولۇپ داۋاملىق سوراق قىلدى. ھاشىم ھاجى ئۆز دولىتىگە قايتتى.

ھاشىم ھاجى موسكۋادىن 1939-يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سابىق ج.خ. باش قارمىسىدا مىللى ئاخبارات بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ 6-بۆلۈم دىيىلەتتى. ھاشىم ھاجى بۇنىڭغا كىچاڭ بولدى ھەمدە مەخپى سوت ھەيئىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. 1939-يىلى 7-8-ئايلاردا شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىققاندىن كېيىن، ھاشىم ھاجىنى سوت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرمىدى. مەخپى سوت قىلىش ھەيئىتى قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، باندىت شىڭ شىسەي، باندىت لى يىڭچىلارنىڭ يېقىنلىرى بىلەن تولۇقلاندى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىڭ شىسەي بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

## 3-تەشكىلى مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى

مەخپى سوت ھەيئىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، تەجرىبە ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەرسىز بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلدى. 1937-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە بۇ ھەيئەت، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىڭ شىسەي ئىككى تەرەپنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ھەيئەت قارمىقىدا ئىك-

كىنچى تۈرمە قۇرۇلدى، جەمئى 5 گۇرۇپپا بولۇپ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا 2 دىن 3 كىچە ئادەم قويۇلدى. راسخودنى ج.خ. باشقارمىسى دۆبەن مەھكىمىسىدىن ئېلىپ تۇردى. 1939-يىلدىن ئېتىۋارەن، شىڭ شىسەي بىۋاستە ئۆزى رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ئورۇن شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقۇرى سودقا ئايلىنىپ، شىڭ شىسەيدىن باشقا ھېچقانداق ئورگان بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان بولدى. ج.خ. باشقارمىسىمۇ شۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى.

ھوقوق جەھەتتە: سوراق قىلغاندىن تاشقىرى جازا ھۆكۈم چىقىرىش، قولغا ئېلىش ئىسىملىكىنى كورسۈتۈش، مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشقا تەكلىپ بېرىش، قىيناپ سوراق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى؛ شىڭ شىسەي يەنە „قىيىن قىستاقتا ئۆلۈپ كەتسە سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ“ دىگەن ئىمتىياز بەردى. سوراق قىلىشقا ماسلىشىش ئۈچۈن مەزكۇر ھەيئەتكە تۈرمە ئىچىدە رازۋېتكا قىلىش ھوقۇقى بەردى. ئۆمۈمەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىشتا مۇشۇ ھەيئەت مەسئۇل بولاتتى. شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ خەلقىگە ھوكۇمرانلىق قىلىپ، خەلقنى قىرغىن قىلغان جاللاتلىق ئوردىسى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى سىياسى ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىگەن ئىدى.

شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسى ئاخبارات ئىدارىسى (گېپۇ) لۇشيەنىنى يولغا قويۇپ، بىر يۈرۈش ئەجنەبى رامكىلارنى كوچۈرۈپ كېلىپ، ئاخباراتچىلىق ئورگىنى قۇردى. مەخپى سود ھەيئىتى دەل مۇشۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر تەشكىلى



قىسمى بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئىككى يۈزلىمىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. 1937-يىلىدىكى چوڭ سۈيىقەستلىك تۇپۇلاڭ ئەنزىسىنىڭ ئىچكى مەزمۇنلىرى، ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، خاراكتىر جەھەتتىن ئوخشاش بولغاشقا بىردەكلا ئەكسىلئىنقىلاپ دەپ قارالغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۆەنلياۋ كاپىتالىستلار، چوڭ پومىششىك - زومىگەر، فېئودال قەبىلە باشلىقلىرى، ئەكسىيەتچىل جۇنگۇەنلەر، ئەكسىيەتچى زىيالىلار، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، چوڭ كاپىتالىستلار، گومىنداڭچىلار ۋە يەنە گېرمانىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە جاسۇسلىرى، تروتسكىچىلار بار ئىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا شىڭ شىسەي ئۆزىنى ساختىپەزلىك بىلەن ئىلغار قىلىپ كورسۈتۈشتە غەرىزى باشقىچە ئىدى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگىمۇ زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ھوكۇمران كۈچلىرى تولۇقلاندى ۋە مۇستەھكەملەندى. شۇ يىلى 7-ئايلاردا، شىڭ شىسەي موسكۋاغا باردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلىگە قاتنىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن باردى. ئۇ، ستالىن بىلەن كورۈشتى، ئۇنىڭغا بەشيۇلتۈز ئوردېنى تەقدىم قىلدى، سوۋېت كومپارتىيىسىگە قاتناشتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 5 مىليون سەر كومۈش قەرز ئېلىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قومۇلدا ئەسكەر تۇرغۇزۇش، تۇدىڭخابادا پولات زاۋۇتى قۇرۇش، ئالتاينىڭ قىممەتلىك مەدەن كانلىرى بىلەن، قەشقەرنىڭ مىس كانلىرى قاتارلىقلارنى

ئۇچىشتىن ئىبارەت شىنجاڭ - سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىش سەپىرىدە «6 بۈيۈك سىياسەت كورسى» دەرسلىكىنى تاماملاپ كەلدى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قارا نىيىتى ئەزۋەلەپ ھاكىم مۇتلەق بولۇپ كەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى تۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ئارمىيىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن شىڭ شىسەي 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، سىياسىي فاكچېن تۈزدى. ھەممە ئىشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا بويسۇندۇرۇپ، پارتىيە گۇرۇھ ئايرىماي بىرلەشمە فرونت تەشكىل قىلدى. «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ» ژورنىلى نەشر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. ئۆزىنىڭ 6 بۈيۈك سىياسەت نەزەرىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ساختىپەزلىك بىلەن، شىنجاڭ خەلقىنى جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى، يېڭى پەلسەپە، ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا»، «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوگىنىشكە قوزغاپ، دولەتنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئىلغار دېگەن باھاغا ئىگە بولۇپ، ئىنقىلاۋى داھىلىق ئورنىغا چىقىۋېلىشنى كوزلىدى. لېكىن ئۇنىڭمۇ قاراڭغۇ تەرەپلىرى بار ئىدى، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە جىددى قارشى تۇردى. بۇ ئۇنىڭ غەربىي شىمالغا يالغۇز ئۆزى



خوجا بولۇش، پادىشالىق ئورنىتىشتەك ياۋۇز نىيىتى بارلىقىنى كورسىتەتتى. شىڭ شىسەي يانكا باشلىغى جاڭ خۇگيۈي بىلەن قىلغان بىرقېتىملىق سوھبەتتە، ئۆزنە نىيىتىگە چوڭقۇر سىڭگەن ئەكسىيەتچىلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى. 3 - قۇرۇلتايدا لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى تەقدىم قىلغاندا بۇ ئىشنى شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلغان. جاڭ خۇگيۈي بىلەن 43 - يىلى 4 - تۈرمىدە بىللە بولغان ۋاختىدا بىر كۈنى پاراڭلىشىپ شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشنى 1937 - يىلىدىن تارتىپلا باشلىغان دېگەن سوزنى قىلدى. كوممۇنىستلار 3 - قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىنى سوغا قىلغاندا جاڭ خۇگيۈي دوكلات قىلغانلىقتىن شىڭ ئۇنى تەقدىرلەپ، لىن جىلۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغانلىقىنى ھەمدە ج.خ. باشقارمىسىدىن دەرھال تەكشۈرۈپ رەسىمنى يىغىۋالغانلىقىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى. شىڭ شىسەي جاڭ خۇگيۈيگە مۇنداق دېگەن ئىدى: «12 - ئاپرېل» ئىنقىلاۋىي، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى، ئۆزەمنى ئالىمدىغان بولسام، شىنجاڭ خەلقىنى زۇلۇمدىن ۋە بالايى - ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى كوزلەيمەن. شىنجاڭدا فېئودالىزم قويۇق تۈس ئالغان جاي، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى شىنجاڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، 6 بۈيۈك سىياسەتلا شىنجاڭنىڭ ئوبىكتىپ شارائىتىغا ماس كېلىدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتىنى تارقاتقانلىقىنى ماڭا يەتكۈزدىڭىز، بۇنى ۋاختىدا توسۇۋالدۇق، ئازراقمۇ ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك.

جۇڭگو كومپارتىيەسى خىزمەتچى كادىرلىرىنى ئەۋەتىپ، شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، غەربىي شىمالدا تايانچ بازا قۇرۇشنىڭ ئاساسىنى قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ. بۇ، ۋېيىۋەنجاڭ (جياڭجيېشىنى دېمەكچى) يول قويمايدىغان ئىش بولۇپلا قالماستىن شىنجاڭ خەلقىمۇ خالىمايدىغان بىر ئىش. مېنىڭ 3 چوڭ سىياسىي پروگراممامنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، ئىنقىلاپ باشلانغاندىلا شىنجاڭنىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىگە مەڭگۈ كاپالەت بېرىشنى تەكىتلىگەن ئىدىم. بۇ مۇقەددەس دەخلىسىزدۇر ...... بۇ كونكرېت پاكىتلاردىن: 1936 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىدا، گەنسۇدىكى باندىت باشلىقى مابۇفاڭ، قىزىل ئارمىيىنىڭ يولىنى ئۈزۈۋەتكەندە قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى قۇرۇشىنى شىڭ شىسەينىڭ قارشى ئالغانلىقى - ئۆزىنى ساختا ئىلغار قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ. 1937 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەققانى كۈچلىرىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ پاسسىپلىق بىلەن بولسىمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن كومپارتىيىگە قارشى سۈيىقەستىنى پائال ئېلىپ باردى. شىڭ شىسەي ئۆز كۈچلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ھىمايە قىلىش نامى ئاستىدا ئۆزىنى ئىلغار كۆرسىتىپ، يەنە ئىنقىلاۋى دائىرىلىرى بىلەن ساختا ئالاقە باغلاپ



تۇرغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيەسىنى «قورشاپ يوقۇتۇش» دىن ئىبارەت ئەكسىلئىنقىلاۋى پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ھەمنەپەس بولۇپ كەلدى، بۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى ماھىيىتى ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى.

## 4 - مەخپىي سود ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە تۈزۈمى

بۇ ھەيئەتنىڭ 8 يىللىق جەريانىنى، ساختا ئىلغار بولۇۋالغان ۋاقتى؛ ئىنقىلاپقا ئاشكارا قارشى چىققان ۋاقتى دەپ ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن. ھەرخىل شەكىللەردىكى پائالىيەتلەرگە ئاساسەن، مەخپىي سود خادىملىرىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇردى، لېكىن مۇھىم خادىملار باشتىن - ئاياق مۇشۇ ھەيئەتنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇردى، ئالماشتۇرۇلمىغان ئادەملەر شىڭ شىسەي ئىشەنگەن ھەم ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلەر ئىدى.

1937-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە: ھەيئەت باشلىقى: لى-بولىن شەرقىي شىماللىق — لى رۇيىنىڭ بالىسى، شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ جۇڭجياڭ دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، تەمىرات نازىرى ۋە خەلق ئىشلىرى نازىرى بولغان، تاكى 1944-يىلى شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەنگە قەدەر مالىيە تەپتىش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇردى.

ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: خۇاڭمىنفۇ (جۇڭگو كومپارتىيەسىدىن) ئاقسۇغا ۋالىي بولغان. 1938-يىلى مەزكۇر ھەي-

ئەتىدىن ئايرىلىپ، يەنئەنگە كەتتۋالدى.

لى يىڭچى، ج.خ.باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى.

ھەيئەت ئەزالىرى: جاڭگۋاڭچيەن، ج.خ. باشقارمىسى 4-بۆلۈمنىڭ شياۋ شياۋ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، مەزكۇر ھە... ئەتقۇرۇلغاندىن كېيىن ھەيئەت ئەزالىقىغا يۆتكەپ كەلدى. تاك... 1944 - يىلىغىچە مۇشۇ ئورۇندا ئىشلىدى، ئەكسىيەتچىلىك... ئۇچىغا چىققان ھەم شىڭ شىسەيگە سادىق بولغانلىقتىن... باندىت شىڭ شىسەي ئۇنى بۆلۈم ئەزالىقىدىن گۆجاڭلى... قا، كېيىن گۆجاڭلىقتا، ئەيتىش باشلىقىغا، ئىلى ۋالىلىقىغا ئۇستۇر... ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كومپارتىيىگە قارشى باش جىنايەتچى.

كۆڭچىڭرۇي: ساقچى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، ج.خ. باشقا... مىسى 2-بۆلۈم خەت-چەكلەرنى تەكشۈرۈش گۆجىڭى بولغان. مە... كۇر ھەيئەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1938-يىلىدىن باشلاپ... قارا شەھەر، قەشقەر گوڭئەنجۈيلىرىگە جۈيجاڭ، ج.خ.باشقارمىسى 2-بۆلۈمگە كېجاڭ، قەشقەرنىڭ ۋالىسى قاتارلىق خىزمەتلەر... دە بولدى.

لىيۇچىڭ تاڭ: ساقچى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، ج.خ.باشقا... مىسى 2-بۆلۈمگە گۆجاڭ بولغان، 1938-يىلى خوتەن ۋىلا... يەتلىك ج.خ.ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

لىنچۇسەي: ج.خ.باشقارمىسى 2-بۆلۈمنىڭ گۆجىڭى ئىدى... 1938-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇسۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك ج.خ.ئىدا... رىسىنىڭ كوجىڭى بولدى، 1941-يىلى يەنە بۇ ھەيئەتكە... قايتۇرۇپ كېلىندى، ئالاھىدە تۈرمىنىڭ 137-نومۇرلۇق س... راق ئىشلىرىغا قاتناشتى، 1944-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك... ساقچى باشقارمىسىنىڭ 1-بۆلۈم(ئاخبارات) 3-بۆلۈم(كادىر...



...لارغا ئالاھىدە ھەق بېرىش) بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1945-يىلى لەنجۇغا قېچىپ كەتتى.

خەي گۇيتىڭ: تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ج.خ.ئىدارىسىنىڭ مۇ... ئاۋىن باشلىقى بولغان، 1941-يىلى مەزكۇر ھەيئەتكە قايـ... تاكىلىپ كەلگەن، ئۇ، ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بولۇپ، ...گومىنداڭ شىنجاڭغا كەلگەندە ھەربى سېستىمىدىكى ئىشپىيون... ...ۇقا قاتناشتى.

لىيۇ بىڭدې: دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى، 1938-يىلى ...ج.خ.باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇپەتتىش باشلىقى، 3-بۆلۈمنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن جۈيجاڭ بولغان. خەلقنىڭ غەزىۋى قاتتىق ...قاچقا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدا خەلق ئۆلتۈرۈۋەتتى.

رەخمەتۇللا(ئۇيغۇر): سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن. ...ۋىلايەتلىك ج.خ.ئىدارىسىدا گۆجاڭ بولغان. 1940-يىـ ...شىڭ شىسەي سوۋېت ئىشپىيونى دەپ قولغا ئېلىپ ئۆلتۈر... ...ۋەتتى.

ياسىن(ئۇيغۇر): ج.خ.باشقارمىسىنىڭ 2-بۆلۈم گۆجىڭى، ...سوۋېت تەرەپنىڭ ئاخباراتچىسى، 1939-يىلى شىنجاڭ ئۇيـ ...ۋۇرستان تويىلىكىگە قاتناشتى دېگەن نام بىلەن قولغا ئېـ ...لىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

ھەيئەت ئەزالىرى: (سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەنلەر) سېـ ...مونوۋ (رۇس): موسكۋا سىياسى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىـ ...، كىشىلەر ئۇنى شى ئەپەندى دەيتتى، ھەقىقى ئىسمىنى ...بىلمەيتتى، 1938-يىلى كۆزدە دولىتىگە قايتىپ كەتتى.

ياقۇپ(قازاق): قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى سىياسى ئاخـ ...بارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى، كىشىلەر ئۇنى يا ئەپەندى

دەيتتى، 1938-يىلى كۈزدە سېھونوۋ بىلەن بىللە دۆلىتىگە
قايتتى.

ھاشىمھاجى (ئۇيغۇر): ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سىياسى
ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ پولكوۋنىكى، 1934-يىلى سوۋېت
ئىتتىپاقى يولۋاس ئۈستىدە ئاخبارات ئىشلەشكە قۇمۇلغا ئې
ۋەتكەن. مۇھىمى يولۋاسنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. 1935-
يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج.خ. ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولدى، 1937-يىلى ئەتىيازدا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش
ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ يەنە شۇ يىلى سېھونوۋ بىلە
بىرلىكتە شىنجاڭغا كېلىپ، مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى
بولدى. 1938-يىلى 2-ئۆرمىدە 108 نەپەر جىنايەتچىگە ئۆ
لۈم جازاسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە خىزمىتىدىن دوك
لات بېرىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. 1939-يى
لى 1-ئايدا، شىنجاڭغا قايتا كەلدى، ج.خ. باشقارمىسىدا مىللى
ئاخبارات بۆلۈم قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا بۆلۈم باشلىقى بولدى
بۇ 6-بۆلۈم دەپ ئاتىلاتتى. 1939-يىلى قىشتا، شىنجا
ئۇيغۇرىستان تۆپىلاڭ ئەنزىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن، قۇر
بان نىياز: بۇ، ئىشنى ھاشىمھاجى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇل
خانىسىنىڭ يوليورۇقى بىلەن پىلانلىغان دەپ ئىقرار قىل
غاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي: موسكۋاغا تېلېگرام بېرىپ، يۆ
تكەپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن 1940-يىلى 2-ئايدا ھا
شىمھاجى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. 6-بۆلۈممۇ ئەمەلدى
قالدۇرۇلدى. ئاخباراتچىلىق ئىشىنى 2-بۆلۈم قارمىقىدا قۇ
رۇلغان 4-بۆلۈمچە ئىشلىدى.

(1939-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە)



ھەيئەت باشلىقى: لى بولىن، لى يىڭچى (مۇئاۋىن) ھەي-
ئەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى: لۇيۇيلىن: شىنجاڭ ھەربى مەك-
تىۋىنى پۈتتۈرگەن، شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدا پولكوۋنىك
ۋە ئادىيۇتانتلار باشلىقى بولغان. 1940-يىلى سوۋېت جا-
سۇسى دېگەن گۇمان بىلەن خوتەنگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى.
1941-يىلى كۈزدە بۇ ھەيئەتكە ئەزا قىلىپ يۆتكەپ كەل-
دى. خۇيزۇلارنىڭ خەلپىسى مالياڭجۇن ئاخۇن، مابۇفاڭ، ما-
خۇڭكۇيلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا ئىسلام ھوكۇ-
مىتى قۇرماقچى دېگەن ئەنزىنى سوراق قىلىشقا قاتناشتى.
1941-يىلى قىشتا قولغا ئېلىنىپ 1942-يىلى ئەتىيازدا
ئۆلتۈرۈلدى.

لىيۇخەنشىڭ: يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مەز-
كور ھەيئەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان ئەنزىسىنى سوت قىلىشقا
قاتناشقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي ئۇنى ئىقرارنامىلارنىڭ خۇ-
لاسىسىنى دوكلات بېرىش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتتى. مەخ-
پىي سوت ھەيئىتىدە ئۇ 1939-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە ئىش-
لىدى. 1943-يىلى 4-ئۆرمىدە سوت قىلىشقا قاتناش-
تى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ھەركىتى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئاز-
دۇرۇش، تەھدىت سېلىش يولى بىلەن پارتىيىدىن ئايرىۋېتىش
خىزمىتىنى ئىشلەيتتى.

ھەيئەت ئەزالىرى: جاڭگۇاڭچيەن (يۇقۇردا تونۇشتۇرۇل-
دى)

فۇباۋلىيەن: شەرقى شىمالدىق، شىڭ شىسەينىڭ تۇققىنى،
شەرقى شىمالدا ئەكسىيەتچى ساقچى بولغان، 1935-يىلى
شىڭ شىسەينىڭ ئاتىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ج.خ. باشقارمى-

سىنىڭ 4-بۆلۈم (سوراق)دە ئالدىن سوراق قىلىنىش بۆلۈمچە باشلىقى بولغان، 1939-يىلى يازدا بۇ ھەيئەتكە ئەزا بولۇپ، باشتىن-ئاياق ئالاھىدە تۈرمىدە بولدى، 1941-يىلى 137 نومۇرلۇق تۈرمىگە يەنى ئەسلىدىكى كاتولىك ئىبادەتخانىسىغا كۆچۈپ باردى. باندىت شىڭ شىسەي بىۋاستە باشقۇراتتى، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەھۋالدىن دوكلات ئېلىپ تۇراتتى. ئومۇمەن ئەنزىلەردىكى باش جىنايەتچىلەرنى ئالدى بىلەن ئۇ، سوراق قىلىپ نەتىجىسىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەيئەتنىڭ كىچىك گۇرۇپپىسىنىڭ سوراق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، بۇ ناھايىتى زەھەرلىك، ساختىپەز ھەم باشقىلارنى ماختاشقا بەك ئۇستا بولۇپ، ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان شىڭ شىسەيگە ئىشەنچلىك سادىق قول چوماق ئىدى. مەزكۇرنىڭ دەرىجىسى گۇجاڭلىقتىن، كوجاڭ، مۇئاۋىن جۈيجاڭلىققىچە كۆتىرىلدى. 1944-يىلى شىڭ شىسەي تەختىدىن چۈشۈپ ئىچكىرىدىكە ماڭغاندا ئۇ ھەم بىللە كەتتى.

گوڭ پېيلە: شەرقى شىماللىق، باندىت شىڭ شىسەينىڭ تۇققىنى. فرباۋلىيەن بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا كەلگەن. ج.خ باشقارمىسى 4-بۆلۈم ساقچى-قانۇن بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان، باندىت فوباۋلىيەن بىلەن بىر كۈندە مەخپى سوت ھەيئىتىگە يوتكىلىپ كىلىپ بىر گۇرۇپپىدا بولدى. 1941-يىلى ئەتىيازدا ئۇنى قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالى قىلىپ ئوستۇرگەندە، بۇ ھەيئەتتىن ئايرىلدى،

جىڭ گوجىن: ج.خ. باشقارمىسى 2-بۆلۈمدە گوجاڭ بولغان قارا شەھەر، ئىلى ۋىلايەتلىك ج.خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى



بولغان، 1939-يىلى بۇ ھەيئەتكە يۆتكىلىپ كەلگەن. 4-تۈرمىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، 1941-يىلى ج.خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى.

جاۋجى لياڭ: ساۋەن ج.خ. ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، 1939-يىلى 2-تۈرمىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلگەن، 1941-يىلى قىشتا ئىلى ۋىلايەتلىك ج.خ. ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. 1944-يىلى باندىت شىڭ شىسەينىڭ ژاندارمىسىدا 3-بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولدى.

دۇڭ جياشىڭ: ساقچى مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن. ج.خ. باشقارمىسى 2-بۆلۈمىنىڭ كاتىۋى بولغان. 1939-يىلى بۇ ھەيئەتكە يۆتكىلىپ كەلدى. 1942-يىلى تۈرمىچى كىنو شىركىتىنىڭ جىڭلىسى بولدى. 1943-يىلى شىنجاڭ يۈيشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ شىنەندە تۇرۇشلۇق بەنسىچۇسىنىڭ مۇدىرى بولدى. 2-تۈرمىنىڭ سوت قىلىش ئىشلىرىگە قاتناشتى.

ياڭ شۇزۇ: سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرىنچى نۆۋەت ئوقۇپ كەلگەن، 1939-يىلى بۇ ھەيئەتكە كەلدى. 1941-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج.خ. ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، 2-4-تۈرمىلەرنىڭ سوت قىلىش ھەركىتىگە قاتناشتى.

مېڭ دوڭشياڭ: ج.خ. باشقارمىسىنىڭ 2-بۆلۈمدە گوجاڭ بولغان، 1939-يىلى بۇ ھەيئەتكە يۆتكىلىپ كەلدى. 1941-يىلى يەركەن ج.خ. ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، كۇچارغا شەنجاڭ، داڭبۇغا شۈجىجاڭ بولدى، 2-4-تۈرمىدىكى سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتى.

ئىستوپكىن: سوۋېت تەۋەلىكىدە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپا-

قىدا ئاخباراتچىلىق قىلغان، ئەسلىدە ئىلى ۋىلايەتلىك ج.
خ. ئىدارىسىدە ئاخبارات گۇجىكى 1939-يىلى ج.خ. باشقارمىسى
2-بۆلۈم خارجى بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى ۋە قوشۇمچە ھەيئەت ئەزاسى
بولغان. ئۇ، ھەر قايسى تۈرمىلەرگە سولانغان خەلقارا جاسۇسلارنى
سوراق قىلاتتى. 1940-يىلى، شىڭ شىسەي ئۇنىڭ تۈرمە ئى-
چىدە سوۋېت تەرەپ ئۈچۈن ئاگېنتلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ،
1941-يىلىدىن باشلاپ سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرمىدى، يىل
ئاخىرىدا ئۇ، تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر
گۇرۇپپىدا بىر نەپەر ئاق ئورۇس بولۇپ ئىسمى سولىن ئى-
دى، ئۇ ج.خ. باشقارمىسى 2-بۆلۈمدە ئىستوپكىننىڭ مۇئاۋىنى
بولغان، ئىستوپكىن يوقالغاندىن كېيىن ئۇمۇ قولغا ئېلىندى.
ئىگەللەنگەن ئەھۋالغا قارىغاندا ئىستوپكىن سوۋېت كونسۇلخا-
نىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەت-
كەن، ئۇنى ئۇدۇڭخابا پولات زاۋۇتىدا تۇرۇشلۇق ھەربى ماشى-
نا بىلەن دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەن. سولىننى شىڭ
شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ماليېدى: قازاق، ئەسلى ئىسمى ئەنۋەر، سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن قۇمۇلغا مۇئاۋىن ۋالى بولغان
(سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنى باركۆلدىكى قازاقلارنىڭ خىزمىتى-
نى ئىشلەشكە مەخسۇس ئېۋەتكەن) ۋە مۇئاۋىن ۋالى ئابەينىڭ
چوماقچىسى بولغان. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دۆلەتكە قايتىش-
تا سىياسى ئاخبارات ئىدارىسىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشكە ۋەزى-
پە ئالغان.

ئۇ، ئۆزىنى شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قىلىپ قويغانلىقتىن، شىڭ
شىسەي ئۇنى مەخپىي سوت قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى قىلدى. 4-تۈر-



مىدە قازاقلارنىڭ ئەنزىسىنى سوراق قىلدى. ئۇ، سوراققا قاتنىشىشتىن
ئىلگىرى بىر مەزگىل نەزەربەنت قىلىندى. بۇ، ئۇنىڭ مەسىلە تاپشۇر-
ۋالغان ۋاختى ئىدى. 1942-يىلى ئالتايدا ئۆلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىر-
گە بولغانلاردىن مالىشيۇك، قازاق ئەسلى ئىسمى شەمشى،
قازاق مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولغان، سوۋېتكە ئاگېنتلىق قىلدى دەپ قولغا ئېلىنغاندا مە-
سىلىسىنى تاپشۇرغانلىقتىن، ھەيئەتنىڭ سوراق خىزمىتىگە قات-
ناشتۇرۇلدى، 1942-يىلى ئالتايغا ئەۋەتىلدى.

يانا بىرى مۇقاش، قازاق بۇنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىدى-
دىكى ئىككى ئادەمنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش. بۇ، 3 كىشى-
نىڭ ئائىلە تەۋەلىرى شۇ چاغدا 4-تۈرمىنىڭ ئائىلە ياتاق-
لىرىدا تۇراتتى، ئىختىيارى سىرتقا چىقالمايتتى. بۇلاردىن
باشقا يەنە خاۋزۇچىڭ، شۈي تەيخى دېگەن ئىككى كىشى بو-
لۇپ، بۇلار قورغاس ۋە ماناس ناھىيىلىرىدە ج.خ. ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى بولۇپ، خىزمەتتە خاتالاشقانلىقتىن، 4-تۈرمىگە يۆت-
كەپ كېلىپ، سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلغان، نامدا سوراق-
چى ئىدى، گەرچە مەخپىي سوت ھەيئىتىدە ئىشلەيدۇ دەپ ئو-
چۇق ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ئا-
ساسلىق مەسئۇللىرى: جاڭ گۇاڭچەن، ليۇ بىڭدەلەرنىڭ رەھبەر-
لىكىدە سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتى. ×سوراق ئىشلىرىدىكى
تەرجىمانلىققا، ساقچى كۇرسىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ليۇيۈنچى،
ۋاڭ رۇيشىن، فۇيۈن پىڭ، رېڭ مىڭ يۈەن، ۋاڭ خۇڭ نيەن قات-
لىقلار قاتناشقان، ئۇلارنى بىر تەرەپتىن تەرجىمانلىق ئىشىغا سېلىپ،
يانا بىر تەرەپتىن ئۇلارغا سوراق قىلىش، ئەشپىيونلۇق قىلىش قا-
بىلىيىتىنى ئۆستۈردىغان ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيە ئاساسىنى قۇر-

دىغان پۈرسەت يارىتىپ بەردى. مافۇرۇك، ۋاڭكى گۇك دېگەن
ئىككى كىشى مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ گۇرۇپپا سوراقخانى-
سىدا تەرجىمانلىق قىلاتتى. مەسىلەن مافۇرۇك 2-تۈرمە ۋە
دوبەن مەھكىمىسى ئالاھىدە تۈرمىدىكى فۇباۋلىيەن، لىيۇخەنىڭ،
لى يۇلىن گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدا، بەزىدە شىڭ شىسەي بىۋا-
ستە سوراق قىلغان چاغلاردا تەرجىمانلىق قىلاتتى.

1941-يىلى شىڭ شىسەي ئولتۇرۇلگەن ئەنزە پەيدا بول-
غاندىن كېيىن، مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى كۆپەيتىلدى. ھەيئەت-
نىڭ مۇدىرلىقىنى لۇشاۋلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ، شۇ چاغدا
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ۋە ئالىي سوتنىڭ
باشلىقى ئىدى. لى يولىنى ھەيئەت باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇل-
دى دەپ ئېلان قىلىنمىدى، ھەيئەت ئەزالىقىغا چېيۇزۇڭجۇڭ-
نىڭ بالىسى چېيۇيۇشيۇڭ، شىڭ شىسەينىڭ 5-ئىنىسى شىڭ-
شىجى، شىڭ شىسەينىڭ باجىسى پىڭجىيۇەن، مالىيە نازىرى
زاڭگۇفېڭ، مۇئاۋىن نازىرى چېڭدۇڭبەي، يەرلىك سوت باش-
لىقى ياۋجۇپېڭ، جى يۈەنجاڭ، ناسىرداموللا (بۇ ئىككى كىشى
ئەسلىدە ئالاھىدە جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ ئەزاسى ئىدى)،
خارجى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ باۋچەن قاتارلىق-
لار كۆپەيتىلدى. بۇ كىشىلەر 137-نومۇرلۇق ئەنزىنى سوراق
قىلاتتى.

شۇ يىلى، لۇيۇيلىن سوۋېت ئاگېنتلىقىغا قاتناشتى دې-
گەن گۇمان بىلەن خوتەندىن يۆتكۈلۈپ كېلىپ، ئۆلكىلىك
2-تۈرمىدە مەن بىلەن بىرلىكتە «خۇيزۇلار ئەنزىسى» (مالياگ-
چۈن ئەنزىسى)نى سوراق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئىش-
لىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مايۈنۋېن، تارباغاتاي ۋا-



لىسى جاۋجەنفېڭ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن گارنىزون سىلى-
گىنى سۇنچىڭلىڭ قاتارلىقلار مۇ خۇيزۇلار ئەنزىسىنى سوراق قىلىشقا
قاتناشتى، ۋاقتى تەخمىنەن 1942-يىلى 5-6-ئايلار بولسا
كېرەك، ھەممىمىز قولغا ئېلىندۇق، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، خىز-
مەت ئورنىمىز 2-4-تۈرمىلەردە بولدى.

1941-يىلى قىشتا، 2-تۈرمە مەزكۇر ھەيئەتنىڭ بارلىق
ئەزالىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئالتايدىكى باقىت بەيسى، خېلىل
تەيجى، راھەت شەنجاڭ زەينەل، ئاسىمقان ئوكۇرداي
قاتارلىقلارنىڭ كوكتوقايدا 3 - قېتىملىق
توپىلاڭ قىلغان ئەنزىسىنى سوراق قىلدۇق. شىڭ شىسەي مالى-
يە نازىرى جۇبىڭنى بۇ سوراققا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇر-
دى. مارۇلۇك (قاسىم ھاجى) مۇ بۇ ھەركەتكە قاتناشتى. ئۇ
چاغدا مەن خاتىرە يازاتتىم، تەرجىمانى مافۇرۇك ئىدى.

1942-يىلى، خۇيزۇلار ئەنزىسىنى سوراق قىلغۇچىلار-
نىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەنزە يە-
نە بىر مەزگىل توختاپ قالدى. شىڭ شىسەي قاراشەھەر ۋالى-
سى چىڭ يۈنچاڭ، ئىلى ۋالىسى لى جەنتاڭلارنى يۆتكەپ كې-
لىپ 1-تۈرمىدە خۇيزۇلار ئەنزىسىنى سوراق قىلىشقا قاتناش-
تۇردى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، «12-ئاپرېل» توپىلىڭىغا
قاتناشتى دېگەن نام بىلەن ئۇ ئىككىسىمۇ قولغا ئېلىندى.

1942-يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ساقچى كادىرلار مەكتىۋىنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى
ئوقۇغانلارنى تاللاپ يەنى شۈيدىڭخۇنى مۇئاۋىن مۇپەتتىش-
لىككە تەيىنلەپ، مەزكۇر ھەيئەتتە سوراق ئىشلىرىغا قاتناش-
تۇردى. 1943-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ج.خ. ئىدارىسىنىڭ

باشلىقلىقىغا ئۇستۇردى. 1943-يىلى يەنە جاڭدەيدەي، شى-
شۇچياڭ، لى×گوي، نيەۋدىنشى قاتارلىقلارنى ساقچى مەكتە-
ۋىدىن يوتكەپ كېلىپ، سوراق قىلىش، پىراكتىكىسىغا قات-
ناشتۇردى. مەن، تيەن رويۇ بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنى شا-
گىرتلىققا ئالدۇق.

مەخپىي سوت ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، كاتىپ
تەيىنلەپ سوراق ئارخىپلىرىنى ساقلاشقا مەسئۇل
قىلىندى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، باش ئورۇندا
كاتىپ بولغانلار خائىنلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسا-
دىر قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى، كېيىن مالىيىگە ئازا-
رەت قىلىش ھەيئىتىدىن ۋۇجېپەڭنى يوتكەپ كېلىپ مەسئۇل
قىلدى. 1939-يىلى بۇ كىشى ج.خ. باشقارمىسىنىڭ مۇدىر كا-
تىپلىقىغا ئۇستۇرۇلدى، كېيىن يەنە باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

1943-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ئىچكى ئىش-
لار مىنىستىرلىكىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاڭ-
دېپۇ باشچىلىقىدىكى مەركىزى سوراق قىلىش ئۆمىكىنى ئېۋەت-
تى، ئۇلار شىنجاڭغا كېلىپ دۇجىڭيۇەنىڭ ئەنزىسىنى، «12-
ئاپرىل» ئەنزىسىنى، ئالتاي توپىلىڭى ئەنزىسى قاتارلىقلار-
نى قايتا تەكشۈرمەكچى بولدى. بۇ ئۆمەكتە جەمئى 4 كىشى
بولۇپ: ۋاڭ دېپۇ، لى يۇەنبو (قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەل-
دارى، ھەربى سېستىمىسىدىكى ئىشپىيون) جۇشۇشىڭ (مەركىزى
ئالى سوتنىڭ باھا بەرگۈچى ئەمەلدارى)، جىندالۇن



ھەربى سېستىمىدىكى ئىشپىيون) قاتارلىقلار بو-
لۇپ، ئۇلار بۇ ئەنزىلەرنى قايتا سوراق قىلىپ، تەك-
شۈرگەندىن تاشقىرى، ئاساسى ۋەزىپىسى: شىنجاڭغا كېلىپ
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن ماۋزېمىن، چېن
تەنچۇ، لىن جىلۇ قاتارلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئىدى.
شىڭ شىسەي ئۇلارنى ياخشى قارشى ئې-
لىپ، ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتتى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
مەركەزنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. شىڭ شىسەي
مەخپىي سوت ھەيئىتىگە، بۇ ئۆمەك بىلەن بىرلىشىپ، بىرلىك-
تە سوراق قىلىشقا يوليورۇق قىلدى. ئارىدىن 3 ئاي ئۆتكەن-
دە، ئۇلار بىرلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا زىيانكەشلىك
قىلىدىغان بىر يۈرۈش سۈيقەستلىك پىلان ۋە ئاتالمىش
«ھوكۇم» دىگەن نەرسىنى پەيدا قىلىپ نەنجىڭگە ئاپىرىپ
جياڭجېشىگە خىزمەت كۆرسەتمەكچى بولۇشتى. شىڭ شىسەي
ئۇلارغا ئالتۇن سوغا قىلىپ، غوجىسىغا خوشامەت قىلدى.
ئۇلار قايتىپ كېتىپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شىڭ شىسەي
چوڭ قىرغىنچىلىقنى باشلىۋەتتى. قايتا سوراق قىلىش ئۆ-
مىكى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ج.خ. باشقارمىسى
مەخپىي سوت قىلىش ھەيئىتىگە: 1941-يىلى توپىلاڭ قىلىش
سۈيقەستىدە بولدى دىگەنلەردىن قويۇپ بېرىلىپ باشقارمى-
دا قالدۇرۇپ ئىشلەتكەن گۇجاڭلاردىن مەسىلەن: چاڭتيەنشىن
سۈلىيەنخي، جاڭشىنچۇ، جاڭخوگيۈەن، ليۇجېنخى، ردڭجېنۋېن،
بەي جېنيۈەن، ئاشۇردىن (ئەكبەر) قاتارلىقلارنى ئېۋەتتى، ھەم-
دە ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن جىنايەتچى ۋاڭ كې-
گۈڭ بىلەن مېنى بۇ، ھەيئەتكە يوتكەپ كاتىپلىققا ياكى

تەرجىمانلىققا سالدى. 1944-يىلى 9-ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھەربى سېپتىمىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ كاتتىۋېشى خۇگوجېن شىنجاڭ ئولكىلىك ج.خ. باشقارمىسىنى ئوتكۈزۈۋالدى. 2-4-تۈرمىدىكى ۋە 137-نومۇرلۇق ئەنزىدىكى مەخپى سوت قىلىش ھەيئىتىنىڭ گۇرۇپپىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەنزىلەرنى گومىنداڭ يېڭىۋاشتىن يۈي××باشچىلىقىدىكى مەركىزى سوراق قىلىش ئومىگىنى ئېۋەتىپ ئوتكۈزۈۋالغاندىن تاشقىرى، بېسىلىپ قالغان ئەنزىلەرمۇ ئېنىقلاندى. مەركەزنىڭ چېگرا خەلقىغە قىلغان خەمخورلىقى دېگەنگە ئوخشاش يالغان-ياۋىداق سوزلەر بىلەن ئاتالمىش جىنايەتچىلەرنى تۈركۈم-تۈركۈمەپ گۇناسىز دەپ ئېلان قىلىپ قويۇپ بېرىش يولى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى ئوزىمىزگە قايىل قىلماق بولدۇق. قويۇپ بېرىلگەنلەر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نازىر، باشقارما باشلىقى، ئىدارە باشلىقى دېگەن مەنسەپ ئورۇنلىرىغا يېڭىۋاشتىن چىقىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەملەشتى.

1945-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى شەرقىقە قاراپ ئىلگىرلەپ شىخوغا كەلگەندە، شىنجاڭ ج.خ باشقارمىسى ئىشپىيونلار تويلىغان ئاخبارات ئىچىدىن «1-ماي توپلىمىكى ئەنزىسى» نى پاش قىلدى. ئىشپىيونلار كاتتىۋىشى، شىڭ شىسەينىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ج.خ باشقارمىسىنىڭ 1-بولىمىدە، سوت ھەيئىتى تەشكىل قىلدى، خۇگوجېن، مايۈنۋېنلار ھەيئەت باشلىقى



ۋە مۇئاۋىن باشلىق بولدى. خوبوچيۇ، چى شىياگشىڭ، ئاشۇرېن، ليۇخەندۇڭ، بەي شىڭئاۋ، جۇچۇنخۇي، ليۇ جىجۇڭ، دۇماۋچۇن، يېڭ××، ليۇگە ۋە شى يۇەنپۇلار ئەزا بولدۇق. ئابدۇراخمان، ليۇيۇەنخۇالەر تەرجىمان بولدى. 3ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئىلى بىلەن ئىچىلىق سوھبىتى باشلىنىپ، بۇ تەشكىل ئەمەلدىن قالدى.

يوقۇردىكى ئەزالارنى شىڭ شىسەي ئەنزىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ يوتكەپ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن، دوبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە تۈرمىسىدىكى مەخپى سوت گۇرۇپپىسى 1941-يىلى 3-ئايلاردا نەنمېنىڭ سىرتىدىكى گىرمانىيە كاتولىك دىنى ئىبادەت خانىسىنىڭ كونا ئورنىغا كوچۈپ باردى. بۇ ئورۇننى 731-نومۇرلۇق (تېلېفون نومۇرى) دەپ ئاتىدى. بۇ گۇرۇپپىدا باندىت شىڭ شىسەينىڭ يېقىنلىرى سوراق قىلىشقا مەسئۇل ئىدى. دۇتەق مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ ئورۇن تاللانغان ئىدى. گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى بولمىغانلاردىن ھەيلى ھەر قانداق كىشى بۇ ئورۇنغا كىرگۈزۈلمەيتتى. بۇ يەرنى باندىت شىڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى كوزەت قىلاتتى. 1941-يىلى، سوۋەت ئىتتىپاقى مۇسكۋادىن 2-قېتىم ئەۋەتكەن ئىسنېف باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتى ئەنزىسىنى سوراق قىلىش ئۆمىگى شۇ ئورۇندا سوراق قىلدى، كېچىلىرى سوراق قىلىپ كۈندۈزى سوۋېت كونسۇل خانىسىغا بېرىۋالاتتى. ئۇ چاغدىكى ئەڭ مەخپى ھېساپلانغان ئەنزىلەر مەسىلەن، چېگرا خىزمىتى باشقارمىسىدىكى ۋۇزۇجۇن ئەنزىسى، دۇجۇگيۇەن ئەنزىسى، «21-ئاپرېل» ئەنزىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان ئەن-

زىسى بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئورۇندا سوراق قىلىندى. 2-تۈرمىدىكى گۇرۇپپىنىڭ قامالغۇن نومۇرى 194- بولۇپ، مەخپىي سوت ھەيئىتى دەسلەپ مۇشۇ ئورۇندا قۇرۇلغان ئىدى، ئاخىرى بېرىپ بۇ جاي سوت ھەيئىتىنىڭ ئورنى بولۇپ قالدى. 1937-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە ئاتالمىش چوڭ تۈپىلاڭ ئەنزىسى سوراق قىلىندى. دەسلەپتە ئىنتايىن مەخپىي بولدى. 1939-يىلىدىن كېيىن، بۇ ئادەتتىكى ئەنزىگە ئايلىنىپ قالدى. 4-تۈرمىدىكى گۇرۇپپا 231-نومۇرلۇق ئىدى. 137-149-نومۇرلۇق سوراق گۇرۇپپىلىرىدا ئومۇمەن ئانچە مۇھىم بولمىغان ئەنزىلەر سوراق قىلىناتتى. بىرىنچى تۈرمە 511-نومۇرلۇق بولۇپ ئۇ يەردە گۇرۇپپا يوق ئىدى، جىنايەتچىلەرنى ۋاقىتلىق ئېلىپ چىقىپ، سوراق قىلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئايرىم گۇرۇپپا ئىزچىقىپ سوراق قىلاتتى. ئەنزىسى ئادەتتىكى سىياسىي مەسىلە دەپ قارالغان، مەسىلەن، ماليالىجۇن ئاخۇن ئەنزىسىگە ئوخشاشلارنى 1942-يىل بىر مەزگىل مۇشۇ ئورۇندا سوراق قىلىنغان ئىدى.

1943-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە مۇھىم ئەنزە دەپ قارالغان خۇاڭ، لىن ئەنزىسى، لىۋجىڭشىن ئەنزىسىگە ئوخشاشلارنى، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى ئالاھىدە تۈرمىدە سوراق قىلدى. ۋاڭدېبو قاتارلىقلار شىنجاڭغا كەلگەندە، 4-تۈرمىنىڭ ئالدىدىكى قەۋەتلىك بىنادا 235-نومۇرلۇق نام بىلەن، «12-ئاپرېل» ئەنزىسى، دۇجۇڭيۈەن ئەنزىسى، باقىت بەيس، ئەنزىلىرىنى سوراق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كىشىلىرى 2-تۈرمىدە سوراق قىلىنىدى.



مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ تۈزۈمى، ئىنتىزامى، باشلانغاندىن تارتىپ، ئاخىرلاشقانغا قەدەر چىڭ بولدى. 1934-يىل 7-ئايدا قۇرۇلغان سىياسىي تەپتىش باشقارمىسى، شىڭشىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندىن تارتىپ، ھالاك بولغانغا قەدەر بىردىن-بىر ئاخبارات ئورگىنى يەنى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئىدى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز تىمىسقىلاپ يۈرۈپ گۇمان بىلەن، سىياسىي ئەنزە، تۈپىلاڭ ئەنزە، جاسۇسلۇق ئەنزىلىرىنى پەيدا قىلاتتى. قەستەن تېررورلۇق يۈرگۈزەتتى. بۇمۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ۋاستىسى ئىدى. 1937-يىلى 1-2-تۈرمىگە ئادەم توشۇپ كېتىپ 3-4-تۈرمىلەرنى ياسىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگەتكەن سوراق قىلىش ئۇسۇلىنى شىنجاڭغا يېتىپ كېلىش بىلەن، مەخپىي سوت ھەيئىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، مۇستەبىتلىك نىزگىنلەش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈملىرى بەلگىلەندى.

1-سوراق قىلىش ھەركىتىدىن باشقا ئادەتتىكى مەمۇرى كەسپىي ئىشلار توغرىسىدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مەجلىس ئېچىش، ئەنزە ئەھۋالىنى موھاكىمە قىلىشقا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كىشىلىرى مەسئۇل بولۇش، سوراق قىلىشتىكى بارلىق مەسىلىلەرنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ كىشىلىرىدىن يوليورۇق سوراش.

2-سوت ھەيئىتىگە مەخسۇس تېلىفون ئورۇنلاشتۇرۇپ، سوراق ئەھۋالىدىن ۋاقتىدا دوكلات بېرىپ، يوليورۇق سوراپ تۇرۇش، سوراق ئۈستىدىكى مەسىلىلەرنى ئېغىز-ئارا سۆزلەشمەسلىك ۋە ئالماشتۇرماسلىق، بارلىق ئىقرار نامىلەرنى شىڭشىسەيگە يوللاش، ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئىقرار

نامىنى جىنايەتچى ئۆزى پىچەتلەپ «دوبەن» گـ ئەۋەتىپ بېرىش. ئەگەر بەزى جىنايەتچىلە سوراقچىنىڭ قويغان مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، شىڭ شىسەي مەخسۇس تىلىفوندا جىنايەتچى بىلەن بىۋاستە سوز لۇشۇش ياكى دوبەن مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ ئۆزى سوراق قىلىش، ئىقرارىنى گورۇپپىلار ئۆز-ئارا كورۇشكە بولمايدۇ

3-سوراقچى ۋە گۇندىپايلار سىرتقا چىقماسلىق، ئە گەر چىقىش زورۇر بولۇپ قالسا ئىككىدىن يوقۇرى كىشى بىرگە چىقىپ بىرگە قايتىش، ئۆز-ئارا نازارەت قىلىش دوبەنگە ھەر ۋاقىت مەخپى دوكلات بېرىپ تۇرۇش، چاچ ئالدۇرۇش، مونچىغا بېرىشتىمۇ كوللىكتىپ بېرىش، ھە قېتىم سىرتقا چىقىشتا دوبەن رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن چىقىش، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش ئائىلە تەۋەلىرى تۇرمە ئىچىدە ئولتۇرۇش، تۇققانلىرى بى لەن كورۇشمەسلىك، ئوز خىزمىتىنى ئاتا-ئانىسى، خوتۇنى غىمۇ ئېيتماسلىق، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئولۇم جازاسى بېرىش.

4-جىنايەتچىلەر بىلەن سوزلەشمەسلىك، سوراق قى لىنغان جىنايەتچىگە نەن جازاسى بەرگەندە، دوبەننىڭ ئوز قولى بىلەن يازغان «جازا ئۈستىدە ئولۇپ قالسا سۈرۈش تۇرۇلمەيدۇ» دىگەن قول يازمىسىنى ئېغىز ئارقىلىق جىنا يەتچىلەرگە يەتكۈزۈش ياكى سوراق خانىغا چاپلاپ قويۇش.

5-جىنايەتچىلەرنى سوراق خانىغا ئەكىلىشتە 3 بۇر جەكلىك خالتىنى بېشىغا كەيدۈرۈپ ئېلىپ بېرىش، قاماق خانىغا قايتۇرۇپ كەلگەندىمۇ شۇنداق قىلىش. سوراق خا



نىغا ياكى قاماقخانىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا گۇناكارنىڭ بېشىدىن خالتىنى ئېلىۋېتىش.

6-سوراق داۋامىدا، ھەر ۋاقىت جىنايەتچىنى كامېر-دىن-كامېرغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن ئالدى بىلەن دۇبەندىن يوليورۇق سوراش.

7-كامېرلارغا تىڭ-تىڭچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، جىنا-يەتچىلەرنىڭ ئىدىيە سوزلىرىنى توپلاپ، سوراق قىلغاندا پايدىلىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خوجىنياز ھاجى ياتقان كامېرغا ج خ باشقارمىسى ئۇمۇمى ئىشلار بولۇمىنىڭ مۇئا-ۋىن باشلىقى لى رىڭ بىننى گۇناكار دەپ كىرگۈزۈپ تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بارغان.

8-جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئىۋەتكەن نەر-سىلەرنى قوبۇل قىلغاندا، ھەيئەت ئەزالىرى ئوزى تەكشۈ-رۈش، خەۋەرلىشىشتىن ساقلىنىش.

9-ئاتالمىش مۇھىم جىنايەتچىلەرنى بەلگىلىمە بويىچە جاڭگوڭچېن شەخسەن ئوزى ئېلىپ چىقىش.

## 5 - مەخپى سوت ھەيئىتى ئىش خاراكتىرىدىكى ئوزگۈرۈش

مەخپى سوت ھەيئىتىنىڭ پائالىيىتى-شىڭ شىسەينىڭ سىياسى ئوزگۈرۈشىگە قاراپ ئوزگۈرۈپ كەلدى. 1937-يىلىدىكى ئەنزە تۇنىڭ يالغاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولىۋالغان ۋاختى ئىدى. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوزىگە يات بولغانلارنى ھەدەپ يوقۇتۇپ، ئوكتەملىك بىلەن

ئېررورلۇق قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەخسى-
دىگە يەتمەكچى بولدى. ئەلۋەتتە، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن
ئەنزىلەردىن مەسىلەن: لى جۇڭلىن، جاۋدېشۇ، گىمىركىن،
مىزگىن، باپېنگوت، ۋاسىلىنس قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بەزى-
لىرى گېرمانىيە جاسۇسى، بەزىلىرى ياپونىيە جاسۇسى ئى-
كەن. مەسىلەن، رولاۋلوۋ روسىيەلىك بولسىمۇ گېرمانىيە تە-
ۋەلىكىگە ئۆتكەن. يۇرگىنسون بولسا گېرمانىيىلىك ئىكەن،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋرۇ - ئاسىيا، ئاۋىئاتسىيە شىركىتى
قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىركەتكە كەلگەن خادىملار
ئىدى. سوراق داۋامىدا، ئۇلار ئەيىبىنى
ئېتىراپ قىلدى. ئاخىرىدا...
مەستىن: گېرمانىيە ئاخبارات ئورگىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن
شاڭخەيگە كەلدۇق، بىزگە بېرىلگەن ۋەزىپە شىنجاڭغا كىلىپ
كاتولىك ئىبادەت خانىسىدىكى پوپقا (پوپ ياكى دىن تار-
قاتقۇچىلار) ماسلىشىپ شۇنىغا قېرىمىسىنىڭ خادىمى شىلىمىر
قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە جاسۇسلۇق قىلىش ئىدى دەپ
ئىقرار قىلدى. يەنە بىر مىسال، زارىپخان، ھىندىستانلىق،
ئۇلۇق بىرىتانىيە جاسۇسلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن جەنۇبى
شىنجاڭغا جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ياپو-
نىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭغا خېلى بۇرۇنلا 1919-يىلى
بىر كەسپى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ قارباغاتاي، ئىلى
قاتارلىق جايلاردا جاسۇسلۇق ھەركەتلىرى ئېلىپ بارغان ئىدى. ئىلى
خارجى مۇناسىۋەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇشاۋپىن (چىڭ خاندانلى-
قىنىڭ ئىلىدىكى جياڭجۈنى شىلىنىنىڭ ئوغلى) سېتىلىپ ئاق
ئورۇسلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ
جاسۇسلىرىنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. 1937-



يىلىدىكى چوڭ تىرىپلاڭ ئەنزىسىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئەنگىلىيە، ياپونىيە جاھان-
گىرلىرى شىنجاڭدا جاسۇسلۇق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەركىتى
ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شىڭ شىسەي گەرچە
ئىلغار دىگەن نىقاپقا ئورۇنىۋالغان بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى
جۇڭگونىڭ پۈتكۈل سىياسى ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭ
يەنىلا بىر قەدەر ئىلغار رايون ھېسابلىناتتى، شۇڭا گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرى بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋالغان.
تەبىى بايلىقى مول شىنجاڭنى ھەرقايسى جاھانگىرلار، يۇ-
تىۋېلىش ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا شولگەيلىرىنى ئاقتۇزۇپ كەل-
گەن ئىدى. بەزى مىللى مۇناپىقلار ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قو-
راللىق كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تىرىپلاڭ تۈيۈش-
تۇرۇپ، شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ سوۋېت پەرەس ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گومىنداڭ ھوكۈمىتى يا -
كى ئىسلام دولىتى قۇرماقچى بولدى. مەسىلەن، خوجىنىياز
ھاجى سوۋېيۇەندىكى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جاسۇسلار كات-
تىۋېشى شۈيتيەن بىلەن كورۈشۈپ ئالاقە باغلاشقا ئەۋەت-
كەن ۋەكىلى ئىسمايىل ھاجىنىڭ ئىقرارىدا: شۈيتيەن ئۇ-
نىڭغا ياپونىيە پادىشالىق ئارمىيىسى يېقىندا غەربى - شىمالغا
يېتىپ بارىدۇ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار (ئۇمۇمەن ئۇيغۇر دى-
نىدىكىلەر) نىڭ ئىسلام دولىتى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ،
دىگەن گەپلەرنى قىلغان. ياپون جاھانگىرلىكى تەسىر كۈچى-
نى شىنجاڭغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىشى، جۇڭگونىڭ شەرقى
شىمالىدىن غەربى شىمالىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مۇ-
ھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىدى. شەرقى شى-

مالدا مانجۇرىيە، غەربى شىمالدا ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى مەخسەت قىلاتتى. بۇ سۇيىقەستلىك پىلان: جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش، دۇنياغا خوجا بولۇش كوك خەرىتىسىگە خېلى بۇرۇنلا چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوس بولۇپ تۇرغان، دەسلەپكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادى جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىغان ئىدى. بۇ باسقۇچلاردا، شىڭ شىسەي ھەممىلا ئىشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يوليورۇق سورايتتى . پىكىر ئالاتتى. ئاخباراتچىلىق، سوراق قىلىش، مەيلى قانداق ئىش بولسىمۇ شۇلارنىڭ دىگىنىنى بويىچە قىلاتتى. بۇ دەۋرلەردە، ئومۇمەن سوۋېتتىكە قارشى ھەركەتلەردە بولغانلارنى بىردەك قولغا ئېلىپ جازالايتتى.

مەخپى سوت ھەيئىتى، سوراق قىلغان ئەنزىلەر ئىچىدىكى قولغا ئېلىنغۇچىلار، ئاساسى جەھەتتىن بەزى ئەكسىيەتچىلەر بولسىمۇ، شىڭ شىسەي شىنجاڭدا دەھشەتلىك تېررورلۇق پەيدا قىلىش ئۈچۈن، مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈمىزكى، بىردىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيمىز دەپ چۇقان كوتەردى. مولچەرلىنىشىچە شۇ چاغدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ 40 پىرسەنتى ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ چاغلاردا ئاتا - بالىدىن گۇمانلىنىدىغان، ئەر - خوتۇننىڭ پىكرى بىرجايدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ قورقۇنۇچلۇق گۈكىرەشلىرى ھەممە كىشىنى دەككە - دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويغان، كىشىلەرنى ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈيدىغان يۈرەكزادە قىلىۋاتقان، ئاق تېررورلۇق پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ كەت-



كەن ئىدى.

1939 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەركىتى ئەمدىلا باش كوتۈرۈپ چىققاندا، مەخپى سوت ھەيئىتىنىڭ ھەركىتىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىردۇمۇلاپلا ئۆزگەردى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچلىرى خېلىلا كۆپەيگەن، ھەتتا قۇراللىق ئەسكەرلىرىمۇ ھەم يەر ئاستى ھەركەتلىرىمۇ بار ئىدى. شىڭ شىسەي بىرتەرەپتىن سوۋېت تەسىرىدىن قورقسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆز ھوكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشىدىن قورقۇپ، تېخىمۇ مەككارلىشىپ كەتكەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بولغان ئەندىشىسىنى يېنىش ئۈچۈن، ماركسىزىم، لېنىنىزىمنىڭ ئىلغار نەزىرىيەلىرىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى، ھەربى مەكتەپ، ساقچى مەكتىۋى، شىنجاڭ دارىلفۇنۇندا ماركسىزىم، لېنىنىزىمنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى. ئومۇمەن يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى مەمۇرى ئەمەلدارلارنى ماركسىزىم، لېنىنىزىمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەيسىچىنىڭ ئىدىيە، ئۇسۇل نەزىرىيىسىنى، بولشىۋىكلار پارتىيىسى تارىخىنى، ماركسىزىم، لېنىنىزىم مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. شەكىل جەھەتتىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئوزىگە جەلپ قىلىدىغان سوزلەرنى تارقاتتى. ئۇ: شىنجاڭ قالاق، فىودالىزىم تەسىرى كۈچلۈك، ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن، سولچىللىق خاتالىقىنى ئوتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، دىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ، ئوزىگە يېقىن كاتتىۋاشلارغا ۋە ئاتالمىش ئىشەنچلىك ئورگانلارغا مەسىلەن، ج . خ باشقار-

مىسى، مەخپىي سوت ھەيئىتى، سەنمۇلار باشقارمىسى قاتارلىقلارغا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش لۇشيەنىنى يۈرگۈزۈشكە، سوۋېت تەرەپنى ئاتالمىش «ئا» تەرەپ دەپ ئاتاشقا مەخپىي يولیورۇق بەردى. بەزى ئىدارىلاردا ئۆزىنىڭ سۇئىقەستىنى مەخپىي يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەتتە سوۋېت پەرەسلىك ۋەزىيەتنى داۋاملاشتۇردى. شېڭ شىسەي بۇ سۇئىقەستلىك ئىستىراتېگىيىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېت پەرەسلىك كەيپىياتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخباراتچىلىق ھەركىتىنى، ھەمدە شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچىنى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇنىيىتىدىن تولۇق ئىگەللىۋېلىپ، بىرتۈركۈم سوۋېت پەرەس خادىملارنى قولغا ئالدى. مەسىلەن، ج. خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز (سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيە داشۆيىسىنى پۈتتۈرگەن)، مالىيە نازىرى قۇربان سەئىدى، ئەمىرات نازىرى ئابدۇللا داموللا ۋە مىللىلار ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى. بۇ ئەنزىگە، شىنجاڭ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇرپان، پىچان، توخسۇندا دېخانلار توپىلىڭىنى پىلانلاش ئەنزىسى دەپ ئات قويدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە: ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ج. خ باشقارمىسىدىكى سوۋېتلىك ئاخبارات مۇتەخەسسىسى 6 - بۆلۈم باشلىقى ھاشىم ھاجىلار بۇ، سۇئىقەستنى پىلانلىغۇچى دەپ پەرەز قىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرىنى ۋە ھاشىم ھاجى قاتارلىقلار-



نىڭ ھەممىسىنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كەتتى. ۋە يەنە بىر مەخپىي سوت قىلىش ئۆمىكىنى سەينىيىف رەھبەرلىكىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ قايتا سوراق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدا ماركىس، ئېنگېلىس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىلغار كىتابلارنى، رەسىملارنى ھەدەپ مۇسادىرە قىلىپ تۇپلاپ، ج. خ باشقارمىسىدا كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. مەخپىي سوت ھەيئىتى سوراق قىلىدىغان ئەنزىلەرنىڭ كۆپىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى سۇئىقەست قىلىدىغان ئەنزىلەردىن ئىبارەت بولدى.

1941 - يىلى شېڭ شىچى (شېڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى) نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ماجىياۋ، چيۇزۇگجۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ياۋجېرجۇڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چيۇزۇگچۇنى ئۆلتۈرگەن ئەنزە پەيدا بولدى. بۇ ئىككى ئەنزە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي باش مەسلىھەتچىسى لاتوپ ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى ۋىلىيېننىڭ قوماندانلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتكە قارشى تۇرۇش ھەركىتى قىپ - يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداقلا باندىت شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيىگە قارشى رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلدى. ئۇ، زەھەرلىك قولىنى شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا بىرىيولىلا پاك - پاكىز يوقۇتۇۋېتىشقا قارىتىپ، بىرىنىمۇ ئامان قالدۇرماي، ئۆزىنىڭ گو-

مىنداڭ جاڭجيېشى ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىللە ئەسكىلىك
قىلىشىنىڭ بىرىنچى مۇقەددىمىسى قىلدى.

1942 - يىلى كۈزدە ئۇرۇش جىنايەتچىسى سۇڭ مېيلىڭ،
جۇشياۋلياڭ قاتارلىقلار شىنجاڭغا كەلدى. شىڭ شىسەي ئۇ-
زىنىڭ «گومىنداڭ دۆلىتى»گە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈ-
رۈش ئۈچۈن، پەسكەشلىك بىلەن قول قوشتۇرۇپ لەببەيدەپ
تۇرىدىغان قۇللۇق قىياپىتىنى كورسىتىپ، كوممۇنىستلارنى
تۇرمىگە ئالدى. بانديت جياڭجيېشىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا
كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەلى ھەركىتى قىلىپ كورسۇتۇش ئۈچۈن،
تېخىمۇ زەھەرلىك ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ كوممۇنىستلارغا
يوقىلاڭ بەدناملارنى چاپلىدى. بۇلار ئاتالمىش جۇڭگو كوم-
مۇنىستلىرى شىنجاڭدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرماقچى، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىزىل ئارمىيە 8 - پول-
كى بىلەن ماسلىشىپ مىنىڭ ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇرماقچى،
شىنجاڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يەرلىك ھوكۇمىتىنى قۇر-
ماقچى دىگەن ئەنزىلەرنى پەيدا قىلىپ، كوممۇنىستلارنى
«ئاپرىل» سۇئىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسىگە سورەپ كىردى.
مانا بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىققانلىق.

بۇ ئەنزىنى مەخپى سوت قىلىش ھەيئىتى سوراق قىل-
دى. بارلىق ئاساسلىق جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارىنىڭ كوپ
سانىدىكىلىرى: سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى بىلەن سوۋېت كون-
سۇلخانىسىنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، شىڭ شىسەيگە قارشى
تۇرماقچى، توپىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇپ، يېڭى ھوكۇمەت قۇرماقچى
دىگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ قات-
ناشقانلىق مەسىلىسى قىلچىمۇ چېتىلمىغان ئىدى. شۇڭا شىڭ-



شىسەي گومىنداڭدىن ئادەم ئەۋەتىپ قايتا سوراق قىلىشنى
تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا، جياڭجيېشى ئىچكى ئۇرۇش قوز-
غىغان ئىدى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى يوقىتىش پۇرسىتىنى
قولدىن بېرىۋەتكىلى بولمايتتى، شۇڭا دەرھال ئىچكى ئىشلار
مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ دېيونى شىنجاڭغا
ئەۋەتتى. 1943 - يىلى باھاردا سوراق قىلىش ئومىگىنى
باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن ۋاڭدېيو مەخپى سوت قى-
لىش ھەيئىتى بىلەن بىرلىشىپ 3 گۇرۇپپىغا ئايرىلدى، چې-
كىدىن ئاشقان جازا ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ماۋزېمىن،
چېڭ تەنچۇ، لىن جىلو قاتارلىق ئىنقىلاۋى قۇربانلارنى ئىق-
رار قىلىشقا زورلىدى، خائىن پەن بونەن (پەن تۇڭ) نى
سېتىۋېلىپ سوتتا گۇۋالىققا تارتتى. لېكىن ئىنقىلاۋى باتۇر-
لار ھەقىقەتتە چىڭ تۇردى. قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى.
ھېچ نىمىدىن قورقمايدىغان روھى بىلەن، دۈشمەنلەرنىڭ ئال-
دىغا تۈرغۇنلىغان ھەقىقى پاكىتلارنى قويۇپ، باش كەتسىمۇ
ئىنقىلاۋى ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىغىنى ئىپادىلەپ، جياڭ-
جيېشى، شىڭ شىسەي بانديتلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بىت-
چىت قىلىۋەتتى. مەخپى سوت ھەيئىتىدىكى بىرتوپ كاللا كې-
سەر جاللاتلار ئۈرۈنلۇق بىرەر ئېغىز گەپ تېپىپ بېرەلمەي،
ئاخىرى ئۇلارغا زەھەرلىك قول سالدى، ئىنقىلاپچىلارنىڭ
كاللىسىنى ئېلىپ ئۆزخوجايىنلىرىغا خىزمەت كورسەتمەكچى بول-
دى. شۇنداق قىلىپ مەخپى سوت ھەيئىتى گومىنداڭ ئەك-
سىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئىنقىلاۋىنى قانلىق باستۇرىدىغان جى-
نايى قورالى بولۇپ قالدى.

1944 - يىلى مەخپى سوت ھەيئىتى، شىڭ شىسەينىڭ

ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەكسىلئىنقىلابىي ھۆكۈمرانلى-
قىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە تېخىمۇ غالجىرلىق
بىلەن قارشى چىقتى. ئۇ، غۇلاپ چۈشۈش ئەرپىسىدە، جىياڭ-
جيېشىدىنمۇ قىلچە تەپ تارتماي، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئە-
ۋەتكەن ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇرىنى خۇاڭ رۇجىن،
تەمرات نازىرى لىن جىيۇگلارنى «خۇاڭ، لىن ئەنزىسى» پەي-
دا قىلدى دەپ قولغا ئالدى؛ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرگەن ھەربىي ئەمەلدار ليۇ جىنگشىنىمۇ قولغا ئالدى.
بۇنى ليۇ جىنگشىن ئەنزىسى دەپ ئاتىدى. بۇ ئادەملەر قولغا
ئېلىنغاندىن كېيىن ئاما ئىچىدە شىڭ شىسەي ئىچكىرىدىكى يۇت-
كۇلۇپ كېتىشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتىدۇ دىگەن گەپ - سۆزلەر
پەيدا بولدى. شىڭ شىسەي بۇنى سەزگەندىن كېيىن، ئاغدۇ-
رۇلۇپ كېتىشكە تەن بەرمەي يانا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يار-
دەم تەلەپ قىلماقچى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ غوللۇق ئۇنسۇر-
لىرىنى قولغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئېرىشمەكچى بولدى. لېكىن مەن بىلگەن ئەھۋال مۇنداق ئى-
دى: دوبەن مەھكىمىسىنىڭ مەخپى كاتىۋى سۇليەن ماڭا:
شىڭ شىسەينىڭ خۇاڭ، لىنلارنى قولغا ئېلىشتا ئاساسى بار،
بۇنى سىرتتىكىلەر بىلمەيدۇ، 1943 - يىلى جىياڭ جيېشى بىر
تۈركۈم پىرقە ھۆكۈمىتىنىڭ «مۇھىم خادىملىرى»نى شىن-
جاڭغا ئەۋەتكەندە، ئالدى بىلەن شىڭ شىسەيگە مەخپى تېلېگ-
رام بەرگەن، تېلېگراممىدا ھەربىر شەخسىنىڭ ئەھۋالى تو-
نۇشتۇرۇلغان، خۇاڭ رۇجىن ئۈستىدە كوممۇنىست دىگەن گۇمان
بار، ئوبدانراق دىققەت قىلىڭلار دىيىلگەن. بەزىلىرىنى يە-
نىمۇ تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ، بەزى كىشىلەر چۈگچەكدا كوم-



پارتىيىنىڭ يەرئاستى ھەرىكىتىگە قاتناشقان دەپ ئۇيدۇر-
غان، شۇڭا ئۇلارنى قولغا ئالدى، دىگەن سۆزنى بىرقانچە
قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. دىمەك بۇ ئۇسۇل جىياڭ جيېشى-
نىڭ كومپارتىيە ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنى چەكلەشتە ئىزچىل
قوللىنىپ كەلگەن چارىسى ئىدى. ئۇ، ئانچە - مۇنچە گۇمان-
لىق ئىشلارنىمۇ ھەرگىز قويۇۋەتمەيتتى. شىڭ شىسەي سوۋېت
ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچىلىكتە
ئۇچىغا چىققان يالاۋۇز بولغانلىقتىن جىياڭ جيېشىنىڭ يول-
يورۇقىنى «مۇقەددەس يارلىق» دەپ بىلەتتى. ئۇ، قانداق-
مۇ خاننىڭ ئەمرىگە مۇخالىپ ئىش قىلالىسۇن! بۇ ئۇنىڭ
خۇاڭ ۋە لىنلەرنى قولغا ئېلىپ ئەنزە پەيدا قىلىشتىكى ھە-
قىقى ئىچكى سىرى ئىدى. بۇ ئەنزىمۇ شىنجاڭ يەرلىك ھۆ-
كۈمەت ئەمەلدارلىرىغا چېتىلدى، مەسىلەن: ج. خ. باشقارمى-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ساۋتيەنجۇ تۈرمىدىن چىققاندىن
كېيىن ماڭا: سوراق قىلغاندا، خۇاڭ رۇجىننىڭ دوليورۇغى بى-
لەن سوۋېت كونسۇلخانىسىغا يېقىنلاشقانلىق مەسىلىسىنى ئىق-
رار قىلىشقا ھەمدە سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن ئالغان خىراجەت
پۇلنى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى دەپ سۆزلەپ بەرگەن. يەنە
بىرمىسال: گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇنىڭ تەشكى-
لات بۆلۈم باشلىقى جاڭ جۈچىڭنى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا
بېرىپ قوراللىق ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، توپىلاڭ كۆ-
تۈرۈشكە تەشكىللىگەن دەپ ئىقرار قىلىشقا قىستىغان. بۇ
پاكىتلار، شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭچىلارنى ۋە ئۆزىنىڭ يې-
قىنلىرىنى قولغا ئالغانلىقى، ئۇنىڭ غالجىرلىق بىلەن ئىن-
قىلاپقا قارشى قىلغان جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ناھايىتى تەپ-

سىلى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شىڭشىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ باشلىقى جاڭ گۇاڭچېڭگە شىڭنىڭ خۇنۇنى چۈيۈيۈفاڭ بىلەن بىرلىكتە بارلىق ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشنى تاپشۇرغان. جاڭ گۇاڭچېڭنىڭ ماڭا دېگەن سۆزىدە: ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاۋاتقان چاغدا شىڭشىسەيىنىڭ قىزىل قەلەم بىلەن بەلگە قىلىپ قويغان بىر قارا ئىسىملىكنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام پۈتۈن شىنجاڭدىكى شىياۋشىياۋ دەرىجىلىكلەردىن يۇقىرى ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالماقچى بولغان ئىكەن، بەختىكە يارىشا ئۇ، زەھەرلىك قولىنى ئىشقا سېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ بۇ، بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالدۇق دېگەن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا گومىنداڭنىڭ تەسىركۈچلىرى شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندە، باندىت شىڭشىسەي پۇرسەتپەرەسلىك نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەكچى بولغان. بۇ پەقەتلا ئۇنىڭ سوققان خامچوتى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىسەي بىلەن 10 نەچچە يىل ئالاقە قىلىپ، شىڭشىسەيىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاللىقاچانلا بىلىۋالغان ئۇرۇغلۇق كونا ئىزغا يانا باساتتىمۇ؟ شىڭشىسەي ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان ھىلىگەر بولسىمۇ، ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن كونا ئىزىدا يانا ماڭالايتتىمۇ؟ ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە تەرەپتىن قورشاۋغا چۈشۈپ، ئىچكى ئۆلكىگە يۆتكۈلۈشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جياڭجېيشى ئۇنى دىخانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەختتىن غۇلاپ شىنجاڭ-



دىكى 12 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى. مەخپىي سوتقىلىش ھەيئىتىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جاڭ گۇاڭچېڭ، ۋۇ باۋلىيەن قاتارلىقلارغا، بارلىق ئەنزىلەرنى قورچاق مەركىزى سوراق قىلىش ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇردى. مانا بۇلار مەخپىي سوتقىلىش ھەيئىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى.

ئىلاۋە «شىنجاڭ مەخپىي سوتقىلىش ھەيئىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ ئاپتورى شىڭشىسەيىنىڭ ج. خ. باشقارمىسىدا ئۇزۇن يىللار ئىشلىگەن. ئۇ يازغان تەشكىلى ئەھۋال، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپ قىسمى راس، پەقەت بەزى ئەنزىلەرنى بايان قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشى چەكلىك بولۇشتىن خالى ئەمەس.

كونكرېت ئەھۋالنى بىلىدىغان يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ياكى تۈزىتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەھرىردىن

# ۋۇجۇگشىننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانى

زىڭ شىياۋلۇ

ۋۇجۇگشىن — ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياپونىيىگە بارغان، ئىتتىپاقداشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشقان. 1911 - يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى نەنجىڭدە ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭ بولغان چاغدا، مەركىزى ساقچىلار مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ - جياڭ جيېشى بىلەن كۆپ يىل بىللە ئىشلىگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ئىدى. ۋۇجۇگشىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋە گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، موڭغۇل - شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولغان.

1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، جياڭ جيېشى ۋۇجۇگشىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى. 1946- يىلى 3 - ئايدا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭدىن كەتتى. دېمەك ئۇ شىنجاڭغا 18 ئايدەك ھۆكۈمرانلىق قىلدى.



ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى بەزى ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرىنىڭ ئېسىمدە قالغانلىرىنى يېزىپ چىقىپ پايدىلىنىش ئۈچۈن تەقدىم قىلماقچىمەن.

## 1 - سۆزنى ۋۇجۇگشىننىڭ غەربىي - شىمال پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن باشلايلى

1941 - يىلى كۈزدە، جياڭ جيېشى ۋۇجۇگشىننى موڭغۇل - شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە غەربىي-شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ، گەنسۇ - چىڭخەي - نىڭشاغا پارتىيە - ھۆكۈمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ۋۇجۇگشىن موڭغۇل - شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، 1939 - يىلى بۇيرۇق بويىچە لاساغا دالاي 14 - نىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن باشقا، چېگرا رايونلارغا بېرىپ باقمىغان. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گەنسۇ، نىڭشا، چىڭخەي چېگرىسىدىكى بىر قىسىم ئازسانلىق مىللەتلەرمەسىلەن: ئالاشەن خوشۇنىدىكى دالىزايا، لابۇلەڭ ئىبادەتخانىسىدىكى خۇاڭ جيېڭچىڭ قاتارلىقلاردىن ھال سوراپ، بىرچالمىدا ئىككى پاختەكنى يىقىتتى.

ۋۇجۇگشىن چىڭخەيگە بېرىپ مابۇفاڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى. ۋۇجۇگشىن مابۇفاڭنىڭ ئاكىسى مابۇچىڭ بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا بىلگەچكە، مابۇچىڭنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى ۋە ھوقۇقى-

نى ئاجىزلاشتۇرۇش كويىدا ئىدى، شۇڭا ئۇ - مابۇفاڭغا خې-
شى ئەتراپىدىكى جايلارنى مەركەزگە ئۇتكۇزۇپ بېرىش توغرى-
سىدا نەسىھەت قىلغاندا، مابۇفاڭ ماقۇل بولۇپ، ۋۇجۇڭشىن
بىلەن ئايرۇپىلاندا چۇڭچىڭگە باردى، جياڭ جيېشى مابۇفاڭ-
نىڭ يولۇقۇش ئىمپادىسىنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ماشياۋ-
شياڭغا بىر ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ئۇنۋانىنى
بەردى. مابۇفاڭ 10 يىلدىن ئارتۇق بېسىپ ياتقان خېشى
كاردورىنى مەركەزگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھاكى-
مىيىتى شىنجاڭغا خېشى كاردورى ئارقىلىق بېرىشتا ھېچ-
قانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننىڭ
بۇ خىزمىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ۋۇجۇڭشىن بىلەن
مابۇفاڭنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كۇندىن-كۇنگە
قويۇقلاشتى، بۇ، كېيىن چىڭخەي ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ
شىنجاڭغا يوتكىلىشى ئۇچۇن ئاساس ياراتتى. بۇ قېتىم غەر-
بىي - شىمالنى تەكشۇرۇشتە، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كەلمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا كېلىش غەرىزى شۇ چاغدا باشلان-
غان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ غەرىزىنى تۇۋەندىكى شېئىردىن كۇر-
گىلى بولۇدۇ.

كېچىلەپ قىلدۇق سەپەر، ياڭگۇەن تامان،
سوغ شامال ئۇتتى بۇ جاندىن ھەر زامان.
بولۇت ئارا ئالتاي تېغى تەلمۇرەر ھامان،
بىلسە دولەت قورۇشنى - قورماقدۇر ئاسان.

## 2 - ۋۇ جۇڭشىننىڭ سۇڭ مېيلىڭغا ھەمرا بولۇپ ئۇرۇمچىگە كېلىشى

1942 - يىلى جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننى سۇڭ مېيلىڭغا



ھەمرا قىلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ مەخسىدى كورۇنۇش-
تە شىڭ شىسەينى قوتۇلدۇرۇش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭ
شىسەينى ئالماشتۇرۇۋېتىشقا تەييارلىق قىلىش ئىدى. بۇ
چاغدا 8 - جەڭ رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ شىڭ شى-
سەينىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن، ئايرۇپىلان
بىلەن بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى. ۋۇجۇڭ-
شىن بىلەن سۇڭ مېيلىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپ، شىڭ شىسەي
دائىرىلىرى بىلەن سودىلاشتى. شىڭ شىسەي مەركەز ئارمى-
يىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قوشۇلدى. لى تيېجۈننىڭ
خېشى گارنىزون باش شتابى جۇچۇەندىن قۇمۇلغا كېلىپ
ئورۇنلاشتى.

قارا نىيەت - گۇمانخور شىڭ شىسەي، شىنجاڭغا ھوكۇم-
رانلىق قىلغان 12 يىل ئىچىدە بىر يۇرۇش چارىلىرىم بار
دەپ ئۇزىگە تەمەننا قوياتتى، دەسلەپتە سوۋېتكە يېقىنلىشىش،
كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىش فاڭجېنىنى قوللاندى، كېيىن
سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى باشلانغان چاغدا، خەلقارا ۋەزىيەت-
تە ئۇزگىرىش بولدى دەپ، ئاستىرتىن گومىنداڭ بىلەن بىر-
لەشتى. جۇشاۋلياڭ 9 قېتىم كېلىپ مانا شۇ خىزمەتنى ئىشلى-
دى. شىڭ شىسەي بىر تەرەپتىن شىنجاڭنى ئوڭايلا بېرىپ
قويۇشنى خالىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلى - تارباغاتاي،
ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت خەلقى، شىڭ شىسەيگە قارشى
تۇرغانلىقتىن، مۇرەككەپلەشكەن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش
قىيىن ئىكەنلىكىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ. بۇ ۋەزىيەتنى
ئوڭشايمەن دەپ موللاق ئېتىپ چۇشكەندىن كورە، شىنجاڭ ھاكى-
مىيىتىنى مەركەزنىڭ چوڭ ئەمەلىگە تېگىشكىنىم تۇزۇك دې-

گەن يەرگە كەلدى. شىڭ شىسەي قورچاق مەركىزى ھۆكۈ-
مەتنىڭ بۇجاڭى بولۇش، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بول-
غاندەك ئەمەلى ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ
تۇرسىمۇ، لېكىن ئاددى ئەمەل بىلەن ئالاھىدە ئەمەلنى قول-
غا كەلتۈرۈش بىر قەدەر ياخشىغۇ دېگەن يەرگە كەلدى. جۇ
شاۋلىياڭ بۇنى جياڭ جيېشىغا مەلۇم قىلغاندا، جياڭ جيېشى شۇ
بويىچە ئىشلەشكە رۇخسەت قىلدى. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي
قاتمۇ - قات ئەندىشە ئىچىدە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. جۇشاۋ
لىياڭ ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىگىنى سېزىپ، ئۆزى بۇ ئىشقا كا-
پالەت بېرىشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىگىنى چۈشۈنۈپ، شىنجاڭ
ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى، ئىشنى كېچىكتۈرۈش-
كە بولمايدۇ - دەپ، جياڭ جيېشىگە تېلېگرامما بېرىپ، شىنجاڭ-
غا چوڭراق ئەمەلدار ئەۋەتىپ ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلدى.
جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننى ئەۋەتتى. ۋۇجۇڭشىن بەك قورقۇن-
چاق ئىدى، شىڭ شىسەينىڭ قاتىللىقتا ئادەتلەنگەن مۇغەم-
بەر، قاقۋاش ئىكەنلىگىنى بىلگەچكە، كېلىشكە پېتىنالمىدى.
جياڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. سۇڭ مېيلىڭ
شىڭ شىسەيگە جياڭ جيېشى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئالا-
قىنى تاپشۇردى. بۇ - ئالاقىدا شىڭ شىسەيگە دېخانچىلىق-
ئورمانچىلىق بۇسىنىڭ ( مىنىستىرلىگىنىڭ ) بۇجاڭلىقىنى
بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە قىل-
غان ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ۋۇجۇڭشىننى ئەۋەتىش غەرىزى،
ئۇنى: شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى.

ۋۇجۇڭشىن بىلەن سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە،
شىڭ شىسەي ئۇلارنى كاتتا مېھمان قىلدى ھەم خوتۇنى چيۇ-



يۇيفاڭنى سۇڭ مېيلىڭگە ھەمرا قىلىپ قويدى. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، ۋۇجۇڭشىن بىلەن سۇڭ مېيلىڭ قويۇق پوس قو-
يۇلغان يېڭى بىنا ( شىندالۇ ) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سۇڭ
مېيلىڭ چۈشلۈكى ئۇخلىغاندا كۈن نۇرى چۈشۈشنى خالى-
مايتتى. شىڭ شىسەي ئادىيۇتانتلار باشقارمىسىغا نۇرغۇن قارا
شايىدىن دەرىزە پەردىسى تىكتۈرۈپ ئۆينى قاراڭغۇ قىلدۇ-
رۇپ بەردى. ئۆزئارا قىلىشقان سوغىلىرى، ئەتىۋالىق نەر-
سىلەر ئىدى چيۇيۇيفاڭغا ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئالتۇن سائەت
قاتارلىق بۇيۇملارنى سوغا قىلدى. شىڭ شىسەي ۋۇجۇڭشىن
بىلەن سۇڭ مېيلىڭغا شىنجاڭنىڭ يەرلىك گىلىمى، قاشتېشى
قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى.

بۇ قېتىم ۋۇجۇڭشىن بىلەن شىڭ شىسەي سۆھبەتلى-
شىش ئارقىلىق شىڭ شىسەينىڭ غەم - گۇمانلىرى تۈگىدى.
ۋۇجۇڭشىننىڭ ئېيتىشىچە: شىڭ شىسەي تەسلىيىتە ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقىنى، بىردىنبىر-
يە قۇراللىق كۈچ قالدۇرۇپ جۇشاۋلىياڭنىڭ قوماندانلىغى-
نى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىر مەھەل
كېچىكىشىش ئارقىلىق شىڭ شىسەي بۇ پىكرىدىن چېكىنىۋال-
دى. ۋۇجۇڭشىن بىلەن سۇڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىدە بىر قانچە
كۈن تۇرۇپ چۇڭچىڭغا قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن جياڭ جيې-
شى ھاكىمىيىتى شىڭ شىسەينىڭ دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق
مىنىستىرى بولغانلىقىنى؛ ۋۇجۇڭشىننىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە
رەئىس بولغانلىقىنى جاكالىدى. ئاتالمىش شىنجاڭ مەسىلى-
سى ھەل بولغان بولدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە
تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى، جۇشاۋلىياڭ بۇ ۋەزىپىنى ۋاقىت-

لىق ئوتەپ تۇردى. شىڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بۇلاپ - تالاپ توپلىغان يۈك - تاقلىرىنى، ئالتۇن - كۈمۈش، تىللا - ياقۇت، قاش تېشىدىن ياسالغان بۇيۇملارنى 30 نەچچە ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى ھەمدە بىرلىيەن ئەسكەر بىلەن چۇڭچىڭگە بېرىپ، دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىگىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتى. شىڭ شىسەي ئۆزىدە خەلقنىڭ قىساسى تولا ئىكەنلىگىنى بىلەتتى، خەقنىڭ مەخپى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قورچاق مەمۇرى پالاتاغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشقاندىن باشقا، سىرتقا چىقالمايتتى.

شىنجاڭ غەربتە سوۋېتكە چېگرىداش بولغانلىقتىن، شىڭ شىسەي شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتى بىلەن ماختىناتتى. باشتا ئۇ - سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولدى، كېيىن سوۋېتكە قارشى چىقتى. گېرمانىيە باسقۇنچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىپ، موسكۋا خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، شىڭ شىسەي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى شىنجاڭدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇ چاغدا جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى شىنجاڭغا بېسىپ كىردى. كېيىن گېرمانىيە باسقۇنچىلىرى مەغلۇپ بولۇپ، موسكۋا يەنە قەد كۆتەرگەندە شىڭ شىسەي يەنە يامان نىيەت بىلەن توپىلاڭ قىلىش قەستىدە بولدى - دېگەن ئىنىزىنى پەيدا قىلىپ، جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىۋەتىلگەن تەمىرات نازىرى لىن جىيۇك، ئۆلكىلىك داڭبۇ (فىرقە) شۇجىنجاڭى خۇاڭ رۇجېن قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇلارنى تىروتىسكىچىلار دەپ



سوۋېتكە ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئالدانمىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3 ۋىلايەت خەلقى قوزغىلىپ شىڭ شىسەيگە قارشى چىقتى، شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن جياڭ جيېشى ھاكىمىيىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئاتتى. شىنجاڭنى ۋە 50 مىڭ سەر ئالتۇن سوغا بېرىپ بىر مىنىستىرلىك ئورنىغا ئېرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياڭ جيېشىمۇ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرۈشىگە قارىماي، بۇ سودىنى قىلىشقا قوشۇلدى.

## 3 - ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە

شىنجاڭنىڭ رەئىسى بولمىغاچقا، قورچاق مەركەزدىكى چوڭ ئەمەلدارلاردىن رەئىسلىكنى تالىشىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: لياڭ خەنساۋ، جۇجياخۇالار شىنجاڭغا كەلگەن، جۇجياخۇا سىناپمۇ كۆرگەن. سۇن كې بولسا، لياڭ خەنساۋنى كۈچىنىڭ بىردىچە قوغدايتتى. چېن گوفۇ، چېن لىفۇلار CC نىڭ ئادەملىرىنى كۆرسەتەتتى، لېكىن جياڭ جيېشى ۋۇجۇڭشىننى ياقتۇراتتى، چۈنكى شىنجاڭ شارائىتى ئالاھىدە بولۇپ، ئىلگىرى ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەيلەر شىنجاڭنى مۇستەقىل پادىشالىققا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭنى مىڭ تەسلىكتە بوشىتىپ بەردى. ئەمدى قارىسا نىيىتى يوق ھەمپىشقان بىر ئادەم شىنجاڭنى باشقۇرمىسا، جياڭ جيېشى خاتىرجەم بولالمايتتى. ۋۇجۇڭشىن چېگرا رايون ئىشلىرى بىلەن كۆپ شۇغۇللانغان، ھەر قايسى جەھەت-

لەردە ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى ئەنخۇي، گۇيجۇ ئۆلكىلىرىدە رەئىس بولغاندىمۇ ۋاختى بىر يىلدىن ئاشمىغان، يەنى خىزمىتىدىن 3 قېتىم ئىستىپا بەرگەن ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، رەئىسلىكنى تالىشىدىغانلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ۋۇجۇڭشىن ئۆز يېقىنلىرىدىن زىڭ شياۋلۇ بىلەن جۇكۇنتيەننىلا بىللە ئېلىپ كېلەلىدى. جۇكۇنتيەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، زىڭ شياۋلۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى بولدى. قالغانلىرىنى باشقىلار كۆرسەتتى. مەسىلەن: خەلق ئىشلىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ، تەمىرات نازارەتلىرىنىڭ نازىرلىرىنى چېن گوفۇ بىلەن چېن لىفۇ تونۇشتۇرغان، ھەتتا باش كاتىپىنىمۇ چېن گوفۇ كۆرسەتكەن. ۋۇجۇڭشىن بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ: «مەن بىر باش كاتىپنى بىرگە ئېلىپ بارسام بولمامدىكەن؟» دەپ تۇرۇۋالغان. ۋۇجۇڭشىننىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكى ۋە بەنزىسىنىڭ قوراشتۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنىڭ ئۆتكۈنچى خاراكتېردە ئىكەنلىكىنى، موڭغۇل - شىزاڭ ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى، كۆپ يىللاردىن بۇيان ياخشى ئۆتكەن قول ئاستىدىكى لىيۇ لياڭجەننى مۇۋەققەت ھەيئەت باشلىقى تەيىنلەپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياڭ جيېشى شۇ پېتى تەستىقلىدى. لېكىن ۋۇجۇڭشىن خېلى ۋاقىتلارغىچە شىڭ شىسەي چۇڭچىڭگە كەلگەندىن كېيىن ماڭىمەن دەپ يولغا چىقماي تۇرۇۋالدى. چۈنكى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئىلاجىسىز ئايرىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكىرى ھوقۇقىنىمۇ تولۇق تاپشۇرمىدى، ئوتتۇرا يولدا ئۆزگىرىپ قالسا، ئىش چا-



تاق بولىدۇ، جۇشاۋلياڭ ھازىر ئۈرۈمچىدە، ئۇنىڭ بالدۇر ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىڭ شىسەينى شىنجاڭدىن بالدۇرراق قوزغۇلۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلسا، مەن ئاندىن بېرىپ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋالسام دېگەن تونۇشتا بولغان. شۇنداق قىلىپ، ۋۇجۇڭشىن 20 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى.

شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكىلەر ئىدى: رەئىس ۋۇجۇڭشىن، خەلق ئىشلىرى نازىرى دىڭ شياڭخەي، مائارىپ نازىرى شۈيلىيەنچى، تەمىرات نازىرى شې لىنيۈن، مالىيە نازىرى پېڭ جىيۈەن ( شىڭ شىسەينىڭ كونا ئادىمى بولۇپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا لۇيۇيۋېن كەلدى )، يۇيدا، جۇكۇنتيەن، جاڭ شۈەنزېلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولدى، زىڭ شياۋلۇ باش كاتىپ بولدى. دىڭ شياڭخەي، شۈي لىيەنچى، شې لىنيۈن، جۇكۇنتيەنلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئالىي مۇئارىپ سىنىپىنى پۈتتۈرگەن، يۇيدا ھەربى ئىشلار كومىتېتى 1 - باشقارمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، جاڭ شۈەنزې جۇشاۋلياڭنىڭ كۈيوغلى بولۇپ، ئەسلىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە تەپتىش ئەمەلدارى ئىدى. شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدىكى، شۇ چاغدىكى كادىرلار ئىشلىرى پۈتۈنلەي 3 - باشقارمىغا قارايتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ مۇنداق قىلىشى جياڭ جيېشىنى خاتىرجەملەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى رەئىسلىكنى تالىشىۋاتقانلارنىمۇ بۇنىڭدىن قىزغانمايدىغان قىلىش ئىدى.

ۋۇجۇڭشىن ھەقىقەتەن ئۆز ئادەملىرىنى ئىشلەتمىدۇ؟ كونا جەمئىيەتتە ئەمەلدار بولۇشنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممى-

سى «يوقۇرىنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويۇش» قا بولمايدىغانلىقىنى چۈشۈنەتتى. ۋۇجۇگشىن ئۆز ئادىمىنى ئىشلىتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن نازىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئادىمىدىن تەيىنلەشكە پېتىنالمىدى، ئەمما ئۇ - ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋالى، ھاكىم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۆز يېقىنلىرىدىن تەيىنلىدى. بەلكى شۇ ئورۇنلارنى ھەر قايسى تەرەپلەردە مۇناسىۋەت باغلاشنىڭ قورالى قىلىۋالدى.

## 4 - „شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتېرى"

ۋۇجۇگشىن شىنجاڭغا كېلىپ رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە بىر يۈرۈش سىياسەت - فاڭجېنلارنى ئېلان قىلدى. ئۇ: ئىلاھى قانۇن، دۆلەت قانۇنى، ئادىمىگەرچىلىكتىن ئىبارەت ۋەتۋەرلىگى چىقىپ كەتكەن 3 جۈملە سۆزنى ئوتتۇرىغا قويدى. كونكرېت تەدبىرگە كەلسەك، ئۇ 3 تۈرلۈك نۇۋەتتىكى جىددى ئىشنى: ( 1 ) شىڭ شىسەي قالايمىقان سولىغان ئەرباپلارنى قويۇۋېتىش؛ ( 2 ) جايلارغا تەسەللى بېرىش؛ ( 3 ) خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ھەيدەكچى بولۇش. بۇ - ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى شۇ چاغدا كىشىلەر „شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتېرى" دەپ ئاتاشقان ئىدى.

ئەرباپلارنى قويۇپ بېرىش جەھەتتە، ۋۇجۇگشىن قويۇپ بېرىشكە پائال كىرىشمىدى. كۆرۈنۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جاۋابكارلىقتىن قاچتى. ئىنتا-



يىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى، مەسىلەن: بۇرھان شەھىدى، مالىياگجۇن ئاخۇن، لىيۇۋېنلۇڭ قاتارلىقلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، كۆپ ساندىكىلىرىنى قورچاق مەركەزدىن سوراقچىلار ئەۋەتىپ بىر ياقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ ۋاقىتنى خېلى ئارقىغا سۈردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار ئەرباپلار بىلەن شەرقى - شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، نۇرغۇن ماشىنا چىقىرىپ ئىچكى ئۆلكىگە ئۇزىتىپ قويدى. قەپىلىشنى خالىمىغانلارنى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نامى مەشھۇر كىشىلەرگە ئالاھىدە ئېتىۋار بەردى. مەسىلەن: بۇرھان شەھىدىنى ئورۇمچى 1 - ۋىلايەت مەمۇرى مەھكىمىسىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى، ھەمدە مەمۇرى مەھكىمىنى قۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ماشىنا ئاجرىتىپ بېرىپ، نازارەت، باشقارمىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى. مالىياگجۇننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قىلىش توغرىسىدا، لىيۇۋېنلۇڭ، گۇيفىنلارنى خەلق كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا يوقۇرىغا مەلۇم قىلدى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇزۇن ۋاقىت قاماپ قويغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى 10 يىلدىن ئارتۇق قامالغان بولسىمۇ، قويۇپ بېرىلگەن ھامان يەنە ئەمەلدار بولدى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشى تەبىئى ئىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ غەزىۋى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغانلارمۇ قويۇپ بېرىل-

دى. مەسىلەن: شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى سود ئەمەلدارى بۇX
ۋە پېڭ جىيۈەن، لىۋ خەنشىڭ قاتارلىقلار شىڭ شىسەينىڭ
كۆپ يىللىق قول چوماقچىلىرى ئىدى، بۇلارنى قويۇپ بې-
رىش ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇلار-
نىڭ ئىچىدە يەنە ئىلگىرى قاماقتا ئېلىنغان شىنجاڭ قىسىم-
لىرىدىكى ھەربى ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: شىن-
جاڭ دىۋىزىيە باشلىقى ۋەن لىنيۈن قاتارلىقلارنى ۋۇجۇڭ-
شىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان
بولسىمۇ، ئەمما جۇشياۋلياڭ ئۇلارنىڭ ھەربى مۇناسىۋىتىنى
قورچاق ھەربى ئىشلار ئورگىنىدىن يولىيورۇق سوراپ قوشۇل-
غاندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىش كېرەك، دەپ تۇرۇۋال-
غانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى قويۇپ بېرىشنى بىر مەھەل
كېچىكتۈردى.

تەسەللى بېرىش جەھەتتە: ۋۇجۇڭشىن رەئىس بولۇپ
ئۇزۇن ئۆتمەي تەسەللى بېرىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئىچكى
ئىشلار نازىرى دىڭ شياڭخەي بۇ ھەيئەتنىڭ قوشۇمچە مۇدى-
رى بولدى، ھەمدە نۇرغۇن ئەزالارنى ئىۋەتتى. مەسىلەن:
مەن خەنۋاڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ۋۇجىڭبىڭ، مالياڭجۈن، چاۋ-
جاپ قاتارلىقلار ... ۋۇجۇڭشىن ئولكۇلۇك ھوكۇمەتتىن مەز-
كۇر ھەيئەتكە زور مىقتاردا پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ھەمدە
مەخسۇس ئەمەلدارلارنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئىۋەتىپ،
مىللەتلەر ئىچىدىكى ئابرويلۇق زاتلارنى يىغدى. تەكلىپ
قىلىش نامى بىلەن ئۇلارغا پۇل بەردى، بۇنىڭ مەخسىدى
يوقۇرى قاتلام زاتلىرىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇن-
داق بولۇشىغا قارىماي تەسەللى بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى



چوڭ بولمىدى، ئىش قۇرۇق گەپ بىلەنلا تۈگىدى.

خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشقا
ھەيدەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى ئىشلارمۇ ئېغىزدىلا بول-
دى. شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى بار،
كونسۇلخانىنىڭ كولىمى ئىنتايىن زور، كونسۇلخانىنىڭ بىر
باش كونسۇلى بار (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شىڭ شىسەي دەۋ-
رىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇلى، باش
ئەلچى دەرىجىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى)، مۇئاۋىن باش كونسۇ-
لى بىر نەچچە ئادەم بولغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەنگىلى-
يە، ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانىلىرى بولۇپ، بىردىن كونسۇ-
لىلا بار ئىدى. شۇ چاغدىكى دىپلوماتىيە فاگجىنى كورۇ-
نۇشتە ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلى-
يەتتە ئامېرىكا، ئەنگىلىيىگە مايىل ئىدى. ۋۇجۇڭشىننىڭ
خوشنىدارچىلىق دىپلوماتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتى-
لاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن رەئىس بولغاندىن كېيىن قورچاق مەر-
كەزگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشلىقى بول-
غان بىر نەپەر دىپلوماتىيە خادىمى ئىۋەتىش توغرىسىدا تەك-
لىپ بەردى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۇنىڭغا قوشۇلۇپ،
ۋۇزېشياڭنى چىلىبدا تۇرۇشلۇق ھوكۇمەت ئەلچىسى قىلىپ
يوتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇزېروڭنى پەۋقۇلئاددە خارجى
ۋەكىللىككە قويدى. ليۇزېروڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان-
دا سوۋېتتە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىدا كوپ يىل مەسلى-

پەتچى بولغان. شۇڭا ئسو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قەدەر پىششىق بىلەتتى. ۋۇجۇڭشىن لېۋزىروۋنى بەك قوللاپ، ئۇنى چەتئەلنىڭ ئالى دەرىجىلىك ھاراقلىرى ۋە سوۋېتتە ئىشلەنگەن قەن - گېزەكلەر بىلەن تەمىنلەشكە كۆڭۈل بولدى. بۇ نەرسىلەرنى ئوزىنىڭ ئادىيوتانتلار باشقارمىسىغا تاپىلايتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ قارىشىچە: چەتئەللىك مېھمانلارنى ساياھەت قىلدۇرۇش، ئۇلارنى كاتتا مېھمان قىلىغانلىقى خوشىندارچىلىق دىپلوماتىيىسى ئورناتقانلىق دەپ ھىساپلايتتى. بىرقېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پېتروف ئۇرۇمچىدىن ئوتكەندە، ۋۇجۇڭشىن كاتتا زىياپەت ئوتكۈزۈپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. يوقۇرىدا ئېيتقان ئۈچ ئەڭگۈشتەر ئەكسىيەتچىل ھوكۈمرانلارنىڭ يوقۇرى قاتلامدىكىلەرنى ئوزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىسى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلققە ھېچقانداق ئەمەلى مەنپەئەتى يوق ئىدى. ھال سوراش بولسۇن، خوشىندارچىلىق دىپلوماتىيىسى بولسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋەزىيىتىنىڭ يەسىيىشىگە بىرىبىر ياردەم بىرەلمىدى.

## 5 - ئۆلكىنى بولۇش تۈزۈمىدىكى تەكلىپ ۋە باشقا ئەكسىيەتچىل تەدبىرلەر

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى ئاز، كوپ مىللەتلىك، ئەھۋالى مۇرەككەپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 3 مىليون 800 مىڭ ئاھالە بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 200 مىڭدىن سەل يەل ئارتۇقراق، ئىلگىرى ھەر قانداق ئوزگىرىش بولسا، خەنزۇ خەلقى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايتتى، دەپ ھىساپلاپ جياڭ -



جېشى ھاكىمىيىتىگە شىنجاڭ ئولكىسىنى 4 ئولكىگە بولۇش تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرنى شەنبى (شىمالى) ئولكە دەپ ئاتاش، ئۇرۇمچىنى ئولكە مەركىزى قىلىش، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرنى شەننەن (جەنۇبى) ئولكە دەپ ئاتاش، قەشقەرنى ئولكە مەركىزى قىلىش، كۇئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىكى ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرنى كۇئىنلۇن ئولكىسى دەپ ئاتاش، خوتەننى ئولكە مەركىزى قىلىش، گەنسۇدىكى جۇچۇەن ۋىلايىتىنىڭ غەربىدىن قۇمۇل ئەتراپىدىكى ھەر قايسى رايون، ناھىيىلەرنى ئەنشى ئولكىسى دەپ ئاتاش، قۇمۇلنى ئولكە مەركىزى قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەنشى ئولكىسىنىڭ رەئىسى خەنزۇدىن بولۇش، قالغان ئۈچ ئولكىنىڭ رەئىسى ھەر قايسى مىللەتلەر مەركەزنى ھىمايە قىلىدىغان ئوز مىللىتىدىن سايلاشنى ئوتتۇرغا قويدى. بۇ تەكلىپ گومىنداڭ مەركىزى ھوكۈمىتى دائىمى ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنمىدى. كوپچۈلۈك: شىنجاڭ ھازىر داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرماقتا، ھەر خىل تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ھىساپلىدى. بۇ تەكلىپ ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ۋۇجۇڭشىن بىر قەدەم چېكىنىپ، قەشقەردە ئولكىلىك ھوكۈمەتنىڭ مەمۇرى مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، بۇنىڭغا دېڭ شاڭخەيىنى قوشۇمچە مۇدىر قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. قورچاق مەركەز بۇ تەكلىپنىمۇ تەستىقلىمىدى، بۇ ھەقتە ۋۇجۇڭشىن شېئىر يازغان ئىدى:

تەكلىپ قىلدىم شىنجاڭنى تۆت ئولكىگە بولمەك ئۈچۈن،
بىرى شەننەن، بىرى شانبېي، يەنە بىرى كۇئىنلۇن.

بولار ئەنشى شۇندىن كېيىن مۇستەھكەم ھەمدە ئامان،
تاغ ئۈستىدە سالساڭ نەزەر دۆسلار بولۇر شادمان.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ ئۆي پىكىرلىرىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. خەنزۇلار بەك ئاز بولغاچقا كۆكزى ئىبادەتخانىسى بىلەن گۈەنيۈمياۋ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ سانىمۇ ئاز ئىدى. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنلا، يوقۇرقى ئىبادەتخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى باشلانغان ئىدى. شىڭشىسەي شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىپ، 6 بۈيۈك سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، بۇ ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش نامىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە توگىگەن ئىدى. بەزى ئىبادەتخانىلار قۇرۇغدىلىنىپ قالغان. ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن، ۋۇجۇڭشىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، موشۇ ئىبادەتخانىلارنى رېمونت قىلىپ، ئەتىياز، كۈز پەسلىدە ئىبادەت قىلىشنى پۈتۈن ئولكىگە ئالاھىدە بۇيرۇق قىلدى. ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى كۆكزى ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، ئۆزى بىرىپ ئىبادەتكە ئەتىتەنە بىلەن باشچىلىق قىلدى. خۇگمياۋزىدىكى گۈەنيۈمياۋ ئىبادەتخانىسىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، شەخسەن ئۆزى بىرىپ ئىبادەتكە باشچىلىق قىلدى. ۋۇجۇڭشىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنى ئادەتلىرىگە بىر كوزدە قاراش، ھۆرمەت قىلىش نىقاۋى ئاستىدا، خەنزۇلارنىڭمۇ فېئوداللىق ئويۇنلىرىنى ئويناشتىكى غەرىزىنى بىلىش تەس ئەمەس.

شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئولكىلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى



قاتناش يوللىرىدا چوڭ يايلاق، كىچىك يايلاق، ھەمدە خېشى كارىدورى بار، چوڭ-كىچىك ئوتلاقلار ئەسلىدە توگە كارۋانلىرى ماڭىدىغان يول ئىدى. شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن قىيىنچىلىقلار كۆپىيىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئولكىلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى قاتناش ئاساسەن شىڭشىڭشا ئارقىلىق خېشىغا بارىدىغان بولدى. ئوتكەندە ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭشىسەي قاتارلىق مىلتارىستلار شىنجاڭنى بولىۋالغان چاغلاردا، شىڭشىڭشادىكى تەكشۈرۈش بەك چىڭ ئىدى. ئومۇمەن ئىچكى ئولكىلەرگە بارىدىغان، ئىچكى ئولكىلەردىن كېلىدىغانلار يول خېتى بىلەن يۈرەتتى. خۇددى مۇستەقىل پادىشالىقنىڭ چازىلىرىغا ئوخشايتتى. ۋۇجۇڭشىن دەۋرىگە كەلگەندە شىڭشىڭشادا يەنىلا كونا چارە بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدى. بۇ يولۇچىلارغا كاشىلا تۇغدۇرۇپلا قالماستىن بەلكى چازا باققۇچىلارنىڭ خىيانەت قىلىشىغا ئەپچىل پۇرسەت ئىدى.

شىنجاڭنىڭ پۇلى ئىچكى ئولكىلەرگە ئوخشىمايتتى. مەسىلەن: بىر يۈەن شىنجاڭ پۇلى، قورچاق مەركەزنىڭ قەغەز پۇلىغا 5 يۈەن بولاتتى. شۇڭا شىنجاڭغا كىرگەن خادىملار ھەر قېتىمدا ھەربىي ماشىنىلاردىن پايدىلىنىپ شەخسى ماللىرىنى ئەكىلىپ 5 ھەسسە پايدا ئېلىپ كىتەتتى. پۇل مۇئامىلىسىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلارنى ۋۇجۇڭشىن توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ ئۆزىمۇ بارا-بارا ئادەتلىنىپ كەتتى.

شىنجاڭ پۇلىنى قورچاق مەركەزدىن بىر تۇتاش بېسىپ بىرەتتى. ئايروپىلان بىلەن ئەكىلىپ بىر تۇتاش تار-

قىتاتتى. مال باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ تۇرغانلىقتىن، پۇلنى بېسىپ ئۈلگۈرتالمايتتى. بىرىنچى قېتىم باسقاندا پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېسىلغان ئۇيغۇرچە خەتنىڭ مەنىسى خەنزۇچىسى بىلەن ئوخشىمىغانلىقتىن، ۋۇجۇگشىن بۇنى تارقاتماي قايتىدىن باستۇرۇپ تارقىتىمىز دەپ چىڭ تۇرۋالدى. شۇنداق قىلىپ تۇرغۇن باسما چىقىمنى تارتتى، ھەم ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرالمىدى.

شىنجاڭ ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتى بەك ئېشىپ كەتكەچكە ئۆزىنى قامداپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئامالسىزلىقتىن ھەر قايسى مەمۇرى ئىدارىلارنىڭ راسخوتىنى بىردەك 8% كېمەيتىپ بەردى. ھەربى خىراجەت قىسقارتىلمىدى بەلكى ئاشۇرۇپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش پۇلى خېلىلا چوڭىيىپ كەتتى. ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق بىيۇدژېتى يېڭى پۇلغا 2 مىليون يۈەن بولۇپ، قورچاق مەركەزنىڭ قەغەز پۇلىغا سۇندۇرغاندا 10 مىليون يۈەنگە توغرى كېلەتتى، بۇ راسخوتنى ۋۇجۇگشىن تەستىقلىسىلا ئىختىيارى ئىشلەتكىلى، مالىيىگە نازارەت قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. شۇڭا ۋۇجۇگشىن ئۇ يانچۇقتىن ئېلىپ بۇ يانچۇققا سېلىشقا ئۇستا بولۇپ كەتتى. شىڭ شىسەيدىن قالغان سوغا-سالاملار يەنى: ئەن رەخ، قول سائىتى، قەلەم، چەتئەل ھاراقلىرى، قەن-ناۋات، كونسېرۋالار ھەددى-ھېسابسىز تۇرغۇن ئىدى. بۇ ئىسكىلاتتىكى نەرسىلەردىن ۋۇجۇگشىن بىمالال پايدىلىناتتى. ھەمدە



كىشىلەرگە سوغا قىلاتتى. ۋۇجۇگشىن ھەر مىللەت باشلىقلىرىغا زىياپەت بېرىش نامى بىلەن، ھەدەپ كەڭ سورۇن تۈزەپ كاتتا زىياپەت بېرەتتى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە 30-40 بوتۇلكا كونياك، ھېسابسىز چاي-تاماكا، قەن-گېزەكلەرنى سەرپ قىلاتتى. ئۇ چاغدا 6 مېھمانخانا بولۇپ، مەركەزدىن ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئەمەلدارلارنىلا كۈتەتتى، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالى ئۈچۈن تاماكا، چاي، ھاراق، گۆش-ياغ دېگەنلەر ئېشىپ-تېشىپ تۇراتتى. چىقىم بىلەن ھېچكىم ھېسابلاشمايتتى. كېيىنكى چاغلاردا مۇنداق تۈزۈم ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، شەرقى باغچا بىلەن شىندالۇ (يېڭى بىنا) مېھمانخانىلىرى ئاۋالقىدەك كېتىۋەردى.

يۇقۇرىدىكىلەر ۋۇجۇگشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىكى ئەكسىيەتچىل تەدبىرلىرىنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر مىسالى، ئەسلەپ يەنە ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى يېزىپ تولۇقلايمەن.

## 6- ئارمىيە ئىشى بىلەن كارى بولماسلىق ۋە جوشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇگشىننىڭ بىر-بىرىنى گۇمانلىشى

شۇ چاغلاردىكى شىنجاڭنىڭ ھەربى ئىشلىرىدا ۋۇجۇگشىن جوشاۋلياڭنىڭ رىياسەتچىلىكىگە بويسۇناتتى. چۈنكى جوشاۋلياڭ 8-جەڭ رايونىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىمۇ تىزگىنلىيەلەيتتى. لېكىن ۋۇجۇگشىننىڭ كونا سالاھىيىتى ھەم جياڭ جيېشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىنا مەسـ

لىھەت ئىش قىلاتتى. ۋۇجۇگشىن جۇشى بولۇپ كېلىشتىن
ئىلگىرى باۋئەن سىلىڭلىق (ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق)
ۋەزىپىسىنى جۇشاۋلياڭ ۋاقىتلىق قوشۇمچە باشقۇرۇپ كەل-
گەن ئىدى. ۋۇجۇگشىن كېلىپ ئۇزۇنغىچە جۇشاۋلياڭ بۇ ئو-
رۇننى ئۆتكۈزۈپ بەرمىدى، ۋۇجۇگشىن كارى بولماي يۈرد-
ۋەدى. كېيىن جۇشاۋلياڭ بۇ ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندە
ۋۇجۇگشىن نامىدىلا ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆل-
كۆلۈك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش شى-
تاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى يۈيدا مەسئۇل بولدى. دېمەك ۋۇجۇگ-
شىن ھەممە ئىشتا جۇشاۋلياڭنىڭ رايى بويىچە بولدى. ئالا-
قە ئىلگىرىمىلار ۋۇجۇگشىن بىلەن جۇشاۋلياڭلار بىرلىكتە
قول قويغاندىن كېيىن تارقىتىلاتتى. ۋۇجۇگشىن ئادەم ئە-
ۋەتىپ خەت-ئالاقىنىڭ ئۈستىگە تامغىسىنى بېسىپلا قوياتتى،
خالاس. كېيىن يۈيدا كېسەل سەۋەبى بىلەن خىزمىتىدىن
ئىستىپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا جۇشاۋلياڭنىڭ قول ئاس-
تىدىكى شاڭچاۋجۇڭ ئولتاردى. شاڭچاۋجۇڭ قالايمىقان جى-
نىسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ھەيدەلگەندىن كېيىن بۇ ئورۇن-
غا لوكەنفىن كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ باشقا ئىشقا يۆت-
كەلگەندە، بۇ ئورۇنغا مۇئاۋىن قوماندان گوجىچاۋ گۇرۇھى-
دىن ۋۇجيەنجاڭ ئولتاردى. ۋۇجۇگشىن ئامانلىق ساقلاش شى-
تاۋىغا باشتىن-ئاخىر قول تىقمىدى. گوجىچاۋ بىلەن ۋۇ-
جۇگشىن خېفېيلىق يۇرتداشلار بولۇپ، مۇناسىۋىتى قويۇق
ئىدى. جۇشاۋلياڭ، گوجىچاۋ، ۋۇجۇگشىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت ھەر ھالدا ياخشى ئىدى. جۇشاۋلياڭ ھەربىي ئادەم
بولسىمۇ، شېئىر يېزىشقا قىزىقاتتى. ۋۇجۇگشىن ئۆز كاتىۋى



زېڭ شياۋلۇنى جۇشاۋلياڭنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ تۇراتتى، جۇ-
شاۋلياڭنىڭ كۈيوغلى جاڭ شۈنزىنى ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەت-
نىڭ ئەزاسى، ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تەييارلىق قى-
لىش مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇڭا جۇشاۋلياڭ بىلەن
ۋۇجۇگشىن بىر يىلدىن ئارتۇق بىللە تۇرغان مەزگىلدە، ھېچ-
قانداق كېلىشەلمەسلىك ئىش تۇغۇلمىدى. ۋۇجۇگشىن ئەمە-
لىيەتتە مەمۇرى، ئىقتىسادى ھوقۇقنى باشقۇراتتى، ئەمەلدار-
لار ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ بېرىدىغان تەمىناتىغا قاراشلىق
ئىدى، نېمە لازىم دېسە شۇنى ئالاتتى، ۋۇجۇڭشىنمۇ ئۇلار-
نىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى.

ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى بىناسىنى شىڭشىسەي دۆ-
بەن مەھكىمە ئىشخانىسى ۋە ئولتۇرىدىغان ئۆي قىلىپ يا-
ساتقان ئىدى. جۇشاۋلياڭ شىنجاڭغا ۋۇجۇگشىندىن بالدۇر
كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ باشتىن-ئاخىر دۇڭخۇايۈەندىكى بىر پا-
كار ئۆيدە ئولتۇراتتى. شىندالۇغا كۆچۈپمۇ كىرمىدى. ۋۇ-
جۇگشىن كونا ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتتە ئولتۇرۇپ، كېيىن شىن-
دالۇغا كۆچۈپ كىردى. بۇ بىنادا پار تروبىلىرى بولغاچقا
ئازادە كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. جۇشاۋلياڭ ئۆزىنى مېھمان سۈ-
پىتىدە ۋاقىتلىق دەپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە كىشىگە ئېيت-
قىلى بولمايدىغان دەرت-ئەلەملىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ-
لارنىڭ مۇناسىۋىتى كېيىنكى چاغلاردا ئۈنچىۋالا ياخشى بو-
لۇپ كەتمىدى. ۋۇجۇگشىن جاڭشۈنزىنى ئۇرۇمچى شەھەر-
لىك ھۆكۈمەتكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە مۇدىر قىلغان
بولسىمۇ، شەھەر باشلىقى دەپ ئېلان قىلماي تۇرۇۋالدى.
جاڭشۈنزى ئۇرۇمچى ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەت-

تى دەپ تۇرۇۋېرىشنى خالىمىدى ۋە قايتىپ كىتىشكە ئىستىئ-
پا سورىدى. ۋۇجۇڭشىن دەرھال ئۇنىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل
قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئادەملىرىدىن جىن شياۋشەننى
ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى دەپ ئېلان قىلدى. جۇشاۋلياڭ بۇ-
نىڭغا بىر ئاز رەنجىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاڭچاۋجۇڭنىڭ
قالايماقان ئەر-ئايال مۇناسىۋىتى ئوتكۈزگەن سەتچىلىكىنى
شىنجاڭ گېزىتى پاش قىلغان ئىدى. جۇشاۋلياڭ بۇ ئىشنىمۇ
ۋۇجۇڭشىننىڭ ئىشارىتى بىلەن بولغان دەپ گۇمان قى-
لىپ، تېخىمۇ بەك رەنجىدى. ھەربى جەھەتتە ئوڭۇشسىزلىققا
دۇچ كەلگەنلىكتىن، قورچاق مەركەز گوجىنچياۋنى مۇئاۋىن
باش قوماندان قىلىپ ئۈرۈمچىگە ۋەزىپە ئوتەشكە ئېۋەتكەندە
جۇشاۋلياڭ بۇمۇ ۋۇجۇڭشىننىڭ تەكلىۋى بىلەن بولغان ئىش
دەپ گۇمان قىلدى. چۈنكى گوجىنچياۋ 1-جەڭ رايونىنىڭ
قوماندانى ۋېي لىخۇاڭنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدى. ۋېي لىخۇاڭ پۈتۈن
ۋۇجۇڭشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، گوجىنچياۋ ھەم ۋۇجۇڭ-
شىن بىلەن يۇرتداش، دىمەك گوجىنچياۋنىڭ شىنجاڭغا كەل-
گەنلىگى ئەلۋەتتە ۋۇجۇڭشىننىڭ كۆڭلىگە باپ كىلەتتى، شۇ-
ڭا جۇشاۋلياڭ ھەر تەرەپتىن رەنجىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا لەنجۇ-
غا قايتتى. مېڭىش ئالدىدا ۋۇجۇڭشىن جۇشاۋلياڭ شەرىپىگە
كاتتا زىياپەت بەردى، زىياپەتتە، جاڭ جىجۇڭ، ۋۇجيەنجاڭ،
جوكۇنتيەنلەرمۇ بار ئىدى. جۇشاۋلياڭ زىياپەت ئۈستىدە
تەنە قىلىپ: «سىلەر بۇ يەردە بىر قېتىم يۇرتداشلار يىغىنى
ئېچىۋالىدىغان بولدۇڭلاردە» دىدى. (چۈنكى ۋۇجۇڭشىن، جاڭ-
جىجۇڭ، گوجىنچياۋ، ۋۇجەنجاڭ، جوكۇنتيەنلەر ھەممىسى ئەن-
خۇيلۇق يۇرتداشلار ئىدى).



## 7 - ۋۇجۇڭشىننىڭ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئالداش جەريانى

شىڭشىسەي خەلق نەزىرىدىن قاتتىق چۈشۈپ كەتكەنـ
كە، ئىلى، تارباغتاي، ئالتاي 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق
قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىڭشىسەي گەرچە غۇلاپ
كەتكەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ غەزىۋى تېخى بېسىلمىغان ئىدى.
ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا كېلىپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئا-
تالمىش ھال سوراش خىزمىتىنى ئىشلىدى، بۇنىڭدىن ھېچ
پايدا چىقمىدى. ۋۇجۇڭشىن بىلەن جۇشاۋلياڭ ئاران دىگەنـ
دە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بارا-بارا مەغلۇپ بو-
لۇش ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئۈرۈمچى بىر مەھەل خېلى-
جىددىلەشتى. جۇشاۋلياڭ بىلەن ۋۇجۇڭشىنلەر قورچاق مەر-
كەزگە ئەسكەر ۋە ئاشلىق تەلەپ قىلىپ تېلېگراممىلا يوللىدى.
ئارىدىن خېلى ئوتكەندە قورچاق مەركەز يۈەنفېيپىڭ ۋە جياڭبې-
جىڭگولارنى ئىلگىري-كېيىن شىنجاڭغا ئېۋەتىپ، ھال سورى-
غاچ، پۇل، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىل-
ماقچى بولدى. يۈەنفېيپىڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ئەمەلىي مە-
سىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى شىنجاڭنىڭ
مالىيە كىرىم-چىقىمى ئۈستىدە تەپسىلى ھېساۋات كورمەكچى
ئىدى. شىندالۇدا 3 كېچە-كۈندۈز يىغىن ئوتكۈزۈلدى. يۈەنفې-
پىڭ شىنجاڭ ئاشلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلىشى كېرەك،
ئەگەر 2-3 يىلنىڭ يول يىراقلىقىدىكى خېشى زولىقىدىن شىنجاڭغا
ئاشلىق يوتكىگەندە ئەرزان توختىمايدۇ، ھەم ئېھتىياجنى

قامدىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مالىيە-ئاشلىق جەھەتتە ئىمكان-
قەدەر چىڭراق تۇتۇپ بەردەك 8 پىرسەن سۈندۇرۇپ ئارقىتىش،
خېشىدىن يوتكىگەن تەغدىردىمۇ ئازراق يوتكەش كېرەك دەپ
چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تەمىنات باشقارمى-
سى تەسىس قىلىنىپ ليۇيۇنخەن جۇجاڭ بولۇپ تەيىنلەندى.
يۇەفېيپىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ-
بىر ئىشنى ھەل قىلالمىدى، ھەربىي جەھەتتە، چىڭخەيدىكى
مابۇفاڭغا قاراشلىق ماچېڭشياڭنىڭ ئاتلىق 5-كورپۇسنى تېز-
دىن شىنجاڭغا ياردەمگە يوتكەپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ئىش
قورچاق مەركەزنىڭ مۇددىئاسى ياكى مابۇفاڭنىڭ رازىلىقى
بىلەن بولغان ئەمەس، پەقەت ۋۇجۇڭشىننىڭ تەلىۋى بىلەنلا
بولغان ئىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر ۋۇجۇڭشىنگە: «بۇن-
داق قىلغانلىقىمىز بورنىي قوتانغا باشلاپ كىرگەنلىكىمىز
بولۇپ قالۇرمىكىن؟ ئېھتىمال ئەكىرىش ئاسان، چىقىرىش قىي-
يىن بولارمىكىن؟» دېگەندە ۋۇجۇڭشىن: «مېنىڭ ئىشەنچىم بار،
ئەنسىرىمەڭلار»، دېگەن.

ئاتلىق 5-كورپۇس شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن
ۋەزىيەت ۋاقىتىنچە تىنجلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇڭ-
شىن قورال كۈچ بىلەن باستۇرۇپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا
ئۆزىمۇ شىنجاڭدا يەنە تۇرۇپ تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي جياڭجې-
شىگە: ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەت بىلەن تىنچلىق سۆھ-
بىتى ئۆتكۈزۈشكە توغرى كېلىدىۋاتىدۇ. چوڭراق بىر كىشىنى
بۇ ئىشنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتسەڭلار دەپ تەكلىپ بەردى.
ئاردىن بىر ئازۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جياڭجېشى جاڭ جىجۇڭنى
شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جاڭ جىجۇڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچى-



چىدە، ليانگخەنساۋ، پېڭ شاۋشەن، چۈيۈۋ، جاڭجىڭيۇ، ليۇ-
مېڭچۈن، ۋاڭزېڭشەن قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بار ئىدى.
جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق
سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇ-
لىمۇ قاتناشتى. ئۇزۇن ۋاقىت سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق
دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. جاڭ جىجۇڭ
چۇڭچىڭگە قايتتى. 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتتى.
ئىككىنچى يىلى (1945-يىلى) 2-ئايدا، جاڭ جىجۇڭ 2-قېتىم
شىنجاڭغا كېلىپ 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بولغان تىنچلىق
سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى. 3-ئايدا رەسمىي كېلىشىمگە ئىمزا
قويۇلدى. بۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: ئىلى، تارباغتاي، ئال-
تاي 3 ۋىلايەتنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇش
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 4 نازارىتىدە مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ-
لار باراۋەر ئورۇندا تۇرۇش، يەنى: ئىچكى ئىشلار نازارىتى
بىلەن مالىيە نازارىتىنى خەنزۇلار ئۈستىگە ئېلىش، مۇئا-
رىپ نازارىتى بىلەن تەمىرات نازارىتىنى ھەر قايسى مىللەت
زاتلىرى ئۈستىگە ئېلىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت
ئەزالىرىنى 13 كىشىدىن 20 كىشىگە يەتكۈزۈپ، ئىمكانقەدەر
ھەر مىللەت زاتلىرى بىلەن تولۇقلاش. 3 ۋىلايەتتە مىللىي ئار-
مىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ۋۇجۇڭشىن مىللىي ئارمىيە
قۇرۇشقا ئىپادە بىلدۈرمىدى، لېكىن تىنچلىق سۆھبىتىگە جاڭ
جىجۇڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل بولۇپ رىياسەتچى-
لىك قىلغانلىقتىن، چىڭ تۇرۇۋالالمىدى. بىتىمگە
ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ
ئەمەلدارلىرىدىن، مەسىلەن: ئالتاينىڭ ۋالىيسى گاۋباۋيۇي،

قاقارلىق بىر قانچە كىشىنى مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن ئۈ-
رۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى
ۋاقىتنچە تىنچلاندى.

## 8 - ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن

1946-يىلى 3-ئايدا ۋۇجۇڭشىننىڭ ئىستىپاسىغا تەستىق چۈش-
مەستىنلا مەركەزدە يىغىن بار دىگەن بانا بىلەن چۇڭچىڭگە
بېرىۋالدى. ئارىدىن 2ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلكۈلۈك ھۆ-
كۈمەت بۇيرۇقىغا بىنائەن قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.
جاڭجىجۇڭ 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى قوشۇمچە شىن-
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولدى. بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن
رەئىس بولدى. مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇيۇيىن، ئۆز
خىزمىتىدە قالدۇرۇلدى، ۋاڭزېڭشەن (خۇيزۇ) ئىچكى ئىشلار
نازىرى بولدى، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا ئىمارەت نازىرى بول-
دى، ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 3تىن 2قىس-
مى ھەر مىللەت زاتلىرىدىن بولدى، مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇ-
رۇشتا ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈردى. شىن-
جاڭنىڭ تەپتىش ئەمەلدارلىق بىر ئورۇن خەنزۇلارغا قالدى
جاڭجىجۇڭ رەئىس بولغاندىن كېيىن، مەسئۇتنى ئىز باسار
قىلىشقا ئالاھىدە كۆرسەتتى. شىڭشىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمران-
لىق قىلغان چاغلاردا، مەسئۇت بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغ-
را ئىچكىرىدە تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇلار قايتىپ شىن-
جاڭغا كېلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.



ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭگە بارغاندىن
كېيىن، جياڭجيېشى ۋۇجۇڭشىنگە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت
ئەزاسى دىگەن نامنى بەردى. ۋۇجۇڭشىن ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىت-
لىرىدا چېگرا سىياسى-ئىلمى جەمئىيىتى ۋە تىيانشان ئىلمى
جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم
شىنجاڭ غەربى شىماللارغا بارغان چاغلاردا يازغان شېئىرلىرىنى
توپلام قىلىپ باستۇرۇپ دوستلىرىغا ئېۋەتىپ تۇرۇشنى ئىسى-
دىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ يەنە «ئاقلىنىپ تىيانشاندا تۇ-
رۇش»نى زادىلا ئىسىدىن چىقىرىپ قويمىغانلىقىنى، تەسەۋۋۇر
قىلغىلى بولىدۇ.

ۋۇجۇڭشىن چېگرا سىياسى-مەمۇرىيىتى بىلەن شۇغۇللان-
غىنىغا 10 نەچچە يىل بولغان ھەم چېگرا ئىلمى جەمئىيىتىگە رىيا-
سەتچىلىك قىلغان ئىدى. زىيالىيلارنى بۇ جەمئىيەتكە
ئەزا قىلىپ، ھەر ئايدا بىر سان چېگرا سىياسىتى ئەفكارى
ناملىق ژورنال چىقىراتتى. ئەزالىرىنى ھەدەپ كۆپەيتىپ
مۇگۇل، زاڭزۇ ھەيئەتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى بۇ جەمئىيەتكە
ئەزا قىلدى. شۇ چاغدىكى چېگرا ئىشلىرىنى تەتقىق قىلغۇ-
چى ئەرباپلار تۇشمۇ-تۇشتىن قۇتۇراپ، ئىلمى جەمئىيەت قۇ-
رۇشقا باشلىدى. قۇرۇلغان جەمئىيەتلەر 10 نەچچىگە يەتتى.
مەسىلەن: يېڭى ئاسىيا ئىلمى جەمئىيىتىگە دەي جىتاۋ رىياسەت-
چىلىك قىلدى. چېگرا ئىلمى جەمئىيىتىگە جاڭشىلۇ رىياسەت-
چىلىك قىلدى... ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ راسخودىنى چېگ-
را ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ بەرگەن ياردەم
پۇلى بىلەن قامدايتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ مۇگۇل-شىزاڭ ھەيئەت-
تىگە باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، ئالىدىغان يار-

دەم پۇلى باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ ئالىدىغان ياردەم پۇلىدىن كۆپ بولىشى تەبىئىي. جىياڭجېشى بىر قېتىم ناھايىتى كۆپ پۇل ئاجىرىتىپ بەردى. شۇڭا بۇ جەمئىيەتلەر خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. چېگرا سىياسىي ئەفكارى ژورنىلى تاكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانغا قەدەر نەشىر قىلىنىپ تۇردى.

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭدا تىيانشان ئىلمىي جەمئىيىتى تەشكىللاتىنى قۇردى. ئۇلكۇلۇك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە پۇلىدىن خېلى نۇرغۇن پۇل ئاجىرىتىپ بەردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسىمۇ كۆپ بولدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ، قورچاق مەركەز نەنجىڭگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، موڭغۇل - شىنجاڭ ۋېيىيۈەنخۇيى ئۇزگەرتىلىپ، قايتا تەشكىل قىلىندى. ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۇنۋانى قورچاق زۇڭتۇڭ (رەئىس جۇمھۇر) مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغاچقا، ئەلۋەتتە ئۇ يەنە چېگرا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتىگە يەنە بىر نەچچە مۇئاۋىن باشلىق قويۇشنى تەكلىپ قىلدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ كونا ئادىمى جۇكۇنتيەننى كۆرسەتتى. كېيىن موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتى گۇاڭجۇغا كۆچۈپ باردى، ۋۇجۇڭشىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇكۇنتيەننى بۇ ھەيئەتنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسەتتى. يۇقۇرىدىكى پاكىتلار ۋۇجۇڭشىن گەرچە شىنجاڭدىن كەتكەن بولسىمۇ، چېگرا ئىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى گۇاڭجۇغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپتە خې يىڭچىن مەمۇرى پالاتانىڭ باشلىقى بول-



دى، ۋۇجۇڭشىن جۇكۇنتيەننى موڭغۇل - شىنجاڭ ھەيئىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا كۆرسەتكەن ئىدى، بۇنىڭغا خې يىڭچىن بىلەن جاڭ چۈنلەر، چېگرا رايونلاردىكى ئادەملەر ئۇستىگە ئالغىنى ياخشىراق دەپ قوشۇلماي، بەي يۈنتى (موڭغۇل) ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسۇن دەپ تۇرىۋالدى. كېيىن يەن شىشەن مەمۇرى پالاتانىڭ باشلىقى بولدى. ۋۇجۇڭشىن يەنە جۇكۇنتيەننى شۇ ھەيئەتنىڭ باشلىقى بولسۇن دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ھەمدە جۇكۇنتيەن شىنجاڭغا بېرىپ سەييارە تەشۋىقات قىلسا دېگەن تەكلىپ بەردى. جۇكۇنتيەن شىنجاڭغا ئەمدى كېلىشىگىلا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىپ، سوزلەش ئىمكانىيىتى تاپالماي، قالقان - دۇبۇلغىلىرىنى تاشلىغىنىچە قويرۇقنى تىكتى، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ھىندىستان ئارقىلىق تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى. ۋۇجۇڭشىننىڭ ئۆزىگە كەلسەك، جياڭ جيېشىنىڭ ياردەمچىسى بولغان كىشى ئەلۋەتتە جۇكۇنتيەندىن بالدۇرراق تەيۋەنگە قاراپ تىكىۋېتىشى تەبىئىي ئىدى.

# شىنجاڭدا «سەن چىڭتۇەن» (سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى) نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى

لى فەنچۈن

1946-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھاكىمىيىتى بىلەن «تىنچلىق بىتىم»ى ئىمزالىغاندىن كېيىن بەزى قالاق ياشلارنى ئۆزىگە قارىتىپ ئەكسىلئىنقىلاۋى كۈچلەرنى كېڭەيتىپ، 3 ۋىلايەتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى» بىلەن تاقابىل تۇرۇش ياشلارنىڭ ئىنقىلاپقا ئىنتىلىشىنى توساش، ياشلار ئاممىسى ئىچىدە ئەكسىيەتچىل تەسىرلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن «سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىگى»نىڭ «شىنجاڭ شۆبىسى»گە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

«سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىگى» قۇرۇشنى ئاساسەن مەركىزى سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىگىنىڭ سابىق شۇجىجاڭى، كېيىن غەربىي-شىمال مەمۇرى رايونىنىڭ جۇرنى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەشۇ ۋاختىتا غەربىي شىمال مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى كېيىن شىن-



جاڭ جىڭبىي زوڭسىلىڭ بولغان سۇڭ شىلىيەن بىرلىكتە پىلانلىغان بولۇپ، ئۆمەكتە ئىش باشقۇرغۇچىلارنىڭ پۈتۈن ئىستىمالىگىنى پانتۈركىست ئەيسا بەگ بىلەن بىرلىكتە بېكىتتى، مەزكۇر ئۆمەكنىڭ گەنسۇجاڭلىقىغا ئەيسا، شۇجىلىقىغا جاڭمىنچۈەن، خەنزۇلاردىن: چېڭ لى، لياڭ كېشۈن، ۋاڭ لۇشىڭ، لى فەنچۈن ئۇيغۇرلاردىن: چىڭگىزخان داموللا، مۇتىئى (قوشۇمچە مۇئاۋىن شۇجى) پولات قادىر، قازاقلاردىن: ئايتىقازى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇندىن باشقا مۇڭغۇللارمۇ بولۇپ جەمئىي 20دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى. بۇ ئۆمەك تەركىبىگە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ياشلىرىدىن بىر قانچىسى تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆمەكنىڭ پائالىيەتلىرىگە باشتىن-ئاياق قاتناشمىدى.

سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمەك خادىملىرى ئاساسەن ئىككى گۇرۇھ كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. خەنزۇلاردىن لياڭ كېشۈن شىنجاڭ جىڭبىي زوڭسىلىڭبۇ سىياسىي باشقارمىسىنىڭ چۇجاڭى ئىدى. ۋاڭ لۇشىڭ بىلەن چېڭ لى ئىككىسى جۇڭگىياڭ غەربىي مەكتەپ 9-شۆبە مەكتىپىنىڭ كاتىپى (سۇڭ شىلىيەن شۇ ۋاختىتا 9-شۆبە مەكتەپنىڭ جۇرنى ئىدى) لى فەنچۈن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇھەررىرى ئىدى. بۇ كىشىلەر ئاساسەن سۇڭ شىلىيەن تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە، شۇ ۋاختىتىكى 3 ۋىلايەتكە قارشى قاتتىق قوللىغۇچىلارغا، شۇنداقلا سۇڭ شىلىيەننىڭ ئورۇش قىلىش تەرەپدارلىرىنى قەتئىي قوللىغۇچىلارغا كىرەتتى. يەنە بىر گۇرۇھتىكىلەر ئاساسەن ئەيسا بەگنىڭ «پانتۈركىستلار» گۇرۇھى ئىدى. مۇتىئى (پانتۈركىستلارنىڭ ئالتاي نە-

شىرىياتىدا مۇئاۋىن مۇدىر) چىڭگىزخان داموللا (ئۈرۈمچى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى) پولات قادىر (شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى) قاتارلىقلار ئەيسابەگنىڭ ئاساسى تايانچىلىرى ئىدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاش، ياشلارنى ئۆزىگە تارتىپ، گومىنداڭ تەسىرىنى زورايتىش، 3 ۋىلايەتنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار ئىتتىپاقى» بىلەن تاقابىل تۇرۇش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيسابەگ باشقا مەخسەتتە يەنى ئۇ «سەنمىنجۇيى ئۆمىگىنى» پانتۈركىستلىق كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلايتتى.

1946-يىلى 8-ئايدا سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىگى شىنجاڭ شۆبە ئۆمىگىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالار ئىسىملىكى رەسمىي مۇقىملاشتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئەيسابەگنىڭ باشلامچىلىقىدا سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىنىڭ 3-قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن لۇشەنگە ماڭدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار: مۇتىئى، پولات قادىرى، ئايتقازى قاتارلىق 6.7 كىشى، خەنزۇلاردىن ۋاڭلۇشىڭ بىرلا كىشى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەيسابەگنىڭ كاتىۋى مادەييۇ (خۇيزۇ) مۇ بىرگە باردى.

بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر «شىنجاڭ ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىگى» نامى بىلەن لۇشەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقاندىن تاشقىرى، بېيپىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەت



قىلدى، ھەمدە چوڭ بىر قىسىم كىنوغا ئېلىش، كىنو قويۇش ئاپپاراتى، ساتراشچىلىق ئەسۋاپلىرىنى سېتىۋالدى. ھەمشۇ سەپەردە قوشۇمچە شۇجىجاڭ جاڭمىنچۈەنمۇ بىرگە بارغان ئىدى. بۇ كىشى ئەسلىدە مەركىزى ياشلار ئۆمىگىدە خىزمەت قىلغان بولۇپ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگىنى ئىدى.

1946-يىلى 11-ئايدا ۋەكىللەر ئۈرۈمچىگە قايتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى باشلىدى بۇ ۋاقىتتا ئەيسابەگ قورچاق «گومىنداڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىش ئۈچۈن نەنجىڭدە قالغان ئىدى. قورچاق «قۇرۇلتاي» ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. 1947-يىلى 4-ئايدا سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۆمەك شىڭشىسەي ۋاقتىدىكى ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنىڭ ئورنىدا بولدى.

ئۆمەك قۇرۇلغاندىلا ئەيسابەگ ئۆمەكنىڭ خىزمىتى جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن باشلاپ، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىپ ئاندىن تەشكىلى خىزمەت ئىشلەپ ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە سىياسى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆمەك قۇرۇلغاندىن كېيىن گەنسىجاڭ، شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلەردىن باشقا، ئىچكى قىسمىدا تەشكىلى گۇرۇپپا باشلىقى ئايتقازى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى چىڭلى، تەشۋىقات گۇرۇپپا باشلىقى ئوتكۇر، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى فەنچۈن، ئومۇمى ئىشلار گۇرۇپپا باشلىقى ئابدۇرېھىم قېلىنچىلار بار ئىدى. بۇندىن باشقا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى» قۇردى، بۇ جەمئ-

يەتتىنىڭ باشلىقى ئەيسا، ئىش بېجىرگۈچىسى ۋاڭلۇشاڭ، مۇئاۋىنى رۇڭلۇ ئىدى.

تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى، بىرىنچى قەدەمدە ئۆمەك ئەزالىرىنى تىزىملاش، باشقا ئۆلكىلەردە سەنمىن-جۇيى ياشلار ئۆمىكىگە قاتناشقانلار بولسا، ئالدى بىلەن تىزىملاش، بۇنداق كىشىلەر ئاساسەن ئەكسىيەتچىل ھەربىي قىسىملاردىكى ئوتتۇرا-تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقلار ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىتتىپاققا كىرىش ئىلتىماس قەغىزىنى بېسىپ، ئەزا قوبۇل قىلىشنى باشلىماقچى بولدى. بىراق ۋاقىت قىسقا بولۇپ 9-ئايغا كەلگەندە بۇيرۇققا بىنائەن پىرقە-ئۆمەك بىرلەشتۈرۈلگەنلىكتىن ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋۇجۇتقا چىقمىدى.

بۇ ئۆمەكنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى 4-ئايدا قۇرۇلۇپ 9-ئايدا ئاياغلاشتى. ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان تەشكىللىرىدىن بىرسى «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى» يەنە بىرسى «شىنجاڭ ياشلار ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى» ئىدى.

«ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى» نىڭ خىزمىتى ئەڭ ئالدىدا پەقەتلا ۋاكالىتەن «خەت يېزىپ بېرىش»، «ئەھۋال سوراش» «جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش» (ئاھالىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش)، كىر يۇيۇش قاتارلىقلار بولدى. كېيىن كېڭىيىپ «دوستلۇق چايخانىسى»، «كىنوخانە»لار قۇرۇلدى، «دوستلۇق چايخانىسى» ئەمەلىيەتتە «قاۋاقخانە»، «تانسىخانە» ئىدى. ئەيسابەگ يەنە بەزى ئۇيغۇر ياشلىرىنى تاللاپ شاڭخەيگە ئەۋەتىپ،



بىر مۇنچە بۇرژۇئا مۇزىكىلىرىنى چېلىشنى ئۆگىنىپ كېلىشكە بۇيرىدى. بەزى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى سېتىۋېلىپ بىر كىچىك تىپتىكى ئوركېستىر قۇرۇپ، شۇ ۋاقىتتا بەزى ئەكسىيەتچىل ھەربىي ئەمەلدار ۋە سىياسەتۋازلارنىڭ مەخسۇس كۆڭۈل ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇردى.

«ياشلار ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى» شۇ ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەپ كەلگەن بەزى ياش ناخشا-ئۇسۇل ئارتىستلىرىدىن تەشكىللىنىپ ئۈرۈمچىدە ئويۇن قوياتتى. سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمىكى يېپىلغاندىن كېيىن«ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمئىيىتى» بىلەن «ياشلار ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى» نى قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى ئۆتكۈزۈۋالدى، 1947-يىلى نەنجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە ئويۇن قويۇشقا بارغانلار بۇ ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى ئىدى.

سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا يەرلىك ئاز سانلىق ئەكسىيەتچىل ياشلارنىڭ (ئاساسەن پانتۈركىستلارنىڭ ) ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ، ئىنقىلاۋى ياشلارغا نىسبەتەن بۇزغۇنچىلىق ھەركەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنى ئارقا تىرەك قىلىپ، كۆرەڭلىگەنلىكلىرى، ئەلۋەتتە ئىنقىلاۋى ياشلارنىڭ قايتارما زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى.

ئۈرۈمچى نەنلىياڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ بىر قانچە قېتىم جىدەل ماجىرالار تۇغۇلغان ئىدى بۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر

قىپتىملىغى مەلۇم ئىنقىلاۋى ياشلار بىر مىللى مۇناپىق (سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىدىكى پانتۈركىستلاردىن ئىدى)نى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا سولاپ قويىدۇ (ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا چىڭگىزخان داموللا رەئىس بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنقىلاۋى ياشلار ھەركەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن ئىدى) سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى ئۇمۇمى ئىشلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىغى ئابدۇرېھىم قىلىچ قۇراللىق بىر قانچە ئەسكەر يەتچىل ياشلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئوق چىقىرىپ، بۇسۇپ كىرىپ ھېلىقى مىللى مۇناپىقنى قۇتقۇزۇپ كەتكەن.

شىنجاڭدا سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنىڭ قىسقا بولغانلىغى (1947-يىلى 4-ئايدىن 9-ئايغىچە 5 ئاي) خىزمەتلەرنى ئەمدىلا باشلاش ئالدىدا تۇرغانلىغى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇجى جاڭ مىنچۇەن خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ شارائىتىنىڭ مۇرەككەپلىگى، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەسلىگىنى ھېس قىلىپ، 6-7-ئايلاردا نەنجىڭگە قايتىپ كەتكەنلىگى، باشقا گەنسۇلەرنىڭ ئۆمەك خىزمىتى توغرىسىدا تەجرىبىلىرىنىڭ يوقلىغىدىن بۇ ئۆمەك ھېچقانداق چوڭ رول ئوينىيالمىدى.

سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى شىنجاڭ شۆبىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى، دەسلىۋىدىلا پانتۈركىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ھەممىنى شۇلار ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى بۇ ئۆمەكنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇشنى كۆزلەيتتى. ئۇلار ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى» دەپ ئاتى-



ماي «شىنجاڭ ياشلار ئۆمىگى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

پانتۈركىستلارنىڭ بۇنداق قىلمىشى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئارىسىدا مەلۇم زىددىيەتلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. گەرچە سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى خىزمەتنى رەسمى ۋە ئاشكارا قانات يايدۇرمىغان بولسىمۇ لېكىن سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ھەركەت ئېلىپ باردى. ئۇلار «جۇڭرىن» نامى بىلەن بىر قانچە ناھىيىلەرگە بۆلۈنۈپ، شۇ يەرلەردىكى قالاق ياشلارنى ئۆزىگە تارتىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، 3 ۋىلايەتكە قارشى تۇردى. بۇ خىل ھەركەتلەر ھېچقانداق گەنسۇلەر يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن. مەن بىر گەنسى بولسامۇ، بۇنداق ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق. ئازاتلىقتىن كېيىن بەزەن پاش قىلىنغان ماتېرىياللاردىنلا بۇنداق ھەركەتلەرنىڭ بارلىغىنى بىلدىم. بۇ خىل ھەركەتلەر ئەيسانىڭ يوليورۇغى بىلەن بولغانمۇ ياكى باشقىلارنىڭ پىلانىمۇ بۇنى ئۇقمايمەن.

1947-يىلى 9-ئايدا سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىگى شىنجاڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بۇيرۇق بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ گومىنداڭ ئۆلكىلىك داڭبۇغا قوشۇۋېتىلدى.

ئەيسا گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. جاڭ مىنچۇەن مۇئاۋىن شۇجىجاڭ (باشتىن ئاخىر خىزمەتكە كەلمىگەن) بولدى. باشقا گەنسۇلەرنىڭ ھەممىسى ھەيئەت ئەزاسى بولدى. بۇندىن باشقا ئۆلكىلىك پىرقە ئىچىدە «ياشلار ھەركىتى كومىتېتى» قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئاساسى مەسئۇللىرى سەنمىنجۇيى ياشلار ئۆمە-

گىدىكى ئونسۇرلار بولۇپ، مۇدىرلىقتا چىڭگىزخاندامولللا، مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا ئايىتقازى، لى فەنچۇنلەر ئىدى. «ياشلارنىڭ جەمىيەتكە خىزمەت قىلىش جەمىيىتى» بىلەن «ياشلار ناخشا-ئۇسۇل ئۆمىكى»نى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى ئۆتكۈزۈپ ئالدى. سەنمىنجۇيىلىق ياشلار ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.



# ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

پەن زوخۇەن يېزىپ قالدۇرغان ماقالە

## 1 - شىنجاڭ سودىسىنىڭ گۈللىنىشى

غەربىي خەن دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا ئورتا تۈزلەڭلىك بىلەن شىنجاڭ رايونى ( ئەينى ۋاقىتتا غەربىي رايون دەپ ئاتىلاتتى ) سودا جەھەتتە بېرىش - كېلىش بولغان ئىدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئىلىدا جياڭجۈن ( گېنېرال گوبېرناتور ) مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، تيانشاننىڭ شىمال - جەنۇپ تەرەپلىرىنى باشقۇردى. شۇندىن باشلاپ سەنشىلىك سودىگەرلەر كوكخوت چوڭ يايلاقلىرى ئارقىلىق تۆگە بىلەن چاي ھەم مېلىش ماللارنى ئۇزلۇكسىز شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تيەنجىن ياڭلىيۇچىڭلىق خۇلاڭزى ( ئارشىنمال ) چىلار ئۇششاق چەرچىن ماللارنى، مەسىلەن: تاغاق، سۈزگۈچ، قايچا، لۆڭگە، يىپ - يىڭنە قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ، پىيادە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، جيايۈيگۇەندىن ئۆتۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ كەي-

نىدىن ئەگىشىپ يول بويى مال سېتىپ كېلەتتى. بۇلار خولاڭزىچىلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ۋاقىتتا غەرپكە يۈرۈش قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق تەمىناتى ياخشى بولۇپ، ھەربىر ئەسكەرگە ئايدا 4 سەر 2 مىسقال كۈمۈش، كۈنىگە بىر يېرىم جىڭ ئاشلىق بېرەتتى. تۇرمۇش تەمىناتى ئەرزانچىلىق بولغانلىقتىن، ئېشىنغان پۇللىرىغا بەزەن كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىپ ئالاتتى. شەنشى، گەنسۇدىن تا شىنجاڭغىچە بىپايان قاقاسلىق يوللاردا پۇل بولغىنى بىلەن ئالىدىغان نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا ئەسكەرلەرنى ئەگىشىپ يۈرۈيدىغان يايمىچىلار مال باھاسىنى خالىغانچە ئۆرلىتەتتى. بۇنداق پايدا - مەنپەئەتلەر، ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ يۈرىدىغان خېلى جىق ياڭلىيۇچىڭلىقلارنى جەلپ قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھېلىقى بېيىپ كېتىشكەن خولاڭزىچىلار ئۈرۈمچى، غۇلجىدا دۇكانلار ئېچىپ، تيەنجىنلىكلەرنىڭ ئولتۇراقلىق سودىگەرلىرىگە ئايلىنىپ قالدى. شيەنفېڭ خانلىقىدىن گۇاڭشۈي خانلىقىغىچە بولغان يىللاردا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ تەڭھوقۇقسىز جۇڭگو - رۇسىيە سودا شەرتنامىلىرىنى تۈزەتتى. مۇشۇ شەرتنامىلارغا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە سودا ئورۇنلىرى ئېچىپ، كونسۇلخانىلار قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ چاررۇسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كېلىۋەردى. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىلارنىڭ يېنىدا ياڭخاڭ (چەتئەل سودا ئورۇنلىرى) قۇرۇلدى. ياڭخاڭ قۇرۇلغان جايلار سودا - سېتىق دائىرىسىگە ئايلاندى. رۇس سودىگەر-



لىرى شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭگو قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ماللىرىنىڭ بېجىنىمۇ تۆلىمەيتتى. ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى، چاررۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ باج تۆلىمەسلىكىگە قاراپ، ئۇلارمۇ تەڭ مەنپەئەتدار دۆلەت مۇئامىلىسىگە ئىگە بولۇۋالاتتى.

## 2 - چەتئەل سودىگەرلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن ئىمپورت - ئېكسپورت تاۋارلار

1881 - يىلى (گۇاڭشۈي خانلىقىنىڭ 7 - يىلى) جۇڭگو بىلەن چاررۇسىيە ئىلىدا ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن شەرتنامىغا ئاساسەن، رۇس سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئەكەلگەن تاۋارلىرىدىن 10 يىلغىچە باج ئېلىنمايدۇ، مۇددەت توشقاندىن كېيىن قايتىدىن شەرتنامە تۈزۈلىدۇ، لېكىن ھەر 10 يىلدا شەرتنامىنى ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە، چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى بانا تېپىپ ئارقىغا سورەپ، ھەتتا قۇراللىق تەھدىت سېلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقىمۇ ئۇنىمايتتى. مەسىلەن: 1911 - يىلى (شۈەنتۇڭ خانلىقىنىڭ 3 - يىلى) شەرتنامىنى ئۆزگەرتىدىغان يىلغا توغرا كەلدى، چاررۇسىيە شۇ يىلى كۈزدە بىر يىڭ (باتالىيون) كازاك ئورۇس ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىلىنىڭ غۇلجا شەھىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارغا قارشى تۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاۋالقى شەرتنامىنى ئۇزارتىشقا ماقۇل بولدى.

چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تاۋارلارنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، رۇس ماللىرى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، رۇس سودىگەرلىرىگە ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە چاررۇسىيە تۆمۈر يولىنى تەدرىجى ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ياساپ ئەكىلىپ، شىنجاڭغا ناھايىتى يېقىنلاشتۇردى، مالنى ئېكسپورت قىلىش ئاسان بولغانلىقتىن كىرا ھەققىمۇ تەدرىجى تۆۋەنلەيدۇ، مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىتتا، رۇسىيە ماللىرى شىنجاڭغا تولۇپ كەتتى، ماللارنىڭ تۈرىمۇ كۆپ بولاتتى، يۇڭ توقۇلما بويۇملار، پاختا رەخ، ھەرخىل تاتلىق يېمەكلىكلەر، تاماكا، ھاراق، رەڭلىك مېتال ۋە ئات تاقىسىغا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر، چىنا ـ قاچا، ئەينەك بويۇملار، تېرىدىن ئىشلەنگەن بويۇملار، كېرسىن، سەرەڭگە، يىپ يىڭنە، ئويۇنچۇقلار، قەغەز، مەدەنىيەت ئەسۋاپلىرى، پەرداز بويۇملىرى، قىسقىسى ئىزدىگەننىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ھەرمىللەت، ھەر ساھەدىن تارتىپ، ھەر بىر ئائىلىگىچە رۇسىيە ماللىرىنى ئىشلىتەتتى، رۇسىيىلىكلەر تەييار مەھسۇلاتنى ساتقان پۇلىغا پاختا، تېرە، قوي يۇڭى، توگە يۇڭى، ئات قۇيرۇقى، تۈرلۈك قىممەت باھالىق تېرىلەر ( تۈلكە، يىلپىز، سۇلەيسۇن، تىيىن، سوسەر، سۇغۇر ) قاتارلىق يېزا ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ رۇسىيەگە ئېلىپ كېتەتتى. بۇنى قايتا پىششىقلاپ تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭغا ئەكىلىپ سېتىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، 3 جايدا جۇڭگو ـ رۇسىيە داۋشېڭ بانكىسى قۇرۇلۇپ، رۇسىيە سودىگەرلىرى ئۇ-



چۇن خىزمەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سەرمايە ئايلانمىسىنى تېزلىتىپ، رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ئىدى.

تيانشاننىڭ جەنۇپ ھەم شىمالىنىڭ ھەربىر ناھىيەسىدە دېگىدەك رۇسىيە تەۋەلىگىدىكى ۋاكالىتەن سودا باشقۇرغۇچىلىرى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا رۇس سودىگەرلىرىنىڭ شاڭيۇلىرى، چاررۇسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. بەزى شاڭيۇلار شۇ جايدىن خوتۇن ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، كەسپىنى يولغا قويۇۋېلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇق دوس ـ تۇققانلىرى باج تۆلىمەسلىك ۋە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قېچىپ، رۇسىيىلىك شاڭيۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى. بىرۋاراق سودا مۇئامىلىسى قەغىزىنى ئالسىلا، رۇسىيە تەۋەلىگىگە كىرگەن ھېساپلىناتتى، باج تۆلىمەستىن، قانۇنغا بويسۇنماستىن يېزىلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلقنى بوزەك قىلاتتى. ئەنگىلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان، ئافغانىستان شاڭيۇلىرىمۇ ئۇلارنى دوراپ، ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگولۇق دوستلىرىغا بايمىقىدەك قەغەزلەرنى تارقىتىپ بارا ـ بارا پارىخورلارغا ئايلىنىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ بىلەن ئەنگىلىيە، رۇسىيە شاڭيۇلىرى ئادەتتىن تاشقىرى كىرىمگە ئېرىشەتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى بۇ كەيپىيات جەنۇپتا ناھايىتى ئەۋج ئالغان ئىدى.

ھىندىستان، ئافغانىستان سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كىرىشتە دېڭىز يۈزىدىن 5 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغلاردىن ئۆتەتتى، ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە 7 ئاي

ئىچىدىلا ماڭالايتتى. قالغان 5 ئايدا قار مۇزلار يولنى توسۇۋېلىپ ماڭغىلى بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان، ئافغانىستاننىڭ شىنجاڭغا ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىدىغان سودا - سېتىق مىقدارى رۇسىيىگە زادى يېتىشەلمەيتتى. بەلكى تاۋار بويۇملارنىڭ تۈرىمۇ ئاز ئىدى. ھىندىستاندىن كىرىدىغان ئاساسلىق تاۋارلار ياۋروپانىڭ پاختا رەختلىرى، رەڭ، ماھۇت، ياۋايى ھايۋان تېرىلىرى ھىندىستاننىڭ يىپەك توقۇلما بويۇملىرى، تېرە - خۇرۇم بويۇملار، ھىندىستان مەرۋايىتى، پۇراقلىق ماتېرىياللار، سىرلانغان چىنە، ياۋروپانىڭ يۇڭ توقۇلما ماللىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ھىندىستانغا ئاساسەن: تۈچ - تۈچىمەن ئىشلەنگەن جابدۇقلار، كىگىز، گىلەم، قوي يۇڭى، تېرە، ئات، قاش تېشى، رۇسىيىنىڭ تەڭگە - تىللاسى قاتارلىقلار چىقىرىلاتتى. ئافغانىستاندىن كىرىدىغان ماللار ئاساسەن: ئەپيۇن، ئات تېرىسى، تۈلكە تېرىسى، مولۇك تېرىسى، بادام مېغىزى، ئىدى؛ ئاساسەن چىقىرىلىدىغان ماللار: پاختا رەخت، يۇڭ، كىگىز، ئات، چىنە - قاچىلار، ئىپەك گىلەم، خوتەن مەشۈتى قاتارلىقلار. ھىندى، ئافغان سودىگەرلىرى تىجارەت قىلىدىغان جايلار پەقەت جەنۇبتا بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن شەھەرلىرىنى مەركەز قىلاتتى، ھىندى سودىگەرلىرىدىن شىنجاڭدا مەخسۇس جازانىخورلۇق قىلىدىغانلىرى بولۇپ، پايدىنى ئېغىر ئېلىش ئارقىلىق ئىنتايىن تالان - تاراج يۈرگۈزەتتى.

ئۆتمۈشتە شىنجاڭ سودا ئىشلىرىدە چاررۇسىيىنىڭ تەسىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى. ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ سودىگەرلىرى سىرتقا قىسىلىپ، راۋاج تاپال-



مايتتى. تولۇقسىز ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، 1913 - يىلى رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن ماللىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 9 مىليون 800 مىڭ رۇبلىدىن ئاشقان. (بىر رۇبلى 5 مىسقال كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى) شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 8 مىليون، 400 مىڭ رۇبلىدىن ئارتۇغراق ئىدى. ئۆز دۆلىتىمىزدىكى سودىگەرلەر ئەكىلىدىغان ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى رۇسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تەڭ نىسپىغىمۇ يەتمەيتتى.

## 3 - سودا - سېتىقنىڭ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى

خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تىجارەت قىلىدىغانلىرىنىڭ بىر يولى: شەنشى، گەنسۇ ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرەتتى. يەنە بىر يول موڭغۇل يايلاقلىرى بىلەن كىرەتتى. ئالدىنقىسى شەرقىي يول، كېيىنكىسى شىمالىي يول دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي يول كۆكخوت ئارقىلىق چۆل يايلاقلار بىلەن گۈچۈڭگىچە كېلەتتى. قاتناش قوراللىرى: تۆگە، ھەر بىر تۆگىگە 200 كېلودەك يۈك ئارتاتتى، كىراسى، بۇرۇنقى ۋاقىتتا 10 سەرچە كۈمۈش بولۇپ، يوللاردا چازا يوق ئىدى. كۆكخوتتىن گۈچۈڭگىچە ئارىلىق بىرمىڭ كېلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، نورمال ئەھۋاللاردا، 3 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. شەرقىي يول شىئەن ئارقىلىق لەنجۇ، جۇچۈەن، يۈيمېن، قۇمۇلغىچە. قاتناش قورالى: 4 ئاتلىق چوڭ ھارۋا، ھەر بىر ھارۋىغا بىر تونندىن ئارتۇق يۈك باساتتى، كىرا ھەققى قىممەترەك بولۇپ، يوللاردا چازىمۇ كۆپ ئىدى. شىئەندىن

ئۈرۈمچىگىچە ئارىلىق 2 مىڭ 7 – 8 يۈز كىلومېتىر كې-
لەتتى، يول مېڭىش ئۈچۈن 5 ئايدەك ۋاقىت كېتەتتى، شى-
مالى يول شەرقى يولغا قارىغاندا كىراسى ئەرزان، ۋاقىت
ئاز بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يايلاق يولى خەنزۇ سودىگەرلى-
رىنىڭ ئاساسى قاتناش يولى بولۇپ قالغان ئىدى. خەنزۇ
سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىدىغان ماللىرى ئاسا-
سەن: تۈرلۈك تاۋار – دۇردۇن، ياۋرۇپا، ئامېرىكىنىڭ موت،
دۇخاۋىلىرى، ھەرخىل چاي، تاماكا، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى،
شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىز مەھسۇلاتلىرىدىن چىنە – قاچىلار،
سىيا – قەلەم، مەدىنىيەت ئەسۋاپلىرى، قەغەز، تۈرلۈك دورا
ماتېرىياللىرى، دورىلار، پەرداز بويۇملىرى، زىننەت بويۇم-
لىرى، مەشۇت، كىتاپ قاتارلىقلار؛ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ كې-
تىدىغان ماللار: بۇغا مۈڭگۈزى، بوكەن مۈڭگۈزى، ئالىتقات،
بەيمۇ (ھەشەتۇل ھەجەل)، كىشمىش، موگۇ، گۈلقاق ۋە بې-
زەن پىششىقلانمىغان قاشتېشى قاتارلىقلار. خەنزۇ سودىگەر-
لەر ئېلىپ كەلگەن تاۋارلاردىن چاي، تاۋار – دۇردۇنلارنى
ھەرقايسى مىللەتلەرگە سېتىشتىن باشقا، مۇتلەق كۆپ قىسمى-
نى خەنزۇلارغا ساتاتتى. ماللارنىڭ پۇلىنى سەنشىلىكلەر
گۇرۇھىنىڭ چەك نومۇرى ئارقىلىق ئىچكىرىگە پېرېۋوت قى-
لاتتى، سەرمايە ھەر يىلى بىرقېتىم ئابوروت بولۇپ تۇراتتى.

يېقىنقى يۈز يىلنى ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭغا ھەم-
مىدىن ئەۋۋەل كەلگەن تىجارەتچىلەر سەنشىلىك — جىڭ گۇ-
رۇھىدىكى سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار كوكخوت ئارقىلىق چەر-
چىن مال ۋە چايلارنى يايلاق بىلەن گۈچۈڭغا ئەكېلەتتى.
ئەينى ۋاقىتتا گۈچۈڭ شىنجاڭ بويىچە ماللار يىغىلىپ ھەم



تارقىتىلىپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ قالغان ئىدى. سەنشى-
لىك دەۋكا سودىگەرلەرنىڭ كۆپچۈلۈكى گۈچۈڭگە كېلەتتى،
شۇڭا تولاراق گۈچۈڭغا توپلىشىپ قالاتتى. ئۈرۈمچىدە جىڭ
گۇرۇھىدىكى پۇل مۇئامىلە كەسىپدارلىرىنى ۋېي فېڭخو، تيەن-
چىڭشياڭ ۋە شي تۇڭچېڭ 3 ئائىلە مەخسۇس پۇل پېرېۋوت
قىلىش، پۇل ئامانەت قويۇش كەسپى بىلەن شۇ-
غۇللىناتتى. ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر بىلەن
ئالاقە قىلىشىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ خوجا-
يىنلىرى سەنشى تەيگۇدىكى بايلار ئىدى. مىنگودىن ئىلگى-
رى ئۇلار شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىگەللەپ كەل-
گەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىنگونىڭ باشلىرىدا ئىچ-
كىرىنىڭ بانكىلىرى بەس – بەس بىلەن ئېچىلغاندا، ئۇلار
ئىلگىرى – ئاخىر ئىشتىن توختاپ قالدى. جىڭ گۇرۇھىدى-
كىلەر ئۈرۈمچىدە پۇل مۇئامىلىسىنى قىلغاندىن باشقا، يە-
نە: يۈڭشىڭشېڭ، ژىشىڭدۇڭ قاتارلىق چوڭراق دۇكانلار ۋە
يىمەك – ئىچمەك جەھەتتە داڭدار سەن چېڭيۈەن ئاشخانىسى بار
ئىدى. ئادەتتە جىڭ گۇرۇھىدىكى تىجارەتچىلەر پۇختا، مۇ-
تەئەسسىپ بولۇپ، كەسپى جەھەتتە كونا قېلىپتىن چىقماي
ئاسانلىقچە ئۆزگۈرۈش قىلمايتتى، يەنى: چوڭ خەۋپ – خە-
تەرگە ئۇچرىمايتتى، چوڭ تەرەققى تېپىپمۇ كەتمەستىن، بەلكى
ئوموەن بىرقېلىپتا تۇرىۋېرەتتى.

ياڭلىيۇچىڭلىق — تيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەر ئەڭ ئاۋال
ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ، ئەپكەش كۆتىرىپ سودا قىلىدىغان-
لاردىن ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن،
كۆپىنچىسى ئولتۇراقلىق سودىگەرلەردىن بولۇپ قالدى، بۇ-

لارنىڭ ئارقىلىشى ئورۇمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلى، چۆچەك، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر، يەكەن، خوتەن شۇنداقلا ھەرقايسى كىچىك ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە تيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ دۇكانلىرى بارئىدى. ئۇلارنىڭ تىجارەت تەرەققىيات ئەھۋالىغا كېيىن توختىلىمىز.

بېيجىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ئورۇمچىدە پەقەت دېشىڭخاڭ ۋە دېشىڭتاڭ دېگەن دورا سېتىش دۇكانلىرى بولۇپ، دېشىڭخاڭنىڭ قەشقەر تەۋەسىدە شۆبە دۇكانلىرى بارئىدى، شەنشى گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ ئورۇمچىدە ئىگىدىتاڭ، ۋە يۈەنتەيتاڭ ئاملىق ئىككى دورىگەرلىك دۇكىنى بولۇپ. بۇلار بەك مەشھۇر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىدىتاڭ كەسپىنى ھەممىدىن بالدۇر باشلاپ، ھەممىدىن ئىناۋەتلىك ئىدى. قۇمۇل، سۇجۇ (جۇچۈەن)، گەنجۇ (جاڭيې)، لىيەڭجۇ (ۋۇۋېي) ۋە لەنجۇلاردا دۇكانلىرى بار ئىدى. شەرقىي يولدا خېلى تەسىرى بولسىمۇ، مىنگونىڭ باشلىرىدا زىياندىن يىقىلىپ قەد كۆتۈرەلمىگەن. بۇنىدىن باشقا جىيىشىڭ جياڭيۇ دۇكىنى بولۇپ، ئۇزۇن تارىختا ئىگە، نامى مەشھۇر ئىدى. خۇنەن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ چەنيىشىڭ چاي دۇكىنى، خۇنەن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ باشلىقى ھېساپلىناتتى، كېيىن كۆتۈرۈلگىنى شىڭخېڭماۋ چاي دۇكىنى (چايچىلىق ھەققىدە كېيىن ئايرىم توختىلىمىز). مەنچىڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى چيۇجۇيسۇڭ ۋە سۇڭجۇدالار ساراي ئېچىپ، قوشۇمچە خۇنەن مىلىش ماللىرى بىلەن تىجارەت قىلىپ بىرمەزگىل راۋاجلىنىپ، كېيىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. بۇنىدىن باشقا، شىشىڭتەي مىلىش ماللار دۇكىنى ۋە شىڭلىنچۈن دورا دۇكىنى، خۇنەن گۇرۇھىدىكى-



لەر ئىچىدە كىچىكرەكلىرى ھېساپلىناتتى. سىچۈەن، خۇبېيلىق سودىگەرلەر ئەپكەش بىلەن خۇلاڭزىچىلىق قىلىپ سودا قىلاتتى. يىلدا بىرقېتىم قاتنايتتى. ئەكەلگەن ماللىرى كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان پارچە بويۇملار بولۇپ، ئەكىتىدىغان ماللىرى ئاساسەن ئىلىنىڭ قۇرۇق بۇغا مۈڭگۈزى ئىدى. سىچۈەن گۇرۇھىدىكىلەر ئىچىدە تۇرۇپ سودا قىلىدىغانلار خۇڭشىڭيۈەن بىلەن خۇڭچۇنيۈەن ئاشپۇزۇلخانە ھەمھاراق سېتىشنى ئاساس قىلاتتى. سىچۈەن، خۇبېيلىكلەرنىڭ بەزەنقول سانائەت قوشۇمچە دۇكانلىرى بارئىدى. پوجاڭزا ياساپ ساتىدىغان، پاختا ئاتىدىغان سىچۈەن گۇرۇھىدىكىلەر داشىڭخاڭ ئەترابىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سەيپۇڭچىلىق ۋە كەشيىم - كېچەك ساتىدىغان خۇبېي گۇرۇھىدىكىلەر ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ جەنۇبى تەرىپىدە ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

يەرلىك خەنزۇ چوڭ پومېشچىكلاردىن قوشۇمچە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى شىخەنزىدلىك شى پېيۈەن ئەڭ مەشھۇر ئىدى. ئەسلى گۇچۇڭلۇق خۇلاۋۇ تۇگمىچىلىك بىلەن بېيىغان بولۇپ، كوكخوتتا تيەنيى نامىلىق ساراي ئاچقان. ھەتتا كوكخوت بىلەن گۇچۇڭنىڭ ئارىلىقىدىكى كىراكەشچىلىكنى ماناپوليە قىلىۋالغان ئىدى. خۇيزۇ سودىگەرلەردىن ئېلىپ - ساتارلار كۆپ بولۇپ، بايلىرى ياكى پومېشچىكلار جۇگازا، موپاڭلارنى كۆپرەك ئاچاتتى ياكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، بەك ئاتاغلىق دۇكانلىرى يوق ئىدى.

ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئىلىدىكى ھۈسەنباي ھاجى، قەشقەردىكى ئۆمەر بايلار ھەممىدىن چوڭ ئىدى. ئۇلار دەسلەپ-

تە رۇسىيە ماللىرى ۋە سىچۈەن قاتارلىق جايلارنىڭ تاۋار-دۇردۇنلىرى بىلەن تىجارەت قىلىپ تۈرلۈك موي - تېرە، ياختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش بىلەن بېيىغان. ئىلىدىكى ھۈسەنباي ھاجىنىڭ كەسپى دائىرىسى بەك كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ سودا نامى فۇشىڭخاڭ دەپ ئاتىلاتتى. چاررۇسىيە بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىپ تۇراتتى. ئۇ گېرمانىيىنىڭ لەيبىش دېگەن يېرىدە ئېچىلغان تاۋارلار كورگەزمىسىگە قاتناشقان. شىڭخەي ئىنقىلابى(1911 - يىلى) دىن ئىلگىرى ئۇزۇن ئۆتمەي گېرمانىيىدىن تېرە زاۋۇتى سېتىۋېلىپ، گېرمانىيىلىك ئىنژېنېرلارنى ئىشلىتىش بىلەن ئىلى نوۋبىگورتتا تېرە زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. (بۇ شىنجاڭدا تۇنجى خەلق باشقۇرغان زامانىۋى سانائەت ئىدى). ھۈسەنباي ھاجىنىڭ سەرمايىسى كۆپ، ئىلى، چۆچەكتىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ تولىسى ھۈسەنباي ھاجى بىلەن مۇناسىۋەت قىلاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆمەرباي بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىشاتتى. بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ سودىسى ئۇيغۇرلار ئىچىدىلا بىرىنچى بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزدىكى سودىگەرلەر ئىچىدىمۇ بىرىنچىلىككە ئۆتەتتى. باشقا ئۇيغۇر سودىگەرلەر دەسلىۋىدە جەنۇبتىن ماتا، سامان قەغەز قاتارلىق ماللارنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ ساتاتتى. كېيىن ئاستا - ئاستا كىشمىش، مېغىز قاتارلىقلارنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ تيەنجىن، شاڭخەيلەردىن تاۋارلارنى شىنجاڭغا ئەكىلىپ، ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى.

بۇندىن باشقا ئىلىدا ھۆكۈمەت بازىرىدە سودىگەرلەر



باشقۇرۇپ كەلگەن موي-تېرە شىركىتى بولۇپ، بۇنى ئىلىدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسى قۇرغان ئىدى، مەزكۇر شىركەت موي-تېرىنىڭ باج پۇلىنى ئىشلىتەتتى. 1911-يىلى خۇيزۇ سودىگەرلەردىن سايىدى (ئۈپتى ئاخۇن)نىڭ باشلامچىلىقى بىلەن دەللال سودىگەر ھەسەنشەمىيوف ئارقىلىق پولشىدىن 2 دانە كىرا ماشىنىسى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ غۇلجا بىلەن كورە ئارىلىقىدىكى قىسقا يولدا كىراكەشچىلىك قىلاتتى. كۈنىگە 10 نەچچە نۆۋەت قاتنايتتى. ئىككى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىراكەشچىلىك قىلىدىغان ھارۋىكەشلەر بىلەن بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان توقۇنۇشى پەيدا بولدى. مەلۇم كىشى يولغا پىچاقنىڭ ئۇچىنى ئۈستۈن قارىتىپ كۆمۈپ قويىدۇ، ماشىنا ئۆتكەندە پىچاق چاقنى تېشىۋېتىپ ماشىنا ماڭالماي قالىدۇ. شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن موي-تېرە شىركىتى ئىشتىن توختايدۇ. ماشىنىنى مەلۇم كىشى ئوغۇرلاپ چاررۇسىيە شاگىيۇلىرىدىن يۇنۇسقا سېتىۋېتىپتۇ. كېيىن ئوغۇرلاپ ساتقۇچىنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تېپىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

## 4 - تيەنجىن گورۇھىدىكىلەرنىڭ بىردىنلا پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تيەنجىن گورۇھىدىكى سودىگەرلەرنىڭ مال ساتىدىغان ئوبيېكتلىرى ئاساسەن مانجۇلار، خەنزۇلار بولۇپ، ئاساسى خېرىدارلار ئەمەلدارلار بىلەن پومېشچىكلار ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمەتكە ئېھتىياجلىق ئىش

قەغەزلىرى، قەلەم، سىيا، كىيىم، ئاياقكىيىم، زىياپەتكە
ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك دېگەندەك مەھسۇلاتلىرىنى ئەكىلىپ سا-
تاتتى. فېئوداللىق دەۋردە سودىگەرلەرنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن
بولۇپ، ئەمەلدارلار بىلەن باراۋەر ئولتۇرالمايتتى. ئۇلار
بىلەن يېقىنلىشالمايتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى-
دا خىزمەت كۆرسىتىپ، نامىغا ئىگە بولغان مىساللارنى ئال-
ساق، ئىمتىھان بېرىپ ئەمەلگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى،
ئەمەلنى پۇلغا سېتىۋالغىلى ياكى 5دەرىجىدىن تۆۋەنكى كۆك-
پەي سېتىۋېلىپ، قورۇق ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش مۇمكىن
بولاتتى. بەزى باي ئىشەنچىلىك سودىگەرلەر باشقىلارغا
ھاۋالە قىلىپ بېيجىڭدىن بىر پارچە كۆكپەي سېتىۋېلىپ،
ئۇنىڭغا ئىسىم فامىلىسىنى، يۇرتىنى ۋە ئۈچ ئەۋلادىنى
يېزىپ، كۆكپەينىڭ دەرىجىسى بويىچە
قىزىل پوپەكلىك قالپاققا قوبىنە مونچاق
تاقايتتى. ئۇلار ئات تۇۋاق شەكىلدىكى يېڭى بار چاپانلار-
نى كىيەتتى. 7دەرىجىلىك ئالتۇن مونچاق ياكى 5 دەرىجە-
لىك كىرىستال مونچاق قادىغانلار، يامۇلغا كىرىپ چىقا-
لايتتى ھەم ئەمەلدارلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلالايتتى. باي-
رام كۈنلىرى ئەمەلدارلار ئامباللارغا سوغا تەقدىم قىلىپ،
خۇشامەت قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ماللىرىنى سېتىش
ۋە باشقا جەھەتلەردە شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئالاھىي-
دە غەمخورلۇقىغا ئىگە بولالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ-
لار ئۆلكە مەركىزىنىڭ سىرتىدىكى ئەمەلدارلارغا ۋاكالىتەن
ئۆلكە مەركىزىدە ئۆلكە غەزنىسىگە پۇل تاپشۇرۇش ياكى
پۇل ئېلىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. ھەمدە مەنسەپتىن چۈشكەن



ئەمەلدارلارنىڭ توپلىغان پۇللىرىنى ئۆز پۇلىغا قوشۇپ سەر-
مايىسىنى كۆپەيتەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەتكەن پۇللار ساپ كۈمۈشتىن باشقا،
داچەن پۇل ئىدى، تيەنجىن گورۇھىدىكىلەردىن، مەسىلەن:
يۈك يۈيدې، تۈك تېگخې قاتارلىق دۇكانلار گۇاڭشۈينىڭ 27-
يىلى (1901 - يىلى)نىڭ ئالدى - كەينىدە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخ-
سىتى بىلەن ياغاچ تاختىغا خەت ئويۇپ، 400داچەنگە ئال-
ماشتۇرىدىغان مايلىق ياغ تىزا چىقىرىپ ھەممە يەرگە تار-
قاتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۆزدۇكىنىدىن قىزىل داچەنگە ئالماشتۇرۇپ
ئالالايتتى. ياكى مالمۇ سېتىۋالالايتتى. بۇ خىل پۇل، ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ
ئاسان، ئىشلىتىشكىمۇ ئەپلىك بولغاچقا، ئاممە بۇ پۇلنى ياخ-
شى كۆرۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا بۇ پۇل كەڭ تارقالدى.
تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ تىجارىتى تېخىمۇ كېڭەيدى. مە-
سىلەن: يۈز سەر نەق پۇل ئامانەت قويغان بولسا، مىڭ يا-
كى 2000سەرلىك ياغ تىزا تارقىتالايتتى. بۇ سەرمايىسى 10-
20ھەسسە كۆپەيگەنلىك بولاتتى. بىر تەرەپتىن تىجارىتى كې-
ڭەيسە ھەم سەرمايىسىنىڭ ئوبوروتىمۇ تېزلەشكەن بولىدۇ. بۇن-
دىن باشقا چوڭراق تيەنجىنلىك سودىگەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ
ياغ تىزىلىرىنى تارقىتىپ تيەنجىن گورۇھىدىكىلەرنىڭ كە-
سپى كۈندىن-كۈنگە راۋاج تېپىپ، سەنشى گورۇھىدىكىلەر ۋە
باشقا سودا گورۇھىدىكىلەردىن ئۈستۈن بولىۋالدى. ياغ تىزا
تارقىتىشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن ياخشى بولغانلىقتىن، ھەم-
مىسى دېگىدەك تارقىتىشنى ئويلايتتى. بەزى تيەنجىنلىك
سودىگەرلەر قىزىل داچەننىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كەڭ دائىر-
ىدە ياغ تىزا تارقاتماقچى بولاتتى. شۈەنتۇڭ خانىنىڭ 2-

يىلى (1910 - يىلى) ۋاڭگاۋشىڭ تىيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەر-نىڭ ئۇرۇمچىدىكى سودا دۇكانلىرىغا ئوت قويۇپ كويدۇر-ۋەتكەندىن كېيىن ھوكۇمەت تەرەپ تىيەنجىن گۇرۇھىدىكى-لەرنىڭ ياغ تېزا تارقىتىشىنى مەنئى قىلىۋەتتى.

تىيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەردىن 8 چوڭ ئائىلە بايلىغان ئىدى. ئومۇمەن تىيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەر گۇللەنگەندىن كېيىن، تۇق-قان - تۇققانلىنى، دوس - دوستىنى چاقىرىشىپ، ئەسلى ياڭلىيۇ-چىنلىقلەر كەينى - كەينىدىن شىنجاڭغا چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سەييارە سودا قىلسا، بەزىلىرى دۇكان ئېچىپ سو-دىگەرچىلىك قىلدى. چوڭ - كىچىك دۇكاندارلار پۈتۈن شىن-جاڭغا تارقالدى.

1908 - يىلى (گۇاڭشۈي خاننىڭ 34-يىلى) فەنسى (مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى)، ۋاڭشۇنيەن قەغەز پۇل تار-قىتىپ، ئۇرۇمچىدىكى ھوكۇمەت پۇللىرىنى باشقۇرۇش ئىدا-رىسىنى تەرتىپكە سالدى. ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى ئۈچ ئورۇنغا بىرىدىن چوڭ ئىدارە قۇردى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە-لەرگە، تاشقورغان، چارقىلىق، لوپنۇر، قورغاستىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە شوبە ئىدارىلىرىنى قۇرۇپ، پۇل بېرىش، پرۆوت قىلىش ئىشلىرىنى بېجىردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا گۇڭخېۋېيچىڭنىڭ جىڭلىسى (دىرېكتورى) ۋاڭجىڭتاڭ بىلەن يۇڭ-يۇيدىڭنىڭ جىڭلىسى ياڭشاۋجۇ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈ-رۈمچى پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان. سۇ بېشىدىكى بالدۇر سۇ ئىچىپتۇ دېگەندەك تىيەنجىن گۇرۇ-ھىدىكى دۇكاندارلارنىڭ سەرمايە ئوبوروتى جەھەتتە ۋاڭ بى-لەن ياڭنىڭ ئوپۇزى يۈزىسىدىن ھەممىدىن ئاۋال مەنپەئەت-



دار بولغان ئىدى.

## 5 - شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى ۋە چايچىلىق ھەققىدە قىسقىچە بايان

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى چوڭ دۇكاندارلارنى ئىچكى-رىدىكى تۈرلۈك ماللار دۇكانلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، كولى-مى ئانچە چوڭ ئەمەس، ميلىش ماللار دۇكانلىرىغا سېلىش-تۇرسا يەنە ئوخشاشمايتتى، ھەر قايسى گۇرۇھلاردىكى چوڭ دۇكاندارلاردا ھەممە نەرسە، يەنى: نېمە دېسەڭ شۇ تېپىلات-تى. قىممەت باھالىق، مەسىلەن: مەرۋايىت، ئالتۇن جابدۇق-لار، مۇۋوت، تۇۋار - دۇردۇن؛ ئەڭ ئاددىسى، مەسىلەن: سېرىق قەغەز، يىپ-يىڭنە، ھەر خىل تابلىتكا دورىلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت دائىرىسىگە كىرەتتى. توپلاپ سېتىش، پارچە سېتىش شىنجاڭ سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئىدى.

چايچىلىق شىنجاڭدا ئالاھىدە ئەھۋالغا ئىگە. چىڭ سۇ-لالىسى دەۋرىدە گەنسۇلۇق چاي سودىگەرلىرى ھوكۇمەتتىن چايچىلىق قىلىش رۇخسەت قەغىزىنى ئېلىپ ئاندىن ساتات-تى؛ ھەر بىر رۇخسەت قەغىزىدە چوڭ چايدىن 80 دانە بو-لۇپ، ھەر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 5 جىڭ ئەتراپىدا بولاتتى. خونەنلىك چاي سودىگەرلىرى، چاي ئېلىپ سات-تارلار، سەنشى جىڭياڭغا كىلىپ، خىش چاي ياساپ، ئۇنى قارا چاي دەپ قاچىلاپ گەنسۇغا ئەكىلىپ پارچە ساتاتتى. چاي سودىگەرلىرى ھوكۇمەتكە كۈمۈش تولىگەندىن كېيىن ھو-كۇمەت تەرەپ ئۇلارغا سېتىش جايلىرىنى تەقسىم قىلىپ بې-

رەتتى.

موڭغۇل، قازاقلار ئىچىدىغان كۆرەك چاي بىلەن تاش چاينى سەنشىلىك سودىگەرلەر خۇبېي ياڭلودۇڭ بىلەن ياڭلوسىدا ياساپ ئەكىلىپ ساتاتتى. بۇ خىل چاينى جىڭچا دەپ ئاتايتتى. مىڭسەر، يۈز سەر، 29،34 تاش چاي، پەملە چاي قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلاتتى. كوكخوتتىكى جىڭلىق سودىگەرلەر ئامبالغا پۇل تاپشۇرۇپ، بىلەت ئېلىپ بۇ چايلارنى مىلىش ماللار بىلەن بىرگە موڭغۇل يايلاقلىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتاتتى. مەنچىڭ ھوكۇمىتى مالىيە ۋازارىتىنىڭ نىزامنامىسىدا (كۆچۈك ناھىيىسى چاي بېجىدىن 10 مىڭ سەر كۈمۈش تاپشۇرىدۇ) دېگەن بىر ماددىسى بولغان. دېمەك جىڭلىق سودىگەرلەرنىڭ بىلەت ئېلىشقا تاپشۇرغان پۇلى چاي بېجى ئىدى. شىنجاڭ، شەنشى، گەنسۇ مۇسۇلمانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ رەسمى بىلەتكە ئۆزگەرتىپ، خونەنلىك چاي سودىگەرلىرىگە قارا چاي دۇكانلىرىنى قۇرۇپ، شىمال-جەنۇپ ئىككى تەرەپتە قارا چاي سېتىشنى تەشەببۇس قىلغان. لېكىن موڭغۇل، قازاق مىللەتلىرى قاراچاينى ياخشى كورمىگەنلىكتىن قارا چاينىڭ شىمال تەرەپتە سېتىلىشى ئانچە جىق بولمىدى. موڭغۇل، قازاقلارغا ئېھتىياجلىق جىڭچانى يەنىلا جىڭلىق سودىگەرلەر ئەكىلىپ ساتتى.

شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، ئۆلكە ئەمىرى لىيۇجىنتاڭ قارا چاي بىلەن جىڭچاچاينى تەڭ سېتىشقا رۇخسەت قىلدى. گەنسۇدىكى زۇڭدۇ (باش گوبېرناتور) شىنجاڭ بولسا، جەنۇپ سودىگەرلىرىنىڭ ئاچقان جايى دەپ چىڭ تۇرۇپ،



جىڭچا چاينىڭ سېتىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ھەمدە كوكخوتتىكى ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا بىلەت تارقاتتى دەپ يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلارنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاتتى. شۇنىڭ بىلەن جىڭچا چاينىڭ شىنجاڭدا سېتىلىشى چەكلىنىپ قالدى. كېيىن ئىلىدىكى جياڭجۈن ۋە چوچەكتىكى سېيەنزەنلەر (مەسلىھەتچىلەر) بىر قانچە قېتىم مەنچىڭ ھوكۇمىتىگە موڭغۇل، قازاقلار قارا چاينى ياقتۇرمايدىغانلىقتىن جىڭچا چاينى شىمال تەرەپتە سېتىشقا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلدى. شۈنفۇفەن شاۋسۇمۇلەر، چىڭ ھوكۇمىتىگە جىڭچا چاينىڭ شىمال تەرەپتە سېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى. چاي بېلىتىدىن ئالغان پۇلنى گەنسۇغا تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى، بۇنىڭغا مالىيە ۋازارىتى قوشۇلمايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جىڭچا چاينى شىمالى شىنجاڭغا ئەركىن ئەكىلىپ ساتالمايدىغان بولدى. روس سودىگەرلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەنكۇدا جىڭچاچاي ياساپ سىبىرىيە تومۇر يولى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەكىلىپ، شىمالدىكى موڭغۇل قازاقلارغا ساتىدۇ. ئىلى جياڭجۈنى مالىياك (مىنشەن) جىڭچا چاينى ھوكۇمەت نامىدا باشقۇرماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە جەنۇپلۇق سودىگەرلەر موڭغۇل، قازاقلارنى قارا چاي ئېلىشقا قىستىماي جىڭچا چىيىنى ئەكىلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن جەنۇپ سودىگەرلىرى بېيىپ تيانشاننىڭ جەنۇبى-شىمالىدىكى چاي بازارلىرىنى ماناپولىيە قىلىۋالدى.

مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن چاي بىلەت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدى. قارا چاي دۇكاندارلىرى ئۇزۇن ئوتمەي كە-

چېينى توختاتتى. جىڭ گۇرۇھىدىكىلەر بىلەن باشقا گۇرۇھتىكىلەر چايچىلىقنى قوشۇمچە ئېلىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا خۇيزۇلار خونەنىڭ شۇنچە دىگەن چېيىنى ساتىدىغان دۇكاندارلار بولۇپ قالغان ئىدى.

## 6 - شىنجاڭ سودىسىدا مىسلى كورۇلمىگەن چوڭ ئۆزگىرىش

بىرىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش: 1910 - يىلى (شۇەنتۇڭ خانىنىڭ 2 - يىلى) كۈزدە گەنسۇلۇق ۋاڭگاۋشىڭ ئوت قويۇپ ئۈرۈمچىدىكى تيەنجىن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ بىر قانچە ئون دۇكىنىنى كويدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە ئون يىللىق گۈللەنگەن بازار كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ھوكۇمەت تەرەپ، پۇل بېرىپ قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ئولكە خەزىنىسىدىن 300 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش بەردى. كويۇپ كەتكەن دۇكانلار بىر قانچە يىلدىلا ئىلگىركى ئەكسىگە كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاۋالقىغا قارىغاندا تېخىمۇ گۈللىنىپ كەتتى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش: 1917 - يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋىتلەر ئىتتىپاقى ھوكۇمىتى قۇرۇلدى، شۇندىن باشلاپ چاررۇس ھوكۇمىتىنىڭ 80 يىلدىن بۇيان شىنجاڭغا يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىقتىسادى تاجاۋۇزى ئاخىرلاشتى. رۇس ماللىرى شىنجاڭغا كېلىشتىن توختىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرگە ئېھتىياجلىق تاۋارلار كاملاپ، گەزلىمىلەر ئازايدى.



ھەر قايسى گۇرۇھتىكى سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىچكىرىسىدىن تۈرلۈك تاۋارلارنى كەڭ مىقتاردا ئەكىلىپ، رۇس ماللىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەنشى، گەنسۇلۇق سودىگەرلەر ئەكەلگەن گەزلىمىلەر ئەڭ كوپ ئىدى. جەنۇبى شىنجاڭنىڭ يەرلىك ماتا - چەكمەنلىرىمۇ ھەر قايسى جايلاردا كەڭ دائىرىدە سېتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچىدە سارايلار پەيدا بولدى. يېڭى مال سارايلىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئۈنگەن بامبۇك نوتىلىرىدەك ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىچى - سىرتىدا ھەممە يەردە ئېچىلدى.

شۇ ۋاقىتتا دولەت ماللىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سېتىلىپ، سودا - سېتىق گۈللەنسىمۇ، لېكىن گەزلىمە، تاماكا، پاختا، كىشمىش قاتارلىقلار سوۋېت چېگرىسىغا يەنىلا توشۇلاتتى. بۇندىن باشقا رۇس چېگرىسىدا، رۇس ۋە جۇڭگولىقلار ئوغۇرلۇقچە تېرىلغان ئەپيۈننى شىنجاڭغا ئەكىرىپ تۆۋەن باھادا ساتاتتى. لېكىن گەنسۇدا ئەپيۈن ناھايىتى قىممەت بولۇپ، ھايانكەش سودىگەرلەر شىنجاڭدىن ئەپيۈن سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلغا جىددى ئېھتىياجلىق بولاتتى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ئولكە پۇلىدىن 90 سەرنى لەنجۇغا پىرىۋوت قىلسا، يۈز سەر كۈمۈش تېگىشىپ ئالغىلى بولاتتى.

مانا بۇ شىنجاڭ سودا تارىخىدا مىسلى كورۇلمىگەن چوڭ يېڭىلىق بولۇپ، بۇ يېڭىلىقلار شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىدا ئالايىتەن گۈللىنىش پەيدا قىلغان ئىدى. سودىگەرلەر تاۋارلارنى ھەددىدىن زىيادە قارغۇلارچە يۆتكەپ كېلىپ

ماللار تاغدەك دۆۋلىنىپ كەتكەنلىكتىن، سەرمايە بېسىلىپ قالىدۇ، ئەپيۇن گەنسۇدا ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، گەنسۇ، شىنجاڭ ھەر ئىككى جايدا مال باھاسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. ھايانكەش سودىگەرلەر ناھايىتى زور زىيان تارتىپ، دۇكانلىرى تاقىلىپ قالدى. بۇ خىل ھوكۇمەتسىزلىك ھالەتتە كېلىپ چىققان سۈنئىي گۈللىنىش، بىر كورۇنۇپ قويۇپلا قىسقىغىنە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە غايىپ بولدى.

تيەنجىنلىك سودىگەرلەر بۇ ۋاقىتتا تيەنجىندىن ياۋروپا، ئامېرىكا ماللىرىنى، بولۇپمۇ ياپونىيىنىڭ ماللىرىنى تۈرلۈك تاماكا، سەرەڭگە، يىمەكلىك، رەڭ، ياۋروپا دورىلىرى قاتارلىقلارنى ئەكىلىپ، بۇرۇنقى رۇس ماللىرىنىڭ بازىرىنى ئىگەللىدى. گەرچە رۇبلى تۆۋەنلەپ كېتىپ، تيەنجىنلىك سودىگەرلەر زور زىيانغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ماللار كۆپ كېلىپ پايدىسى جىق بولغانلىقتىن ئېلىنغان پايدا ئومۇمەن ئېيتقاندا، زىياننى بېسىپ كېتەلەيتتى. رۇس سودىگەرلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت سودىنى توختاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ بىر مەزگىل چىقىش يولى بولماي باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. تيەنجىنلىك سودىگەرلەر ۋە باشقا سودا گۇرۇھىدىكىلەر تۈلكە تېرىسى، سۇغۇر، سۈلەيسۇن، يىلپىز، بورە تېرىسى، ئۈچەي قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى تيەنجىنگە ئاپىرىپ ئەجنەبىي سودىگەرلەرگە سېتىپ، ئېكسپورت قىلاتتى. شىنجاڭ سۈيپۈەن ماشىنا ترانسپورت شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا 1924 - يىلى ئىچكىرىدىن - ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 300 مىڭ سەردىن ئاشقان. شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە يۆتكەلگەن ماللار بىر مىليون 400 مىڭ سەرگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو - رۇسىيە داۋشېڭ بانكىسى تەرىپىدىن تيەنجىنگە ئېلىپ بېرىلغان قوي يۇڭىمۇ خېلى جىق بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىش يولى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۇيغۇرلاردىن قىسمەن سودىگەرلەر تيەنجىن، شاڭخەيلەرگە كىشى ئەۋەتىپ، مال ئېلىپ شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىچكىرىنىڭ سودا جەھەتتىكى بېرىش - كېلىشى كېڭەيدى. بۇ مەزگىللىك تيەنجىندىكى چەتئەل سودىگەرلىرى ئىلگىرى - كېيىن گوماشتىلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۈچەي، تۈرلۈك قىممەت باھالىق ۋە ئادەتتىكى تېرە - يۇڭلارنى سېتىۋالدى. مەسىلەن: تيەنجىندىكى ئامېرىكىلىق سودىگەرلەرنىڭ بىلى ياڭخاڭ ( گوماشتىسى ئاق ئورۇسلاردىن - گومىلكىن ) گۇباۋسەي ياڭخاڭ، گېرمانىيىلىك سودىگەر شۇنفا ياڭخاڭلارنىڭمۇ ئۈرۈمچىدە گوماشتىلىرى بار ئىدى. بۇلار يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، چەتئەللەردىن بىۋاستە ئېلىپ كەلگەن ئۇششاق تاۋار ماللارنىمۇ ساتاتتى.

## 7 - سوۋېت بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا ئالاقىسى

1920 - يىلى سوۋېت تۈركىستانى ھوكۇمىتى ئىلى، قەشقەر چېگرىسىغا سودا ئالاقە قىلىش توغرۇلۇق سوھبەت-

لەشمەكچى بولۇپ، ۋەكىل ئەۋەتتى. ياكۇزىگىشىن رۇسسىيە ھۆكۈمىتىنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلمىغاچقا قولايسىز دەپ بىلىپ، شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بېرى رۇس ماللىرىنى ئىشلىتىش ئادەت بولۇپ كەتكەنلىكى، كىرۇسىن، تومۇر ئەينى ۋاقىتتا جىددىي ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيا بولغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك خاراكتېردىكى ۋاقىتلىق سودا ئالاقىسى شەرتنامىسىنى تۈزۈشكە قوشۇلۇپ، ئىلىنىڭ دوتەيى (ۋالىسى) شۈي گوجىيڭغا مەزكۇر ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلىشىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىككى تەرەپ شەرتنامىنى تۈزۈپ، يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرغان.

ئەسلى شەرتنامىنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرى:

(1) سوۋېتلىكلەر سوۋېت ماللىرىنى ئىلىغا ئېلىپ كېلىش ياكى ئىلىدىن ماللارنى سوۋېتكە ئېلىپ كېتىشتە شىنجاڭنىڭ بىر تۇتاش باج نىزامنامىسى بويىچە، جۇڭگو تاموژنىسىغا باج تاپشۇرىدۇ؛

(2) ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدا سودا ئۈستىدە تالاش - تارتىش ياكى جىنايى ئىشلار دەۋاسى يۈز بەرسە، تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىپ ئىجرا قىلىدۇ؛

(3) سودا ۋە قوشۇمچە ئۇچرۇشۇپ تۇرۇش ئىدارىلىرىنى جۇڭگو تەرەپ سوۋېتتىكى 7 سۇ ئۆلكىسى ( ئالمۇتا ) دە قۇرىدۇ، سوۋېت تەرەپ شىنجاڭنىڭ غۇلجا شەھىرىدە قۇرىدۇ؛

1921 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئىلىدىن باشقا ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي -



لاردا سودا ئالاقە ئورۇنلىرى ئېچىشنى ھەمدە كونسۇلخانا قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ تەرەپ ئالمۇتىدىن باشقا تاشكەنت، ئەنجان، شەمەي، زەيسەن 4 ئورۇندا ئالماشتۇرۇش شەرتى قىلىپ 5 كونسۇلخانا قۇرۇشنى ھەمدە يىغىننىڭ 14 ماددىلىق پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سۆھبەت بىر يىل داۋام قىلسىمۇ كېلىشىمگە كېلەلمەي، سوۋېت ۋەكىللىرى قايتىپ كېتىدۇ. 1923 - يىلى 9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىگە يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ئۆتكەندىكى 14 ماددىنى ئاساس قىلغان ھالدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەت 8 ئاي داۋام قىلدى. بىز تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چار روسىيە ۋاقتىدا چىقىرىلغان قەغەز پۇللارنى تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت تەرەپ ماقۇل كۆرمەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شۇ سەۋەپتىن رەسمىي كېلىشىم تۈزۈلمىگەن. لېكىن ئىككى تەرەپ ئۆز - ئارا چۈشىنىش ئاساسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچىدە باش كونسۇلخانا، ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، ئالتاي 4 ئورۇندا كونسۇلخانا قۇرماقچى بولدى؛ شىنجاڭ تەرەپ ئالمۇتىدىن باشقا شەمەيدە باش كونسۇلخانا، ئەنجان، زەيسان، تاشكەنت قاتارلىق ئورۇنلاردا كونسۇلخانا قۇرماقچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانا قۇرۇشتىن تاشقىرى سودا ئورگانلىرىنىمۇ بۇنى دەسلەپتە يۇڭ شىركىتى ( مويكا ) دەپ ئاتايتتى. كېيىن، سوۋېت - شىنجاڭ سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1923 - يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان سودىسى تەدرىجى كۆپەيدى. سوۋېت تاموژ-

نا ئىدارىسىنىڭ قىسمەن ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا قارىغاندا،
1913 - يىلى چار روسىيە دەۋرىدە شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن
مالنىڭ ئومۇمى قىممىتى 9 مىليون 846 مىڭ روبلى، ئېـ-
كسپورت قىلىنغان مالالارنىڭ ئومۇمى قىممىتى 8 مىليون
427 مىڭ روبلى بولۇپ، ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىنغان
جەمئى سان 18 مىليون 273 مىڭ روبلى بولغان. 1923-
1924 - يىللىرى سوۋېتنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا
ئىشلىرىدىن ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىنغان ئومۇمى قىممىتى
3 مىليون 433 مىڭ روبلى ئىدى. 1929 - 1930 - يىل-
لىرى كۆپىيىپ 31 مىليون 947مىڭ روبلىغا يەتتى. 1930-
يىلىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قالايمىقانچىلىق
بولغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بول-
غان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى پەيدىن - پەي قۇۋەتلەپ
كەتتى.

## 8 - شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى

1921 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە كوكخوتىدىن شىنجاڭ-
غىچە بولغان توگىدە مال توشۇش يولىنى ئۆزگەرتىپ، كى-
چىك ياپلاق بىلەن ماڭىدىغان بولدى (چوڭ ياپىلاق
تاشقى مۇڭغۇل چېگرىسى ئىچىدە، كىچىك ياپلاق تاشقى مۇڭ-
غۇل چېگرىسى ئىچىدە ئەمەس ئىدى). كىچىك ياپلاق بىلەن
ماڭغاندا كىرا ھەققى چوڭ ياپلاق بىلەن مېڭىشقا قارىغاندا
قىممەترەك، ۋاقتىمۇ ئۇزۇن كېتەتتى. 1930 - يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ-
دا قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ-
رۇش پاراكەندىچىلىكى ئۈزۈلمەي شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە



غەربىگىچە قانات يايغان ئىدى. شىمالى يول بىلەن كىر-
گۈزۈلۈۋاتقان سودا ماللىرى بىر قانچە قېتىم بۇلاڭ - تا-
لاڭغا ئۇچرىدى. زىياننىڭ ئومۇمى سانى 5 مىليون يۈەندىن
ئارتۇق. مال توشۇش شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شىن-
جاڭنىڭ سودىسى بىر يېقىلىش بىلەنلا ئورە بولالمىدى. شىڭ
شىسەي ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، تېررورلۇق يۈرگۈز-
دى. سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، كەس-
پىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قىزىقمىدى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىل-
غان مەزگىلدە فابىي ۋە جىڭ يۈەنجۈەن قەغەز پۇللارنى قا-
لايمىقان چىقىرىۋەدى. ھەر قېتىم ئايرۇپىلان لەنجۇدىن ئۈ-
رۈمچىگە كەلگەندە زور مىقداردا قەغەز پۇللارنى ئېلىپ كې-
لەتتى. شۇڭا „ئاسماندا ئايرۇپىلان گۈكىرسە، يەردە مال با-
ھاسى ئورلەيدۇ“ دىگەن قوشاقلار چىققان ئىدى. يەرلىك مەھ-
سۇلاتلارنىڭ بازىرى بولمىغانلىقتىن، ئۈچەيىنى ئىشتقا تاش-
لاپ بېرىش ئەھۋاللىرى كورۇلدى. پۇل پاخاللىشىپ كەت-
كەنلىكتىن، بازاردا تاماكا، 8 خەتلىك چاي ياكى گەز-
لىمىلەر ئوز - ئارا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇپ قالدى.
بازاردا پەقەت ھايانكەشلىك ئەۋج ئېلىپ، نورمال سودا بول-
مىدى. كونا سودا دۇكانلارنىڭ ئوندىن سەككىز - توققۇزى
تاقىلىپ قالغان ئىدى.

# ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

يېزىپ قالدۇرغۇچى: ماۋشۈن

مەن 1928 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ پوچتا باشقارمىسىغا خىزمەتكە كىرىپ 36 يىل ئىشلىدىم. ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلىق باسقۇچلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قاراگۇرۇھ سىياسەتتە ئىمپېرىيونلار زوراۋانلىق قىلىدىغان، خىيانەتچىلىكتە چىرىكلەشكەن. تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بولغاچقا بىز پوچتىخانا خادىملىرىنىڭمۇ خىزمەت كاپالىتىمىز يوق بولغانىنىڭ ئۈستىگە ھەر ۋاقىتتا ئىشسىزلىق خەۋپى بار ئىدى. ئىش ھەققىمىز ھەمىشەم پۇل پاخاللىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. شېڭ شىسەي دەۋرىدىكى سىياسىي زىيانكەشلىك خەۋپىدە ھاياتىمىز كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى خەلق پوچتىخانا خىزمەتلىرىنىڭ جۇشقۇنلۇق تەرەققىياتىغا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرقى بار. مەن بۇ ماقالىدا 40 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى شۇنداقلا بىر دەۋرلىك تارىخىنى، يىغىپ ئېيتقاندا ئۆزەمنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان دەرت



ئەلەملىرىمنى ئەسلەپ، ھازىرقى بەخت - سائادەتنىڭ قەدرىگە يەتكەن ھەقىقىي خاتىرەمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. يىللارنىڭ ئۇزۇنلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا پايدىلانغىدەك تۈزۈك ماتېرىيالنىڭ يوقلىقىدىن تولۇق يېزىپ چىقالىشىم مەھال بىر گەپ. شۇڭا خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## شىنجاڭدىكى كونا پوچتا ئىشلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى

1866 - يىلى (تۇڭجىز 5 - يىلى) دىن باشلاپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتى باج ئىشلىرى باش مەھكىمىسى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىر قانچە سودا شەھەرلىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا: مەسىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، نيۇجۇاڭ، شاڭخەي، جيۇجياڭ، جېنجياڭ قاتارلىق جايلاردا خەت توشۇش پونكىتلىرى قۇردى. يەنى تاموژنا ئىدارىلىرى پوچتا ئىشلىرىنى قوشۇمچە يۈرگۈزدى. 1866 - يىلدىن 1896 - يىلغىچە بۇ خىزمەتنى سىناق قىلىش باسقۇچى قىلدى. 1896 - يىلى (گۇاڭشۈي 22 - يىلى) ئاندىن رەسمىي يولغا قويدى دېيىشكە بولىدۇ. 1911 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى) پوچتا ئىشلىرى تاموژنى (خەيگۇەن) ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ھالدا پوچتا - ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ قارمىقىدا، بېيجىڭدا پوچتىخانىنىڭ باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ مەملىكەت بويىچە پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1-يىلى) شىنجاڭنى پوچتا رايونى دەپ، بېيجىڭ باش ئىدارىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزدى. دېمەك شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا پوچتا يوق ئىدى.

1912 - يىلىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئايرىم باشقۇراتتى. بەزەن رايونلاردا مەنزىلدىن-مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر ئادەم بىر ئات بىلەن ئالدىدىكى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى؛ بەزەن رايونلاردا ھاردۇقكەش ياكى تۆگىچىلەر بىلەن توختام تۈزۈپ، پوچتا ئالاقىلىرىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزەتتى. ئىش ھەققى قېتىم سانىغا قاراپ بېرىلەتتى. بۇ خىل كونا ئۇسۇلدا قاتناش قوراللىرىنىڭ چەكلىمىسى، ئۇسكۈنە-جابدۇقلارنىڭ ناچارلىقىدىن ئىش ئۈنۈمى جەھەتتە تېز، توغرا، بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق بولۇشى قىيىن ئىدى. 1909 - يىلى (شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى) دۆلەتنىڭ ئىچكى پوچتا يولى لەنجۇغىچە ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئىۋەتىلگەن خەت-ئالاقىلار يەنىلا تۆگە ئارقىلىق كېلەتتى. ئۇنىڭ كىراسىنى خەت ئىۋەتكۈچى بىلەن خەت تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار تۆلەيتتى. شىنجاڭدا پوچتا توشۇشنى سىناق تەرىقىسىدە كېچە-كۈندۈز ماڭدۇرۇش يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغىچە 6600 يول مۇساپىنى پوچتىكەش ئاتلىق 33 كۈن يۈرۈشكە توغرى كېلەتتى. بۇنىڭدىن قىيىنچىلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

## 1 پوچتا قۇرۇلمىسىنىڭ تەشكىلى ئەھۋالى

1912 - يىلى شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى ھەر قايسى نا-



ھىيىلەردە 16 ئورۇندا پوچتىخانا بار ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەخسۇس ئادەم تەيىنلىگەن ياكى سودىگەرلەر ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان پوچتا بېكەتلىرىدىن 20 ئورۇندا بار ئىدى. 5 يىلدىن كېيىن تەدرىجىي كېڭىيىپ ئاساسىي ناھىيىلەردە پوچتا ئىدارىلىرى 2 - دەرىجىلىك ناھىيىلەردىمۇ پوچتا پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

1912 - يىلى پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان ئورۇنلار:

قۇمۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، ماناس، شىخو، قارباغاتاي، سارسۇمبە، غۇلجا، سۇيدۇڭ، كورە، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن.

پوچتا پونكىتلىرى قۇرۇلغان ئورۇنلار:

باركول، توخسۇن، فۇكاڭ، جىمىسار، مورى، سانجى، قۇتۇبى، جىڭ، بورچىن، يۈەنخۇ (ئالتايغا قاراشلىق رايون) قەشقەر يېڭىشەھەر، بۈگۈر، باي، كورلا، لوپنۇر، ۋېنسۇ، مارالبېشى، يېڭىسار، كېرىيە.

1927 - يىلىدىن كېيىن، بېيجىڭدىكى باش پوچتا ئىدارىسى، نەنجىڭ قورچاق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ باش پوچتا ئىدارىسى نەنجىڭدە تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ نەنجىڭ باش پوچتا ئىدارىسى تەۋەلىكىدە، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى. باشقا قۇرۇلمىلىرى ئۆز پېتىچە قالدى. ئەمما شىنجاڭدىكى پوچتا ئىدارىلىرى، پونكىتلىرى ۋە پوچتا لىنىيەسى (يولى) داۋاملىق كېڭەيدى ۋە ئاشۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئۆلكىدىكى ھەر قايسى ۋە-

ۋىلايەت ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە پوچتا ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. ئۆلكە مەركىزىگە يىراق، قاتناش قىيىن بولغان ناھىيە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغىمۇ پوچتا پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، پوچتا-ئالاقە ئىشلىرى بىر قەدەر ئۈزۈنراق بولغان ئالتاي رايونىدا 3-دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە 1-2-3-4-دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىلىرى 38 ئورۇندا، پوچتا پونكىتلىرى 54 ئورۇندا قۇرۇلغان ئىدى. بۇ قۇرۇلمىلار ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلدى.

1927-يىلىدىن كېيىن قۇرۇلغان پوچتىخانىلار تۆۋەندىكىچە:

1-دەرىجىلىك پوچتىخانىلار:

قەشقەر كونىشەھەر.

2-دەرىجىلىك پوچتىخانىلار:

قۇمۇل، تۇرپان، ماناس، شىخو، سۈيدۈڭ، غۇلجا، تارباغاتاي، سارسۈمبە، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن، گۇچىڭ.

3-دەرىجىلىك پوچتىخانىلار:

بارىكول، قۇتۇبى، جىمىڭ، كورە، دوربىلجىن، بورچىن، كورلا، مارالۋېشى، قەشقەر يېڭى شەھەر، كېرىيە.

4-دەرىجىلىك پوچتىخانىلار:

پىچان، توقسۇن، سانجى، بۈگۈر، ۋېنسۇ، ئۈچتۇرپان، قارغىلىق، پۈككاڭ.



شوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خەلقارالىق خەتچەكلەرنى ئالماشتۇرۇش ئورنى: قورغاس، جىمونەي، ئەركەشتام. چوچەكمۇ خەلقارالىق خەتچەكلەرنى ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن ئىدى.

ھىندىستان ۋە خەلقارالىق خەتچەكلەرنى ئالماشتۇرۇش ئورنى: تاشقورغان ئىدى.

پوچتىخانىلارنىڭ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچى پونكىتلىرى تۆۋەندىكى جايلاردا قۇرۇلغان:

ئاراتۇرۇك، يەنتىە، قۇدۇق، بورىتالا، توققۇزتارا، نىلقا، موڭغۇلكۈرە، چاپچال، خېيفىڭ، تېكەس، كۈنەس، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، قابا، خېبجىن، لوپنور، چارقىلىق، چەرچەن، شايار، توقسۇ، باي، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى، مەكىت، پەيزاۋات، يوپۇرغا، ئاتۇش، يېڭىسار، پوسكام، گۇما، قارىقاش، لوپ، چىرا، مىچۈەن، جىمسار، مورى، ئۈزشاقتال، شىڭشىڭشا، داۋانچىڭ، سايئوپا، داخىيەن، چىڭشۈيخېزا، لۇساۋگۇ، كۆنەس، چاغانتوقاي، تولى، ئوتتۇنبولاق، يەكەن، نىيە، يۈەنخۇ، زىمچەنزە، سەنتەي، كونا چىتەي قاتارلىقلار.

پوچتا باشقارما ئىدارىلىرىنىڭ ئىچكى تەشكىلى:

1912-يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغانىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، ئىچكى جەھەتتە ئون باشقارما قۇرۇلغان ئىدى: (1) كاتىۋات باشقارمىسى؛ (مەخسۇس چەتئەل يېزىقىدىكى ئالاقىلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.) (2) بوغالتېر باشقارمىسى؛ (3) ئىچكى ئۆلكىلەر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش باشقارمىسى؛ (4) يەرلىك ئىشلار باشقارمىسى؛ (5) خەت ئالاقىلارنى ئېلىش-تارقىتىش باشقارمىسى؛ (6) زاكاس خەتلەر باشقارمىسى؛ (7) خالتا،

پاسولكا ئىشلىرى باشقارمىسى؛ (8) پۇل پىرۋوت باشقارمىسى؛ (9) ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامالسىز بولغان خەتچەكلەر باشقارمىسى؛ (10) داگىئەن تەكشۈرۈش باشقارمىسى قاتارلىقلار. بۇ قۇرۇلمىلار مەلۇم كۆلەمدە قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ چاغلاردا كەسپىي خادىملار كەم بولغانلىقتىن ھەرقايسى باشقارمىلارنىڭ ئاساسىي ئىشلىرىغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن سالاھىيىتى يۇقىرىراق خادىملارنى يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇراتتى. تۆۋەندىكى خەتچەك ئىشلىرى. مالىيە ۋە تىجارەت ئىشلىرى قاتارلىق كونكرېت خىزمەتلەرگە يەرلىكلەردىن بىر قانچە ئادەم قوبۇل قىلىپ ئىش يۈرگۈزەتتى.

چەتئەللىك باشلىق شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىدىكى چوڭ ھوقۇقنى ئىگەللەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمران تەبىقىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتاتتى. خەت ـ ئالاقىلار جۇڭگو يېزىقىدا يۈرگۈزۈلىدىغان بولغاچقا، چەتئەللىك باشلىق، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدىن مەخسۇس كاتىپ يۆتكەپ، يۇقىرى مۇئاش بەلگىلەپ، يەرلىك كىشىلەرنى پوچتا ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىچىگە كىرگۈزدى. ئۇلارغا ھۆججەتلەرنى كۆرگۈچىلەر دەپ چىرايلىق ئىسىم قويدى. شۇنىڭ بىلەن — ھۆججەت ـ دېلولار باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇ باشقارمىدا ھۆججەتلەرنى كۆرگۈچى بىر كىشى، كۆچۈرۈپ سىپلىشتۇرغۇچى ئىككى كىشى ئىدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى پوچتا ئىدارىلىرىغا بېرىدىغان خەنزۇ تىلىدىكى يوليورۇق ۋە بۇيرۇقلىرىنىمۇ مۇشۇ باشقارما ئىشلەيتتى.

ھەرقايسى ناھىيە پوچتا ئىدارىلىرىدىن يۇقىرى، ئو-



رۇمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تۆۋەن دەرىجىدە ئىككى دەپەر چارلىغۇچى بولاتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭنى چارلىغۇچى خادىم قەشقەردە، شىمالىي شىنجاڭنى چارلىغۇچى خادىم ئۈرۈمچىدە تۇراتتى. ھەر يىلى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، ئۆز رايونى بويىچە تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ ھەرقايسى پوچتا ئىدارىلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. پوچتا يوللىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەرقايسى پوچتىخانىلاردا تۇغۇلغان چوڭراق دېلولارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

1927 - يىلىدىن كېيىن، يۇقىرىقى ھەرقايسى باشقارمىلار ئۆز ئىشلىرىنىڭ ئىخچاملىنىشىغا قاراپ باشقارمىنى — بۆلۈمگە ئۆزگەرتتى. ئەمما باشقۇرۇش قائىدىسى ئەۋۋەلقىدىن بىر ئاز كۆپەيدى. مەسىلەن، كاتىۋات باشقارمىسى — ئومۇمىي ئىشلار بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەمما بۆلۈمدە كاتىپلار، كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئاۋام ئىشلار قاتارلىق گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىندى. بوغالتىرىيە باشقارمىسى — بوغالتىر بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بۆلۈم ئىچىدە، تەكشۈرۈش، مالىيە ئىشلىرى، پۇل ـ چەكلەرگە قارايدىغان گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىندى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان باشقارما ـ ئىچكى ئۆلكىلەر ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بۆلۈم ئىچىدە رايونغا ئايرىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، تالونلارنى رەتلەش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى؛ ھۆججەت دېلو باشقارمىسى، ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى — يەرلىك ئىشلار بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى؛ ئەسلىدىكى خەتچەكلەرنى ئېلىش ـ تارقىتىش، زاكاس خەت، خالتا، پۇل پېرۋوت ئىشلىرى باشقارمى-

لىرى گۇرۇپپاغا ئۆزگەرتىلدى. ئومۇمەن يەرلىك ئىشلار بۆلۈمى ۋە گۇرۇپپا يەنە مەخسۇس ئىشلار ئورنى، كۈندۈلۈك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئورنى قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامالسىز قالغان خەتچەكلەر باشقارمىسى، دېپولارنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى مەخسۇس ئىشلار ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمىدىكى مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپپىلارغا قوشۇۋېتىلدى. 1944 - يىلى شىنجاڭدا پوچتىخانىلاردا زاپاس مەبلەغ ساقلاش بىلەن پېرېۋوت قىلىنغان پۇللارنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئىشلىرى رەسمىي يولغا قويۇلغانلىقتىن، زاپاس مەبلەغ ۋە پۇل پېرېۋوت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بۆلۈم ئىچىدە پۇل پېرېۋوت قىلىش، زاپاس مەبلەغ ۋە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئۈچ گۇرۇپپا قۇرۇلدى. جەنۇب ۋە شىمالىي شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچىلەر ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. پەقەتلا بۇلارنىڭ نامى «پوچتا خىزمەتلىرىنى تەپتىش قىلغۇچىلار» دەپلا ئۆزگەرتىلدى. يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرغۇچى بۆلۈم باشلىقىنىڭ كۈندۈلۈك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە شەھەرگە خەت - ئالاقىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، يەرلىك پوچتا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا بىرنەپەر مۇپەتتىش كۆپەيتىلدى.

## 2 پوچتا ئىدارە خادىملىرى ۋە كادىرلار تۈزۈمى

شىنجاڭدا مەيلى پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بولغان، ياكى پوچتىخانىلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بولغان مەزگىللەردە بولسۇن، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پوچتا ئىدارىسى باش مەھكىمىسى جۈيجاڭلىققا ئادەم تەيىنلەپ ئىۋەتتى. بۇ ئادەم يوقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە پۈتۈن ئۆلكىدىكى پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. يەنە پۈتۈن پوچتىخانىلاردىكى ھېساۋاتنى پۇل چەكلىرىنى تەكشۈرۈش، مۈلۈك ۋە كىرىم - چىقىم پىلانىنى ئىگەللەش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى جۈيجاڭنىڭ ھەرخىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەمكارلىشىش ئۈچۈن بوخگالتىرىيە باشلىقى تەيىنلەپ ئىۋەتتى. بۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى جۈيجاڭدىن قالسىلا 2 - ئورۇندا تۇراتتى. شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىدا زاپاس مەبلەغ ۋە پۇل پېرېۋوت قىلىش شۆبە ئىدارىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئىش بىر قەدەر راۋاج تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئادەمۇ كۆپەيدى. پوچتا ئىشلىرى باش ئىدارىسى بوخگالتىرىيە باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ھەمدە زاپاس مەبلەغ ۋە پۇل پېرېۋوت ئىشلىرىغا ئورۇنباسار جۈيجاڭ دەرىجىلىك 2 ئادەم ئىۋەتىپ، پوچتا، ۋە مالىيە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ئورۇنباسار جۈيجاڭ تەيىنلەيدىغان بولدى.

1912 - يىلى شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردا جۇڭگونىڭ پوچتا ھوقۇقىغا چەتئەللىكلەر خوجا ئىدى. شۇڭا بېيجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا ئىشلىرى باش ئىدارىسى تەرىپىدىن چەتئەللىكلەرنى جۈيجاڭ قىلىپ ئىۋەتەتتى. ماتېرىياللارغا ۋە ئەسلىگەنلەرگە قارىغاندا شىنجاڭغا كەلگەن چەتئەللىك پوچتىخانا جۈيجاڭلىرى: ئەنگىلىيىلىك دۇخېب، بەيياس، خەنتې،

ماگۇلۇ، ئېتالىيىلىك: كېۋالىرو قاتارلىقلار. 1933 - يىلى
شىڭشىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مەزگىللەردە نەنجىڭ
قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا ئىشلىرى باش ئىدارىسى دانى-
يىلىك كىچىگىنى جۈيجاڭلىقتا ئىدىۋەتتى. شىڭشىسەي پۈتۈن
ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، دانىيىلىك جۈيجاڭنى ئۆز
مېھمانخانىسىدا جۇڭگو قانۇنىغا بويسۇنمىغان چەتئەللىك بۇر-
ژۇئا ئادەمنى ساقلىدى دەپ ئەيىبلەپ، ئىشتىن توختاتتى ۋە
ئۆز ئۆيىگە نەزەربەنت قىلدى. نەنجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ
كىچىگىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ سۇندى. شۇنىڭدىن
باشلاپ باش ئىدارە شىنجاڭغا چەتئەل ئادەملىرىنى ئىۋەتمە-
دى. پوچتىخانا جۈيجاڭلىقىنى جۇڭگولۇق خادىملار ئۆز ئۈس-
تىگە ئېلىپ، ئالدى بىلەن ۋاقىتلىق دەپ ئورنۇتۇپ، كېيىن-
چە رەسمىيلەشتۈرۈلدى، بۇخكالتېرلار باشلىقى ياكى پوچتا
ئىشلىرى، مالىيە ئىشلىرىغا ياردەملەشكۈچى خادىملارنىمۇ ئۇ-
زۇندىن باش پوچتىخانىغا جۈيجاڭ بولغانلار، سالاھىيىتى ئۇ-
زۇن، يۇقۇرى دەرىجىلىك خادىملار ئىچىدىن يەنى سادىق،
ئىشەنچلىك دەپ تونۇلغان ياكى ئۆز جەمەتىدىن بولغان خا-
دىملار ئىچىدىن تاللاپ بېكىتتى.

«ئا» دەرىجىلىك پوچتا خادىملارنىڭ ھەممىسى ئىچكى
ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كەلتۈرۈلگەن بولۇپ سانى كۆپ ئە-
مەس ئىدى. ئادەتتە ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ
تۇراتتى. ئۇلار باشقارما باشلىقى، بولۇم باشلىقى، مۇپەتتىش،
كادىرلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ھېساۋات گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقى بولاتتى. يەرلىكلەردىن پەقەت بىرلا كىشى يۇقۇر-
راق ئورۇنغا كىرگۈزۈلگەن ئىدى. يۇقۇرىدا بىز ئېيتقان كا-



تېپىنى يەرلىك ھۆكۈمەتتىن يۆتكەپ كېلىپ، يۇقۇرىغا تەس-
تىقلىتىش ئارقىلىق ھوججەت — دېلو باشقارمىسىغا باشلىق
تەيىنلىدى.

يەرلىكلەردىن ئېھتىماندىن ئۆتۈپ «ب» دەرىجىلىك
پوچتا خىزمىتىگە قالدۇرۇلغانلار، چەتئەللىك جۈيجاڭلار ۋە
ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن «ئا» دەرىجىلىك خادىملارنىڭ
رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ئادەتتىكى خىزمەتلەرگە قويۇلاتتى.
ئۇلارغا ئاساسىي خىزمەتلەر بېرىلمەيتتى. 1943 - يىلى باش-
قىچىلا بىر ئىش بولدى، يەنى ئەزەلدىن «ئا» دەرىجىلىك خا-
دىملار ئۆتەپ كەلگەن مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى، ستاژى ئۇزۇن-
راق بولغان «ب» دەرىجىلىك خادىملار ئۆز ئۈستىگە ئالدى.
بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ يېرى
كەڭ، ئادىمى شالاڭ، قاتناش قولايسىز، سەپەرگە چىقىشلا
ئۇزۇن يولدا جاپا - مۇشەققەت چېكىشكە توغرا كېلەتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىللەتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەز-
گىللەردە جەنۇپ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا دىخانلار، چارۋىچى-
لار ھۆكۈمرانلارغا قارشى قوزغىلاڭلار بولغان، ئاردىنى بۇز-
دىغان مىللىي قىرغىنچىلىقلارمۇ بولغان ئىدى. «ئا» دەرىجى-
لىك خادىملار بىرىنچىدىن يول ئازاۋىدىن قورقسا، يەنە بىر
تەرەپتىن ھاياتىدىن ئەنسىرەپ، چەتكە ماڭىدىغان خىزمەتلەر-
گە «ب» دەرىجىلىك يەرلىكلەر ماڭسۇن دەپ پىكىر قىلىپ،
ئۆزلىرى ماڭغىلى ئۇنىمايتتى. شۇنداق قىلىپ يۇقۇرى دەرى-
جىلىك بۇ خىزمەت، تۆۋەن دەرىجىلىك يەرلىكلەرنىڭ قو-
لىغا ئۆتتى. سىرتتىن قارىغاندا جۇڭخۇا پوچتىخانىلىرىنىڭ
تۈزۈمى باشتىن - ئاياغىچە ناھايىتى ياخشى كۆرۈنەتتى، ئە-

مەملىكەتتە ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. جۇڭخۇا پوچتا ئىشلى–
رىدىكى كادىرلار تۈزۈمى، جاھانگىر ئۇنسۇرلار خوجايىن بول–
غان ۋاقىتلاردىن قېپقالغان، پەقەتلا جۇڭگولۇق خادىملارنى
باشقۇرىدىغان بىرىيۈرۈش ئۇسۇلىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئاسا–
سەن جۇڭگولۇق خادىملارنى كورسەتكەن ئىشقىلا بوي سۇنى–
دىغان، سىياسەتنى سۈرۈشتۈرمەي، تەڭسىزلىك مۇئامىلىلەرگە
رازى بولىدىغان قىلىپ جۇڭگولۇقلار بىلەن چەتئەللىكلەر–
نىڭ تەڭ ھوقۇقسىزلىقىنى قانۇنلاشتۇراتتى. باشقارما باش–
لىقى، بولۇم باشلىقى بولغان „ئا" دەرىجىلىك خادىملار بى–
لەن „ب" دەرىجىلىك خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇقنىڭ
پەرقلىق بولۇشى كىشىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى. جۇيجاڭ
بولغانلار (چەتئەللىك جۇيجاڭلار) مەيلى خىزمەت مەسىلى–
لىرى مەيلى خادىملارغا چارە كورۈش ئىشلىرىدا باشقارما–
ياكى بولۇم باشلىقلىرىنىڭ ئاغزاكى ياكى يازما دوكلات–
لىرىغا قاتتىق ئىشىنىپ، قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قى–
لىۋاتاتتى. „ب" دەرىجىلىك خادىملار جۇيجاڭلار بىلەن
بىۋاستە كورۈشەلمەيتتى. ئەھۋال ئېيتالمايتتى. شۇڭا „ئا"
دەرىجىلىك خادىملار، بۇيانقىلارنى كوزگە ئىلماي ئوزمەي–
لىچە زورلۇق – زومبۇلۇق قىلىپ، ھاكاۋۇرلۇشۇپ باشقىلارنى
بوزەك قاپاتتى. „ب" دەرىجىلىك خادىملارنى چاكارنىڭ ئور–
نىدا، تېخىمۇ تۆۋەن دەرىجىلىكلەرنى قۇل ئورنىدا كورەتتى.
بۇ خىل پەيدالىدىغان ئادەت ئازاتلىققىچە داۋاملىشىپ
كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىنلا بۇ تۈزۈم ئەمەلدىن قالدى.
ئازاتلىقتىن ئىلگىرى جۇڭخۇا پوچتا ئىشلىرىدا „ئا"
„ب" دەرىجىلىك ھەم ياردەمچى خادىملار بولغاندىن تاشقى–



رى يەنە خەتچى، قارا خىزمەتچى، پىيادە ۋە ئاتلىق چاپار–
مەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى قانداق بولىدىغانلى–
دىغانلىقى ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار خەت تارقىتىش،
ئىدارىنىڭ پارچە – پۇرات ئىشلىرىنى ۋە ئاتلىق خەت تو–
شۇش ئىشلىرىنى قىلاتتى. خەتچىلەر يىل بويى قىش – ياز
دىمەي خەت توشۇيتتى. ئەڭ جاپالىق خىزمەت قىلغاندىن تاش–
قىرى ئەڭ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. ئۇ چاغلاردا
ئاتلىق خەت توشۇغۇچىلار ئەڭ كوپ ئىدى. جۇڭخۇا پوچتى–
خانىسىنىڭ بەلگىلىمىسى ئاتلىق پوچتىكەشلەر پوچتىخانىغا
كىرىشتە „ب" دەرىجىلىك ياردەمچى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش
200 سەر كومۈش پۇل تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن كېپىللىك
بەرگەندىن تاشقىرى، ئوزلىرى بىردىن – ئىككىدىنچە ئات ھا–
زىرلايتتى. ئەگەر ئوزىدە ئات بولمىسا، پوچتىخانا بازار با–
ھاسى بويىچە پۇل قەرز بېرەتتى. بۇ پۇلنى ئايمۇ – ئاي تار–
تىپ قالاتتى. ئەگەر ئېتى ئولۇپ قېلىپ، ئات سېتىۋېلىشقا
قۇربى يەتمىسە، يەنە قەرز پۇل بېرىپ، ئايمۇ – ئاي تارتىپ
قالاتتى. ئايلىق مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان
خەتچىلەر تولا قەرز ئېلىپ قەرزگە بوغۇلۇپ كېتەتتى. ئاي–
لىقىنى قەرزگە تولەپ پۈتۈن ئائىلىسى ئاچ – يالىڭاچلىق ئا–
زاۋىنى تارتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلىقلىرىنىڭ ئېكسپى–
لاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى. بەزەن خەتچىلەر زۇلۇمغا چىدىماي
ئوزىنى ئولتۈرۈۋېلىش يولىغا مېڭىپ قالاتتى. باشلىقلارنىڭ
ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى كوپ ئىدى. باش–
لىقلار پوچتىكەش ماڭىدىغان يوللارغا ئوت، گۈرۈچ، بىيدە،
سامان دۇكانلىرى ئېچىپ قوياتتى. پوچتىكەشلەردە نەق پۇل

بولمىغانلىقتىن قەرزگە، شۇلاردىن يېمەك - ئىچمەك بۇغۇز، سامان ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئايلىقى چىققاندا ھېلىقى باشلىقلار ھېساۋات قىلىپ پۇلنى ئالاتتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئايلىق پۇلى تۆۋەن بولاتتى. ھۆكۈمەت ئاتقا قەرز بەرگەن پۇلنى تارتىپ قالسا، تۇرمۇشنى قامداشقا يەتمىگەنلىكتىن، ئامالسىزلىقتا ھېلىقى دۇكان ئاچقان باشلىقلىرىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئومۇمەن تولەپ تۈگىتالمايدىغان قەرزگە بوغۇلۇپ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە خەتچىلەرگە تولاراق بايدىخان، بەگ، پومىشچىك، زومىگەرلەر باشلىق بولىۋالاتتى. كەمبەغەل دېخانلاردىن چىققان خەت توشۇغۇچىلارنى ئۇلار مېھنەتكەش دېخانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانغا ئوخشاشلا شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېزەتتى. ئۇلار خەتچىلەرنىڭ مۇئاشىنى قىسىۋېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلارنى ئۆز ئېشىغا چۈشكەن ئالۋاڭ - ياساقنى ئۆتەشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا بويۇن تولغىسا، قامچىلايتتى.

جۇڭخوا پوچتاخادىملىرىنىڭ ئىش تۈزۈمى ئازادلىقتىن بۇرۇن بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. 1928 - يىلىدىن ئىلگىرى 4 بەنزە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. جۇيجاڭدىن باشقا، پوچتا ئىشلىرى ئەمەلدارى، پوچتا خادىملىرى، پوچتا خىزمەتچىسى، خەتچىكلەرنى تاللاش ئىشچىسى قاتارلىقلار بولۇپ، يۇقۇرقىدەك يەنە 5 دەرىجىگە بولۇنەتتى. 1928 - يىلىدىن كېيىن پوچتىخانا خادىملىرىنىڭ دەرىجىسى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلدى.

خەت توشۇغۇچى قارا خىزمەتچى، خەتچىلەر باشلىقى ۋە



ئاتلىق خەت توشۇغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىمۇ ئايرىماستىنلا ئەھۋالغا قاراپ مائاش بېرەتتى. خەت توشۇغۇچىلارغا جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلەرگە 18 يۈەن، شىمالىي شىنجاڭدىكىلەرگە 21 يۈەن بېرىلەتتى. ئىدارىغا كىرىپ 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ياخشى ئىشلىگەنلەرگە 3 يۈەندىن قوشۇپ بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقېتىمدا 3 يۈەندىن قوشۇپ 6 قېتىم بولغاندا بىر يۈەن قوشۇپ تۆرت يۈەن بېرەتتى. 9 - قېتىمدىن كېيىن 5 يۈەن قىلىپ جەمى 15 قېتىمغىچە ئاشۇرۇپ بېرەتتى. ئات بىلەن خەت توشۇغۇچىلارغىمۇ ئەھۋالغا قاراپ مائاش بېرەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلەرگە 16 يۈەن، شىمالىي شىنجاڭدىكىلەرگە 18 يۈەن بېرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن 2 يۈەندىن قوشۇپ بېرىشنى ئون قېتىمغىچە ئاشۇرۇپ بولىدى قىلاتتى. خەتچىلەر باشلىقلىرىنىڭ مائاشى ۋە قوشۇپ بېرىدىغان پۇل بەلگىلىمىسى يۇقۇرقىلارغا ئوخشاش بولغاندىن تاشقىرى يەنە 3 يۈەندىن يازدەم بېرەتتى. قارا خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئاساسى جەھەتتىن يۇقۇرقىلارغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن يۇقۇرقىلاردىن بىرئاز يۇقۇرى ئىدى. قوشۇپ بېرىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولاتتى.

جۇڭخوا پوچتا ئىدارىسى «ئا»، «ب» دەرىجىلىك پوچتا خادىملىرى ۋە ياردەمچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈش مەسىلىسىدە كاپىيەن (كارتوچكا) تۈزۈمى بىلەن بىرتەرەپ قىلاتتى. بۇ تۈزۈمدە خادىملارنى جۇيجاڭ، يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىش بىلەن بولاتتى. كاپىيەن رەڭگى بىلەن 4 دەرىجىگە ئايرىلاتتى. قىزىل رەڭلىكى 1 - دەرىجە؛ توخۇك رەڭلىكى 2 - دەرىجە، يېشىل رەڭلىكى 3 - دەرىجە ھېساپلىناتتى. بۇ دەرىجىدىن

كېيىنكىسى يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن ئىدى:

ئا — كورۇنەرلىك بىلىمى، ئالاھىدە قابىلىيىتى بولۇپ، ياخشى ئىشلىگەن، تولۇق ئىشەنچلىك بولغانلار 1 - دەرىجىگە كىرىدۇ؛

ب — كورۇنەرلىك قابىلىيىتى بولمىسىمۇ، ئەتراپلىق ئىش بېجىرگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ، ئىتائەتچانلىق بىلەن ئىشلىگۈچىلەر 2 - دەرىجىگە كىرىدۇ؛

س — كورسەتكەن چوڭ خىزمىتى بولمىسىمۇ، خىزمىتىنى ئادەتتىكىچە ئىشلىگەن بولسىمۇ، خاراكتېرى جەھەتتىن تامامەن ئىشەنگىلى بولىدىغانلار ياكى يېڭىدىن خىزمەتكە كىرگەنلەر ئادەتتىكى خىزمەت، ئۆگىنىش، كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە تېخى پىششىق بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، 3 - دەرىجىگە كىرىدۇ؛

د — يېڭىدىن ئۆگىنىپ، ئەمدىلا ئادەتتىكى سەۋىيىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، كۆپ خاتالىق سادىر قىلمىغان، ئەمما مۇھىم خىزمەتلەركە قويسا تولۇق ئىشەنچ قىلغىلى بولمىغانلارغا نەق مۇئاش بېرىلەتتى. ئۇلارنى دەرىجىنى ئۇستۇرۇش مۇئاشىنى ئاشۇرۇش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزمەيتتى.

يۇقۇرقى 3 دەرىجىدىكىلەرنىڭ دەرىجە ئۇستۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى جۇيجاڭنىڭ نەتىجىلەرنى مەلۇم قىلىشىغا باغلىق. ئومۇمەن 1 - دەرىجىلىكلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۇستۇرۇش ۋاقتى 15 ئاي، 2 - دەرىجىلىكلەرنىڭ 18 ئاي، 3 - دەرىجىلىكلەرنىڭ 21 ئاي ئىدى. ئەگەر ئۇستۇرۇلىدىغان خادىملارغا گۇنا يېزىلغان ياكى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلەر



بولسا، ئۇستۇرۇش ۋاختى بېرىلمەي، ھېچبولمىغاندا 3 ئاي كەينىگە كېچىكەتتى.

يۇقۇرقى كاپىيەن تۈزۈمى ۋە دەرىجىنى ئۇستۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە قارىغاندا ئىنتايىن ئادىل ۋە مۇكەممەلدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ تەغدىرى جۇيجاڭنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى باشقارما، بولۇم باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىگە باغلىق بولاتتى. ئالدى بىلەن باشلىقلارنىڭ پىكرى، ئاندىن جۇيجاڭنىڭ ھەربىر كىشىگە بولغان ياخشى - يامان كوز قارىشى بويىچە بولاتتى. ئادىللىقتىن زەررىچە سوز قىلغىلى بولمايتتى.

شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى، ئازسانلىق مىللەتلەردىن پوچتا خادىملىرى يېتىشتۇرۇشكە قىلچىمۇ ئېتىۋار بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ كوز قارىشىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ساغلام كېلىدۇ، ئەمگەك قىلىپ ئۇسكەن. شۇڭا خەت تۇشۇش ئىشلىرىغا مۇۋاپىق دەپ ھېساپلايتتى. پوچتا ئىدارىلىرىنىڭ خەت ئالاقىلىرى خەنزۇ تىلىدا ۋە چەتئەل تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى، ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقىنى قوللانمايتتى. كەسپىي ئالاقە قەغەزلەردىمۇ خەنزۇچە ياكى چەتئەل يېزىقى قوللىناتتى. شۇڭلا كەسپىي خادىملار، ياردەمچى خادىملار سېپىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىشلەتمەيتتى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئۆلكە بويىچە پوچتا ئىدارىلىرىدا پەقەتلا بىرنەپەر ئۇيغۇر پوچتا خادىمى بار ئىدى. بۇ كىشى خەنزۇچە بىلگەنلىكتىن، خەت - ئالاقە كۆچۈرۈش، ۋە ئادەتتىكى خەت تەرجىمانلىقى قىلاتتى.

شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ئاياللارغىمۇ ئېتىۋار بەر-

مەيتتى. ئىلگىرى بىرنەچچە ئايال خادىملارنى ئىشلەتكەن
بولسىمۇ، كېيىن ئۇلارنىمۇ خىزمەتكە لايىق كەلمەيدىكەن دەپ،
ھەرقېتىم ئىمتىھان ئېلىش ئېلانى چىقارغاندا، ئىمتىھان بەر-
گۈچىلەر ئەرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ، ئاياللار قوبۇل قىلىن-
مايدۇ، دەپ يازاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئاياللار تۇرمۇشقا
چىققاندىن كېيىن بالا تۇغىدۇ، ئائىلە ئىشى بىلەن بەنت
بولىدۇ، بۇ ئىشلارنى باھانا قىلىپ رۇخسەت سورايدۇ، شۇنىڭ-
دەك ئۇلارنى چەت ناھىيىلەرگە خىزمەتكە ئەۋەتكىلى بولماي-
دۇ دەپ چەكلەيتتى. ئۇلار يەنە ئاياللار تۇغۇت ئۈچۈن رۇخ-
سەت سورىغاندا مائاشى بېرىلمەيدۇ، تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن
كېسەلچان ياكى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسا خىزمەتتىن چې-
كىندۈرۈلىدۇ — دەپ بەلگىلىمە چىقارغان ئىدى.

پوچتىخانىدىكى «ب» دەرىجىلىك خادىملارنى چەت نا-
ھىيە پوچتىخانىلىرىغا جۇيجاڭ بولۇپ بېرىشتىمۇ چوڭ ئو-
ڭۇشسىزلىقلار بولاتتى. چۈنكى بوخكالتېرلار باشلىقى ۋە ئىچ-
كى ئۆلكىلەردىن چىققان بولۇم باشلىقلىرى، باشقا خادىم-
لارنى ئۇستۇرۇش، مۇكاپاتلاش — جازالاش ھوقۇقلىرىنى ئى-
گەللىۋالغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك «ب» دەرىجىلىك خادىملار
ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمىسا، چەت ناھىيە-
لەرگە يۆتكىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايتتى، ناۋادا ھۆ-
كۈمەت ئىشىغا زورۇر بولۇپ ئەۋەتىش توغرى كەلگەندىمۇ،
ئەڭ يىراق جايلارغا ئەۋەتەتتى. ئۇنداق چەت جايلارغا بې-
رىپ قالغانلارغا يېقىن ئارىدا يۆتكىلىپ كېلىشى تولىمۇ
قىيىن ئىدى. ئەگەر بارمايمەن دېگۈچىلەر بولسا، تەخسىماتـ
قا بويسۇنمىدى دەپ يىنىك بولسا گۇنا يازاتتى، ئېغىرراق-



لىرىنى ئىداردىن بوشۇتاتتى. دىمەك «ب» دەرىجىلىك خا-
دىملار ياخشىراق ناھىيىلەرگە بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈ-
چۈن، بوخكالتېر باشلىقى ۋە بولۇم باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى
ئىزدەپ، ئۇلارغا سوغا — سالام قىلاتتى، بەزىلىرى چەت نا-
ھىيىگە بارغاندىن كېيىن بوخكالتېر باشلىقىنىڭ شەخسى
تىجارىتىگە ياردەملىشىش توغرىسىدا ۋەدە بېرەتتى. مەسىلەن،
1927 — يىلىدىن بۇرۇن خابىيكوي بوخكالتېر باشلىقى بول-
غان چاغلاردا كوپلىگەن ناھىيىلەردىكى جۇيجاڭلار ئۇنىڭ
تىجارىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيتتى. مەسىلەن، سارسۇمبە جۇيجا-
ڭى ئۇنىڭغا ئالتۇن، بوكەن مۈڭگۈزى سېتىۋېلىپ بېرەتتى؛ ئى-
لى تەرەپتىكى جۇڭجاڭلار بۇغا مۈڭگۈزى، ئۈچەي؛ تارباغا-
تاي جۇيجاڭى قىممەتلىك تېرە؛ قەشقەر، يەكەن، خوتەن تە-
رەپتىكى جۇيجاڭلار فوندئىستېرلىڭ (ئەنگىلىيە پۇلى)؛
كۇچار جۇيجاڭى قاراكۆرپە سېتىۋېلىپ بېرەتتى؛ بۇ نەرسىلەر-
نى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈپ، سىبىرىيە تومۇر يولى ئارقىلىق
بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خەنكو قاتارلىق شەھەرلەرگە
ئەۋەتىپ پايدا ئاپاتتى. ھەرقايسى ناھىيىلەردە يوقۇرقى مال-
لارنى سېتىۋالغاندا ھۆكۈمەت پۇلىنى ئىختىيارىچە سەرپ قى-
لىپ پايدا چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا سېلىپ قوياتـ
تى. بوخكالتېر باشلىقى بۇ شەكىلدە شەخسى تىجارەت قىل-
غانلىقىغا قاراپ، ناھىيە جۇيجاڭلىرىمۇ پۇرسەت تېپىپ پاي-
دا ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم بويى-
چە ئېيتقاندا، 1933 — يىلى تارباغاتاي پوچتا ئىدارىسىغا
جۇيجاڭ بولغان چاغلىرىمدا باشقابىرسى تارباغاتاي جۇي-
جاڭلىقىنى تالىشىپ ئىچكىرىدىن كەلگەن باشلىقلارغا پارا

بىرىش ئارقىلىق مېنىڭ ئورنۇمغا كەلدى. مېنى سارسۇمبىگە يوتكىۋەتتى دېمەك بۇ، پەئودال خانلىق دەۋرىدە ھوقۇق تۇتقانلار «ئەمەلنى» پۇلغا ساتقانغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىدى.

## 3 - ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىلىرىنىڭ كەسپى ئىشلىرى

1912 - يىلى، شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ خەت - ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇردى. ئەمما ئادەتتىكى ياكى زاكاز خەت - ئالاقىلارنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى شۇ ۋاقىتتىكى ھوكۇمەت ئالاقىلىرى ئىدى. خەلقلەرنىڭ خەت - چەكلىرى ئاز بولاتتى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئولكىلەرنىڭ پۇلى پەرقلىق بولغانلىقتىن شىنجاڭدىكى پوچتا ھەققى، ئىچكى ئولكىلەرگە قارىغاندا قىممەت بولاتتى. ماركا ئۈستىدە «شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن خەتلەر بولاتتى. 1916 - يىلى شىنجاڭ پوچتىسىدا خالتا توشۇش يولغا قويۇلدى. بۇمۇ ئولكە دائىرىسىدە بولاتتى. ئۇ چاغلاردا قاتناش چەكلىمىسىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئولكىلەر ئوتتۇرىسىدا خالتا ئەۋەتىش كەسپى يولغا قويۇلمىغان ئىدى. 1919 - يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. خالتىنىڭ ئېغىرلىق چەكلىمىسى بىر كىلو، پوچتا ھەققى شىنجاڭنىڭ ئىچكى جايلىرىدىكى خالتا ھەققىدىن ئىككى ھەسسە يۇقىرى ئىدى. پوچتا يولى: ئۈرۈمچى، مورى، يەنتى قۇدۇق، قۇمۇل ئارقىلىق ئىچكىرىگە كىتەتتى.



بۇ يولدا قۇم - چوللەر، تاغلار كوپ، سۇ قىس، ئادەمى شالاڭ بولغاچقا، بەزىدە پوچتا خالتىلىرىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ پەيدا بولۇپ تۇراتتى. شۇ سەۋەپتىن شىنجاڭ پوچتا ئورۇنلىرى مەركەزدىكى قاتناش مىنىستىرلىكىگە ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، خالتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خالتا ئەۋەتكۇچى ئوزى مەسئۇل دېيىلگەن بەلگىلىمە چىقاردى. خالتا ئۈستىگە شۇ مەزمۇندىكى تامغا بېسىلىدىغان بولدى. بۇ بەلگىلىمە ئارقىلىق ناۋادا پوچتا خالتىلىرى يول ئۈستىدە بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ يوقاپ كەتسە، خالتا ئەۋەتكۇچىلەرنىڭ دەۋا قىلىپ تولۇتۇپ ئېلىشىدىن ساقلانغىلى بولدى.

1920 - يىلى بېيجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى باش پوچتا ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن پوچتا - ئالاقە كېلىشىمى تۈزۈپ، شىنجاڭ تارباغاتايدا ئوز - ئارا خەت - خالتا ئالماشتۇرۇش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى، روسىيىگە خالتا (پوسۇلكا) ئەۋەتىش كەسپىنى يولغا قويدى. ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگىرام بىلەن چەكلىنەتتى. پوچتا كىراسى ئىچكى ئولكىلەردىكى كىرا ھەققىدىن نەچچە باراۋەر يۇقىرى ئىدى. خالتىلارنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئىچكى ئولكىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان خالتا قائىدىسىغا ئوخشاش ئەۋەتكۇچى ئوزى مەسئۇل بولاتتى. ئۇ چاغلاردا ئىچكى ئولكىلەرگە ۋە روسىيىگە پوسۇلكا ئەۋەتكۇچىلەر ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر ئىدى. ئۇلار كىرا ھەققىنىڭ قىممەتلىكىگە قارىماستىن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى پوچتا ئارقىلىق بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خەنكوۋلارغا ئەۋەتىپ سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن ماللارنى شىن-

جاڭدا سېتىش ئارقىلىق پايدا ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يىللاردا شىنجاڭغا كىرىدىغان خالتا، چەككە چىقىرىلىدىغان خالتا مىقدارىدىن ئارتۇق بولاتتى. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كىرىدىغان خالتىلار پويىز بىلەن شىئەننىڭ شەرقىگىچە كېلىپ ئاندىن هارۋا تۆگە كارۋانلىرى ئارقىلىق 3 ئايدىن 5 ئايغىچە ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلەتتى. قىش، ئەتىياز پەسىللىرى قاتناش قىيىنچىلىق بولسا، جيۇچۈەن، قۇمۇلدا توپلىنىپ قالاتتى. بۇلار ئاز بولغاندا 1 - 2 ئاي، جىق سوزۇلسا 3 ئاي ئىچىدە توشۇلۇپ بولاتتى. يىلىغا ئىچكىرىدىن 6 - 7 قېتىم خالتا كارۋىنى كېلەتتى. تەخمىنەن 3 مىڭ خالتا (پوسۇلكا) 12 مىڭ خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ سان ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭغا كىرىدىغان خالتىلارنىڭ مىقدارى هېسابلىنىدۇ.

1917 - يىلى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ پۇل پېرېۋوت قىلىش ئىشى باشلاندى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى پۇل قالايمىقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا «سەر»نى ئاساس قىلغان قەغەز پۇل؛ «2 يېرىم مىسقال»غا خەشلىنىدىغان گۈۋازا پۇل، يەنە لانغا بېسىپ ياقىغا چىلانغان «ياغ تىمزا» دېگەن پۇللار بار ئىدى. خەلق ئارىسىدا سودا مۇئامىلىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مىس ۋە تۆمۈردىن قۇيۇلغان داچەن ۋە يارماق پۇللار بولۇپ، هۆكۈمەت بەلگىلىمىسى بويىچە بىر سەر قەغەز پۇلغا 400 داچەن تېگىشەتتى. يەنە تۆگۈر (تىيىن) پۇلھەم هەر قايسى ئىچكى ئۆلكىلەردە قۇيۇلغان تۆگۈر پۇللارمۇ بار ئىدى. بىر تۆگۈر ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 4 داچەنگە ئۆتەتتى. قەغەز پۇل كونىراپ قىممىتى تەدرىجى تۆۋەنلىگەن چاغلار-



دىمۇ 200 داچەنگە تېگىشكىلى بولاتتى. شىنجاڭدىكى هۆكۈمرانلار مال باھاسىنى كونترول قىلىشقا ئاسان بولسۇن دەپ ئۆلكە ئىچىدە رايون بەلگىلەپ ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل تارقىتاتتى. مەسىلەن مارالۋېشىدىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردا قەشقەر تىزىسى خەشلىنەتتى. قەشقەر تىزىسى «خاپياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. قەشقەر تىزىسى كۈمۈش ئاساسىدا سەرنى بىرلىك قىلىپ ئۆلكە پۇلىغا 3 سەرگە تەڭ تۇراتتى. ئىلى رايونىدىمۇ سەرنى بىرلىك قىلغان قەغەز پۇل تارقىتىلاتتى. بىر سەر 6 مىسقال ئىلى پۇلى - بىر سەر ئۆلكە پۇلىغا تەڭ بولۇپ ئىلى تەۋەسىدىلا ئۆتەتتى. شىنجاڭدا خەشلىنىۋاتقان پۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن ئۈستىگە رايون خاراكتېرلىق پۇللار ئۆز دائىرىسىدىلا ئۆتىدىغان بولغاچقا، پوچتىخانىلار پۇل پېرېۋوت قىلىپ زىيان تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆلكىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يوللايدىغان پۇلنىڭ چېكىنى هەر قايسى چوڭ شەھەر پوچتىخانىلىرى تەگشىپ بېرىش ئۈچۈنلا يوللاپ بېرەتتى. ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پوچتىخانىلار، شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلارغا پۇل چەكلىرى ئەۋەتىشكە بولمايتتى. 1927 - يىلىدىن كېيىن ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتى داۋاملىق چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئىچكىرىگە ئەۋەتىلىدىغان پۇل چەكلىرىگە رايون خاراكتېرلىق پۇللارنىڭ زىيىنىغا قاراپ پۇل چاپلىنىدىغان بولدى. پېرېۋوت قىلىنىدىغان بىر يۈەن پۇلغا 10 يۈەندىن 40 يۈەنگىچە پۇل چاپلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر پۇل ئەۋەتەيدىغان بولۇپ، پۇل پېرېۋوت قىلىش ئىشى توختاپ قالدى. شىڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى

چاغلاردا پوچتىخانا «ۋاكالىتەن كىتاپ سېتىۋېلىپ بېرىش» ئىشىنى يولغا قويدى. بۇ كەسىپ شۇ چاغدا بىر قىسىم ئىلغار زىيالىي ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئۇچراپ، تەرەپ - تەرەپتىن شاڭخەيدىن كىتاپ ئالدۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدى. كېيىنچە ئىشپىيونلار «سىنزور» قىلىپ تۇتۇپ قېلىش، مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بۇ كەسىپنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

خەت تارقىتىش كەسپىدە، شىنجاڭغا كېلىدىغان خەت-چەكلەر ئاز بولغانلىقتىن 1927 - يىلىدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى پوچتىخانىسىدا خەت تارقىتىدىغان 6 ئادەم بار ئىدى. بۇ ئادەملەر شەھەر رايونىدىكى ئىدارە، مەكتەپ ۋە ئاھالىلەرگە پىيادە يۈرۈپ خەت تارقىتاتتى. ھەر كۈنى بىر ئادەم 6 سائەت ئىشلەيتتى. شىمىگو، لىيۇداۋان، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپى، ئۇنىڭ غەربىدىكى جايلارغا خەت يەتكۈزۈپ بەرمەيتتى. شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق خەلقلەرنىڭ خەت - چەكلىرى بولسا، شەھەر ئىچىدىكى تونۇش - بىلىشلىرى ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئالاتتى. ياكى ئۆزى كېلىپ ئالاتتى. 1927 - يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرى تەدرىجى يوسۇندا كېڭەيدى. خەت توشۇغۇچىلارمۇ كۆپىيىپ 17گە يەتتى. يىراقراق بولغان جايلارغىمۇ خەت ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى. كېيىنچە خەت توشۇغۇچىلار ۋېلىسىپىت بىلەن خەت تارقىتىدىغان بولدى. چەت ناھىيىلەر ئىش ئەھۋالىغا قاراپ بىردىن ئىككىگىچە خەت تارقاتقۇچى ئادەم ئىشلىتەتتى.



## 4 - ئازادلىقتىن بۇرۇنقى پوچتا قاتناش ئەھۋالى

ئازادلىقتىن بۇرۇن پوچتا يولى كونا مەنزىللەرنى بويلاپ ئات - ئۇلاق كۈچى بىلەن ماڭاتتى. ئاتنى پوچتىكەشلەر ئۆزى تەييارلايتتى. تەشكىلىي جەھەتتە ھەر بىر مەنزىلنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قاراپ، مۇنچە سائەتتە يېتىپ بارىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئاي ئاخىرىدا ماڭغان ۋاختىنى ھېساپلاپ ھەق بېرەتتى. ۋاختىدا ئورۇنلىغانلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر مۇكاپاتمۇ تارقىتاتتى. كېچىكتۈرۈپ قويغانلارغا جەرىمانە جازاسى بېرىلەتتى. كۆپۈنچە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتىن جەرىمانە تۇتۇپ قالاتتى. پوچتىكەشلەر ئۆزى تەييارلىغان ئاتلارغا بەلگىلىمە بويىچە بوغۇز پۇلى بېرىدىغان بولسىمۇ، باشلىقلار قاقتى - سوقتى قىلىپ تولۇق بەرمىگەنلىكتىن ئات ئوبدان بېقىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچە - كۈندۈز يول ماڭغان ئۇلاقلارغا ھارغىنلىق يېتىپ ۋاختىدا تەلەۋىنى ئورۇندىيالمايتتى. بەزەن جۈيجاڭلار يوقۇرىنىڭ ئەيىپلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پوچتىكەش باشلىقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆز تەۋەسىدىكى پوچتا يولىنى تەسىرى كۈچلۈكرەك بولغان يەرلىك فېئوداللارغا كۆتۈرە بېرەتتى. ئۇلار ئۇلاق چىقىرىپ بۇ ئىشنى ئورۇنلايتتى. ئات - ئۇلاق، ئادەملەرنىڭ ئايلىق پۇلىنى بولسا ئۆزلىرى بولۇشۇپ ئالاتتى. بۇ خىل ئۇسۇل تارباغاتاي ۋە مارالۋېشى تەرەپلەردە ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. تاكى ئازات بولغاندىلا ئاندىن بۇ ئۇسۇلغا خاتىمە بېرىلدى.

1933 - يىلى قىشتا نەنجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى، گېرمانىيە مەبلەغ قوشۇپ بىرلىكتە جۇڭگو - گېرمان ياۋرۇ-ئازىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇپ دولەت ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە پوچتا قاتناش كېلىشىمى ئىمزالىدى. شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئاۋىئاتسىيە يولى ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ: ئۈرۈمچى - لەنجۇ، ئۈرۈمچى تارباغاتاي لىنىيەسى ( تارباغاتايدىن قوشتوغرا بېرلىنگە كىتەتتى)نى ئاچتى. ئۈرۈمچىدە ياۋرۇ-ئازىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىستانسىسى قۇرۇلدى. يولۇچى، مال، پوچتا توشۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى.ھەر ھەپتىدە 2 قېتىم قاتنايتتى. ئۇ چاغدا قاتناش مىنىستىرلىكى باش پوچتا ئىدارىسىدىن ئاۋىئاتسىيە ماركىسى تارقىتىپ بەرمىگەنلىكتىن، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى قاتناش مىنىستىرلىكىگە تەستىقلىتىپ، ئادەتتە شىنجاڭدا ئىشلىتىۋاتقان ماركىدىن بىرنى، ئىككى مو، 5 موغىچە چاپلاپ ئۈستىگە«ئاۋىئاتسىيە» دىگەن تامغىنى بېسىپ ماڭدۇرۇپ تۇردى. بۇ ماركىنى ئادەتتىكى ماركىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن چەتئەل پۇلىنى، ئۆلكە پۇلىغا سىندۇرغان باھاسى بىلەن ساتاتتى.

1934 - يىلى كۈزدە شىنجاڭدىكى ياۋرۇ-ئازىيە ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى ئىشتىن توختىدى. ئۈرۈمچى ئىستانسىسىمۇ ئېلىپ تاشلاندى. شىنجاڭدىكى ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاۋىئاتسىيە يولى - ئۈرۈمچىدىن - لەنجۇ، لەنجۇدىن شەرقتىكى ھەر قايسى لىنىيەلەرگە ئۇلىنىپ كىتەتتى. ھەپتىدە 3 قېتىم قاتنايدىغان بولدى.

1945 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا پوچتا ماشىنا بىلەن تو-



شۇلىدىغان بولدى. لېكىن بۇ يول ئۈرۈمچىدىن - قۇمۇل ۋە گەنسۇغىچە بولۇپ ھەپتىدە بىر قېتىم قاتنايتتى. توشۇش ئۈنۈمى ئىلگىرىكى ئۇلاق كۈچى بىلەن توشۇغانغا قارىغاندا يۇقۇرى بولدى. شۇنداق بولسىمۇ خەنكۇدىن ئەۋەتكەن خەت ئۈرۈمچىگە يەنىلا بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا كېلەتتى. شۇ چاغلاردا بۇ سۈرئەت ئەڭ تېز سۈرئەت دەپ ھېسابلىناتتى. ھازىرقى سۈرئەتتە بېيجىڭدىن قۇرۇقلۇق پوچتىسىغا سېلىنغان خەت 7 - كۈنى يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى سۈرئەتتىن ئون ھەسسە تېز دىگەن سۆز. شاڭخەيدىن ئەۋەتىلگەن پوسۇلكا 10 كۈن ئەتراپىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى سۈرئەتتىن 9 - 10 باراۋەر تېز. دىمەك بۇ ئىنتايىن چوڭ ئۆزگۈرۈش. ئەگەر جۇڭگو گۇڭچەندانگى ۋە ماۋجۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىكى بولمىسا شىنجاڭ خەلق پوچتا ئىشلىرى قانداقمۇ بۈگۈنكىدەك چوڭ راۋاج تاپسۇن؟!.

## ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى پوچتا ئىشلىرىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكلىرى

1 - كونا جۇڭخۇا پوچتا ئىشلىرى، بېيجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى باش پوچتا ئىدارىسى ۋە ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى پوچتا باشقارمىلىرى چەتئەللىك باشلىقلارنىڭ قولىدا بولغان مەزگىللەردە بىر مۇنچە ئامۇژنا تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەممە خەت - ئالاقىلارنى ئېنگلىز تىلىدا يۈرگۈزۈشنى بەلگىلىگەن ئىدى. بارلىق كەسپى ئوردىرلارمۇ ئېنگلىزچە - خەنزۇچە سېلىشتۇرمىلىق، ھەتتا ھېساۋات دەپتەرلىرىمۇ

پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە ئىدى. شىنجاڭدىمۇ بۇنىڭدىن ئېغىزچە ئەمەس ئىدى. شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان چاغلاردا بارلىق تۈزۈملەردە چەتئەللىك كەيپىيات بولۇپلا قالماستىن بەلكى .ب. دەرىجىلىك ۋە ياردەمچى خادىملارنى ئىشتايىن يەكلەيتتى. ئۇلارنى ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ، بىز بىلەن مادارا قىلىدىغان سالاھىتى يوق دەيتتى. ئىنگلىزچە بىلىدىغان .ئا. دەرىجىلىك خادىملارنىڭ بەزىلىرى چەتئەل باشلىقلىرى بىلەن بىللە يۈرۈپ دىمىقى كۆتۈرۈلۈپ، يەرلىك خادىملارنى مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىش قابىلىيىتى يوق دەپ كۆزگە ئىلماي، ئۆزلىرىنى يەرلىكلەر بىلەن بىر قاتارغا قويمايتتى. بولۇپمۇ ئىنگلىزچە بىلمەيدۇ، كاستيوم كەيمەيدۇ دەپ ياراتمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى كىشىنى تولىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى.

2 - ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن .ئا. دەرىجىلىك خادىملار (چەتئەللىك باشلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن يەرلىك خادىملارنىڭ مائاش پەرقى تولىمۇ ئىگىز ئىدى. چەتئەللىك باشلىقنىڭ ئايلىق مائاشى 1000 سەردىن 1500 سەرگىچە كۆمۈش پۇل بولاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەر ئايدا چىگرا پۇلى دەپ 100 سەر، كەسپى ياردەم پۇلى دەپ 150 سەر، پوچتا-ئات پۇلى دەپ 60 سەر كۆمۈش بېرەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا چەتئەللىك باشلىقنىڭ ئايلىق مائاشى 1300 سەردىن 1800 سەرگىچە بولاتتى. خىزمەتكە كىرگەنگە 3 يىلدىن يۇقۇرى بولغان .ب. دەرىجىلىك يەرلىك خادىملارنىڭ ئايلىق مائاشى (چىگرا پۇلى 10 سەرنى قوشقاندا) 80 سەر بولاتتى. قەغەز پۇلنىڭ زىيىنىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 50 سەرئەت-



راپىدا بولاتتى. دېمەك يەرلىك .ب. دەرىجىلىكلەرنىڭ ئالىدىغان مائاشى چەتئەللىك باشلىقنىڭ ئات باقتۇرىدىغان پۇلى بىلەن تەڭلىشالمايتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى چەتئەللىك باشلىقلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن مەخسۇس ئۆي، مېھمانخانا - باغ ھويلا تەييارلاپ بېرەتتى، بۇنىڭدا يۇيۇنۇش، مېھمان قوبۇل قىلىش، تاماقلىنىش، ھاجەتخانا، ئات ئېغىلى قاتارلىق قۇرۇلمىلار بولاتتى. يەنە ئۇلارغا ئايرىم ئاشپەز، ئات باقار، قارا خىزمەتچى، باغۋەن قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتى. ئۇلار بۇ خىلدىكى كاتتا ئىلتىپاتلاردىن ھوزۇرلىنىپ، تېخىمۇ كىبىرلىنىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتەتتى.

ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن .ئا. دەرىجىلىك خادىملار (بوخكالتىر باشلىقىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) گەرچە چەتئەللىكلەردەك ئىلتىپاتقا ئېرىشالمىسىمۇ، شىنجاڭدىكى يەرلىك خادىملارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا چوڭ پەرقلىنەتتى.

مەسىلەن: ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن .ئا. دەرىجىلىك خادىملارنىڭ ئايلىق مائاشى 240 سەردىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار ھەر ئايدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە پۇل ئەۋەتسە ھەقسىز پېرېۋوت قىلالايتتى. يەنە ئۇلارغا 37 يېرىم يۈەن چىگرا پۇلى، ئىجارە تۆلىمەيدىغان ياتاق بېرەتتى. بوخكالتىر باشلىقىغا ئالاھىدە ئۆي تەيىن قىلاتتى. بۇ ياتاقلارنى يورۇتۇش، ئىسسىتىش خىراجەتلىرىمۇ ھۆكۈمەتتىن چىقىم قىلىناتتى. ئاشپەز، قارا خىزمەتچى تۇختۇتۇپ بېرەتتى. يېڭى يۆتكەپ كېلىنگەن خادىملار شىنجاڭغا كىلىش بىلەنلا بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلەتتى.

ئۇلارنى ھۆكۈمەت شۇنداق كۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار

تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ، يەرلىكلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسۈتۈشەتتى. قارا خەزىنەتچىلەرگە ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «لويە» دەگلار دەپ دامخورلۇق قىلاتتى.

ئولكە پۇلىنىڭ تۈزلۈكسىز پاخاللىشىشى بىلەن يەرلىك خادىملار تېخىمۇ تەڭسىزلىككە ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى تۈزلۈكسىز ئۆرلىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ مائاشى تېخىمۇ يېتىشمەي، تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالاتتى. ئۇلار مائاشىنى ئۇستۇرۇش توغرىسىدا قانچە قېتىم ئەرز - ئىلتىماس قىلسىمۇ، جۇيجاڭ ۋە ئا. دەرىجىلىكلەرنىڭ مائاشى كۆمۈش پۇل بولۇپ ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغانلىقتىن، يەرلىكلەرنىڭ يىغىسى ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدى. قىيىنچىلىق كوپ بولۇپ كەتكەندە بىرەر قېتىم يەرلىكلەرنىڭ مائاشىنى ئۇستۇرگەن بولسىمۇ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلىگەنلىكتىن، يەرلىكلەر يەنىلا قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. مۇنداق ئەھۋالدا كوپلىگەن خادىملار، ئاغىنىلىرىدىن پۇل ئېلىپ تىيەنجىن، شاڭخەيلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن نەرسە كېرەك ئالدۇرۇپ، سودىگەرلەرگە سېتىش ئارقىلىق پايدا ئېلىپ تۇرمۇشقا قوشۇمچە قىلدى. كونا جۇڭخۇا پوچتا نىزامىدا پوچتىخانا خەزىنەتچىلىرىنىڭ تىجارەت قىلىشى چەكلەنگەن، خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئىشتىن بوشۇتىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما 1943 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئازراق ئامالى بار يەرلىك خادىملار تەۋەككۇل قىلىپ تىجارەت يۈرگۈزدى. پوچتىخانىدىكىلەر بۇ ئىشلارنى كورسىمۇ كورمەسكە سالدى. بەزەن



ئا. دەرىجىلىك خادىملار قەيەردە پايدا بولسا، شۇ يەرگە يۈگۈرەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن، تىجارەت ماڭغۇزغانلار بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ ئالاتتى. بۇ ئەھۋالنى شۇۋاقىتتىكى سوز بىلەن ئېيتقاندا كورۇنۇپ تۇرغان مەخپىيەتلىك ئىدى.

3 - 1940 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ «فابى» پۇلى ئوتىدىغان بولدى. شىنجاڭنىڭ ھوكۇمرانى شىڭشىسەي ئولكە پۇلىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، بەش يۈەن گومىنداڭ پۇلىنى، بىر يۈەن ئولكە پۇلىغا ئالماشتۇرۇپ خەشلەشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ پۇلى بىلەن ئولكە پۇلىنى ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە تەسىر قىلىدۇ دەپ پوچتىخانىلارنىڭ ئىچكى ئولكىلەرگە پۇل پىرۋوت قىلىش ئىشىنى چەكلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا پوچتا ئىدارىسى ئوز كىرىمى بىلەن ئىشچى خادىملارنىڭ مائاشى ۋە باشقا خىراجەتلىرىنى قامداپ كىتالمىدى؛ قاتناش مىنىستىرلىكىدىن ياردەم پۇل ئالايلى دىسەك، گومىنداڭ پۇلىنىڭ پاخاللىشىش زىيانىنى تارتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئامالسىزلىقتىن، شىنجاڭ ئولكىلىك تىجارەت بانكىسىدىن پۇل سوراشقا، ئايمۇ - ئاي ئۇسۇمىنى تولەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق، ئۇ چاغدا تىجارەت بانكىسى ئىنتايىن ئەسكى شەرت قويدى. ئۇلار پوچتىخانا قەرز پۇل ئالغاندىن كېيىن، ئايمۇ - ئاي ئۇسۇمىنى تولىگەندىن تاشقىرى قەرزنى تولىگەندە گومىنداڭ پۇلى تولىمەسلىك لەنجۇ، شىئەنلەردىن تاش چاي سېتىۋېلىپ، باھاسىنى شىنجاڭ پۇلىغا سوندۇرۇش ئارقىلىق تولەش، بۇنىڭغا كەتكەن كىرا ۋە زىياننى بانكا مەسئۇل بول-

ماسلىق دەيدىغان شەرت قويدى. بۇ شەرت بويىچە شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ئېغىر زىيان تارتتى. ئىچكىرىدىن تاش چاينى 40-50 يۈەندىن ئېلىپ كىراسى بىلەن 60 يۈەنگە توختايدۇ. شىنجاڭ بانكىسى چاينىڭ تەننەرقىنى شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا زىيان تولىمۇ ئېغىرلىشاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يەرلىك خادىملارنىڭ مائاشى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىمىسەكمۇ چۈشىنىشلىك تۇرۇپتۇ.

4 - ياڭزېڭشىن، جىڭ شۇرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىق ھۆكۈمرانلار شىنجاڭنى ۋە شىنجاڭ خەلقىنى ئىدارە قىلىش ۋە زىيانكەشلىك قىلىش ئۇسۇلىدا گەرچە بىر-بىرىسىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىغا نىسبەتەن كۆز قارىشى ئوخشاش ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: پوچتا ئىشلىرىغا مەركەز رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتئەللىكلەر باشقۇرماقتا، ئارىلاشقىلى بولمايدۇ دەپ ئىقتىسادىي جەھەتتە قاتتىق قىساتتى. مەسىلەن: ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنىڭ پوچتا ھەققى جەھەتتە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ پۇلى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ پۇل تۈزۈمى ئوخشىمايدۇ، خەت - ئالاقە بويىچە ئىنچىكە ھېساپلاپ پۇل تۆلىگىلى بولمايدۇ، دەپ ھەر ئايدا بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ ياردەم پۇل دەپ ئات قوياتتى - دە، شۇنىڭ بىلەن خەت - ئالاقىلارنى ماڭدۇراتتى. ئىنچىكە ھېساپ قىلدۇرمايتتى. ئۇ چاغدا ئۆلكە ئىچىدە ھۆكۈمەت ئالاقە-خەتلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەت پۇلى دەل كېلەتتى. كېيىنچە ھۆكۈمەتنىڭ خەت-ئالاقىلىرى كۆپەيدى. ئەمما بېرىدىغان پۇلى كۆپەيمىدى. شۇڭ-



لاشقا پوچتا ئىدارىسى بارغانسېرى ئېغىر زىيان تارتىشقا باشلىدى. ھەتتا تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بىر قانچە قېتىم ئەھۋال ئېيتقان بولسىمۇ نەتىجە چىقمىدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئايمۇ-ئاي قوشۇمچە پۇل بېرىمىز دېگەن بولسىمۇ، قوشۇپ بەرگىنى تايىنلىق ئىدى. دېمەك پوچتىخانا كىرىمىنىڭ تولىسى خەت-چەكلەرنىڭ پوچتا ھەققىگە قاراشلىق بولغىنى ئۈچۈن يەرلىك ھۆكۈمەت خەت - ئالاقىلارنىڭ پوچتا ھەققىنى قىسىپ، چەكلەپ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ پوچتا ئىشلىرىنىڭ ئۇزۇن يىلغىچە زىيان تارتىپ كېلىشىگە سەۋەپ بولدى.

5 - شىنجاڭ ھۆكۈمرانلىرى پوچتا ئىشلىرىنى ئىقتىسادى جەھەتتىن قاتتىق قىسقاندىن تاشقىرى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىبدات سىياسەتكە قارشى چىقىشىنى چەكلەش ئۈچۈن خەلقنىڭ خەت-ئالاقە ئەركىنلىكىنى چەكلەش چارىلىرىنى قوللىناتتى. مەسىلەن: ياڭزېڭشىن، جىڭ شۇرېن دەۋرلىرىدە پوچتىخانىغا 10 نەپچە (كۆپ بولغاندا 20 نەپچە) ئادەم ئىۋەتىپ پۈتۈن خەت-چەكلەرنى ئاشكارا تەكشۈرەتتى. ناھىيە پوچتىخانىلىرىدىمۇ شۇنداق تەكشۈرگۈچىلەر بار ئىدى. ئۇلار تەكشۈرۈپ بولغان خەتلەرنىڭ چاپلانغان ئاغزىغا «شىنجاڭ ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەت تەكشۈرگۈچىلىرى كۆرگەن» دەيدىغان تامغا بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن ماڭدۇرۇلاتتى. ئۇلار ماڭدۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ قارىغان بەزى خەتلەرنى قالدۇرۇپ پوچتىخانىغا كىچىككىنە ھۆججەت يېزىپ تاشلاپ قوياتتى. خەت ئىگىلىرى سۈرۈشتە قىلىپ كەلگەندە پوچتىخانا ئەشۇ ھۆججەت بويىچە جاۋاپ بېرەتتى.

1933 - يىلى 4 - ئايدا شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بې-
شىغا چىققاندىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى پوچتىخانى-
لارغا، خەت-چەكلەرنى مەخپىي سېنزور قىلىدىغان ئىشپىيون
بۆلۈمى قۇردى. بۇ خىزمەتكە ج.خ.باشقارمىسىنىڭ 2 - بۆلۈ-
مى رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇلار پوچتىخانىغا سېلىنغان ۋە
ماڭدۇرۇلغان ھەممە خەتلەرنى سېنزور قىلاتتى. پوچتا ئىدا-
رىسىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىنىمۇ تەكشۈرەتتى. ھەرقايسى جاي-
لاردىكى سېنزورچى خادىملار خورىگى ئۈستۈن، ھاكاۋۇر ئى-
دى. ئۆز مەيلىچە خەتلەرنى تۇتۇپ قالاتتى ياكى مۇسادىرە
قىلاتتى. ئۇلار يەنە شەخسىي ئۆچمەنلىك بىلەن خەلققە زىيان-
كەشلىك قىلاتتى.

شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش
ئۈچۈن ئۈرۈمچى پوچتىخانىسىدا كىتاپ تەكشۈرىدىغان بىر بۆ-
لۈم قۇردى. ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەۋەتىلگەن كىتاپ-
لارنى تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئوقۇشقا بولىدۇ دەپ
تونۇلغان كىتاپلارنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ كىتاپ - گېزىتلىرى-
نى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈردى» دەيدىغان تامغا
باساتتى. ئوقۇشقا بولمايدۇ دەپ تونۇلغان كىتاپ-
لار بىلەن ئۆزىگە لازىم بولغان كىتاپلارنى تۇتۇپ
قالاتتى.

شىڭ شىسەي ئۆزىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلىۋاتقان جى-
نايەتلىرىنى پوچتا ئىدارە خادىملىرى ئاشكارا قىلىپ قويۇ-
مىسۇن دەپ ھەر قايسى ئىدارىلارغا، پوچتىخانا خادىملىرى
بىلەن ئالاقە قىلماسلىق توغرىسىدا يوشۇرۇن بۇيرۇق بەر-



گەن. ئۇ بىزنى ھاقارەتلەپ: «پوچتىخانا
خادىملىرىنىڭ ھەممىسى خائىن، جاھانگىرلارنىڭ قۇي-
رۇغى. كىمكى ئۇلارغا يېقىنلاشسا، 6 بۈيۈك سىياسەتكە سا-
داقەتسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن. دېمەك شىڭ شىسەي ھۆ-
كۈمرانلىق قىلغان 12 يىل جەريانىدا پوچتىخانا خادىملىرى
تۇققانلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەي، ئۆز - ئارا تونۇشمايدىغان
بولۇپ قالغان. ئادەملەر بىر - بىرىدىن ئۈركۈشۈپ، ئەرتەنىمە
بولۇشنى بىلمەي قورقۇنۇچ ئىچىدە ئۆتتى. بۇ جەرياندا تارت-
قان روھىي ئازاپ ئاز ئەمەس.

6 - شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان 12 يىلدا ئەڭ چوڭ
جىنايىتى شۇ بولدىكى: ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈ-
چۈن، خىيالىغا كەلگەنچە «سۇيىقەست توپىلاڭ قىلماقچى» دې-
گەن ھەرخىل ئەنزىلەرنى ياساپ چىقىپ، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنى كەڭ كۆلەمدە قولغا ئېلىپ زىيانكەشلىك
يۈرگۈزدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار تەخمىنەن يۈز مىڭدىن
ئاشىدۇ. (ئەسىرگە چۈشكەن ھەربىيلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) شۇ قا-
تاردا پوچتىخانا خادىملىرىدىن قولغا ئېلىنغان، ئۆلتۈرۈل-
گەنلەرمۇ جەمئىي ئون كىشى. كەسپىي ئىشلار بولۇم باشلىقى
شۈي گوخۇا، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيەتتىشى خۇاڭ گۇخۇ، قەشقەر كو-
نا شەھەر 1 - دەرىجىلىك پوچتىخانا جۇيجاڭى خې ۋېنچىڭ،
قۇمۇل 2 - دەرىجىلىك پوچتىخانا جۇيجاڭى لى جىڭتاڭ قا-
تارلىق 4 كىشىنى قولغا ئېلىپ بىر مەزگىل قاماپ قويغان-
دىن كېيىن ئۆلتۈرىۋەتتى. يەنە ئىلى پوچتىخانا جۇيجاڭى
فۇ شىچۈن، تارباغاتاي پوچتىخانىسىنىڭ مۇۋەققەت جۇيجاڭى
يۈەن جىنلىن، ئاقسۇ پوچتىخانا جۇيجاڭى خۇدېلياڭ، ئۈرۈم-

چى باش پىرچەمخانا ئومۇمى ئىشلار بولۇم باشلىقى فاڭ سىن-
گەي قاتارلىق 4 كىشى ئىلگىرى كېيىن قولغا ئېلىنىپ 3-4
يىلدىن 7-8 يىلغىچە تۈرمىدە قامالدى. 1944-يىلى شىڭ-
شىسەي غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن تۈرمىدىن بوشاپ چىقتى.
يەنە 1942-يىلى خىزمەتكە كىرگەن ۋېيزۇگېچۇ ۋە لى بىڭ-
جۇنلەرنىمۇ قولغا ئالدى. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە بۇ ئىككىسى-
نىڭ ئاتىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى شىڭشىسەي ئىشلەپچىق-
قان «قوزغىلاڭ كۆتەرگۈچىلەر ئەنزىسى»دە ئاساسلىق ئادەملەر
بولغىنى ئۈچۈن، شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇ ئىككى كىشى
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.



## تەھرىردىن

تارىخى ماتېرىياللار خىزمىتى توغرىسىدا، 1959-يىلى 4-ئايدا مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى ئۆتكۈزگەن 60 ياشتىن يۇقىرى ئەزالارنىڭ چاي زىياپىتىدە قەدىردان جۇزۇڭلى مۇنداق دېگەن ئىدى:

«ۋۇشۇي يىلىدىن بۇيان جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى ماتېرىياللارنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن خاتىرىلەپ ئېلىش كېرەك»، «كېيىنكىلەرگە كونا يىلتىزنى بىلدۈرۈپ، تارىخ تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە تەمىنلەش كېرەك».

جۇزۇڭلىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشتە، تارىخى ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1965-يىلى 3-ئايدا جۇزۇڭلى يەنە: «تارىخى ماتېرىياللار توغرا يونۇلۇشكە ئىگە بولۇشى، راستچىل بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىشى كېرەك» «ماتېرىياللارنى تارىخ تەتقىق قىلىشنىڭ تۇنجى ماتېرىيالى قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇزۇڭلىنىڭ يوليورۇقى-بىزنىڭ تارىخى ماتېرىياللار

خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ ئاچقۇچىسى. تارىخى ماتېرىياللاردىن ئىبارەت بۇ خىزمەت، سىياسى كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، سىياسى كېڭەشنىڭ دائىمى خاراكتېرلىق كەسپى خىزمەتلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار خىزمىتى جۇڭگونىڭ چاقىرىقى، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا 1961-يىلى باشلاندى. 1979-يىلى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى»نى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە كىرىشتۇق. بۇ كىتاپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرى ۋە نەزىرىيە خىزمىتى خادىملىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. لېكىن بۇ، ماتېرىيال بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ تەتقىقاتچىلىرى پايدىلىنىشقا بولىدۇ. راستچىل بولسۇن ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردىن، ئايرىملىرىدا ئۈچۈق كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ قويغاندىن تاشقىرى، ئىمكان قەدەر ئاپتورنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبى ساقلاپ قېلىندى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى يولداشلار ئوقۇغاندىن كېيىن. قىسمەن ئوقۇشماسلىقلار پەيدا بولۇپ، بەزى سوئاللارنى قويۇشقا سەۋەپچى بولدۇق.

تارىخى ماتېرىياللارنىڭ نامىدىن لايىھەزمۇنى چىقىپ تۇرىدۇ. يېزىلغىنى ماتېرىيال، ھەرگىز تارىخى يەكۈن ئەمەس. تارىخ ئىلمى بىر تۈرلۈك پەن بولۇپ، ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى قول-



لىنىپ، ئۇرغۇن مىقتاردىكى ئىجابى ۋە سەلبى تارىخى ماتېرىياللارغا قارىتا شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى ئېلىش، يالغىنىنى چىقىرىۋېتىپ راستىنى قالدۇرۇپ تەھلىل ۋە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ ئوبىكتىپ تارىخى قانۇنىيەتنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت.

بۇ مەنادىن ئېيتقاندا تارىخى ماتېرىياللار تارىخ ئىلمىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا تارىخ تەتقىق قىلىشتىكى تۈنجى ماتېرىيال. تارىخ بولمىدىكەن، مەلۇم بىر تارىخى ۋەقەلىك، مەلۇم تارىخى ئەرباپلارنى، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا بايان قىلىدۇ ياكى ئەسلەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى: تارىخى پاكىتلار تەلەپ قىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىش، ئارقىلىق تارىخنىڭ ئىچكى ئەھۋالى يېشىپ بېرىلىدۇ، شەخسلەردە چەكلىمە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا شۇ شەخسنىڭ ئاساس قىلغان نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغانلىقىنى قوشقاندا، مەلۇم بىر تارىخى ۋەقەگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز قاراشلار، ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى ماتېرىياللار، بەزىدە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى، ۋە ئىزدىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن تارتىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر 40 يىلغا يېقىن تارىخ ئۆتتى. بۇ تارىخى دەۋردە تارىخى ئۆزگىرىشلەر، كەس-

كىسى كورەشلەر چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولدى. ھازىرغا قەدەر بۇ تارىخنى ياخشىراق تەتقىق قىلالمىدۇق. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئارقىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر بەك ئاز، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى ماتېرىيال توپلاشقا يېتەرلىك دىققەت قىلىنمىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ زور. بۇ خىزمەتكە قارىتا بىز «قۇتقۇزۇۋېلىش» مەۋقەسىدە تۇرۇپ، بىرىنچى قوللۇق، ئىككىنچى قوللۇق ھەتتا ئۈچىنچى قوللۇق ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ھەر قايسى جەھەتلەردىن قېزىش ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك توپلاشتىن ئىبارەت.

ئىلىم-پەندە چەكلەنگەن رايون بولمايدۇ، تارىخ ئىلمىدىمۇ چەكلەنگەن رايون بولماسلىقى كېرەك، تارىخى ماتېرىياللاردا تېخىمۇ بولماسلىقى كېرەك. تارىخى ماتېرىياللار ماقالىلىرى ئالدى بىلەن راستچىل-كونكرېت بولۇشى لازىم. ھەر قانداق تارىخى ۋەقەلىك ۋە تارىخى ئەربابلارنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋېتىش ۋە كىچىكلىتىۋېتىش توغرا ئەمەس، «شامالغا قاراپ تارىخنى ئۆزگەرتىش»كە چوقۇم قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلارنىڭ ئۆزگۈرۈشى سەۋەبىدىن تارىخى ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنى يوقۇرىغا كۆتۈرۈۋېتىش بەزىلىرىنى قەستەن تۆۋەنلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. تارىختىن خەۋىرى بارلاردىن بولۇپمۇ ياشانغان كىشىلەردىن: مەركەزنىڭ تارىخى ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قىزغىنلىق بىلەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشى، يۈرەكلىك يېزىشى،



ئىدىيەنى ئازات قىلىشى ۋە چەكلەنگەن رايونلارنى بۇزۇپ تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەمىنلىگەن ماتېرىياللار راست، كونكرېت، ھەقىقىي ئەمەلىي بولسىلا كىپايە قىلىدۇ. ئېپىغا چەكلىمە قويمايمىز. تارىخى ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش بويىچە ئوخشاش بولمىغان مەۋقەدە تۇرۇپ تارىخى ئەمەلىيەتنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش كېرەك.

كەسپى سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىن ماقالىلارنى تاللاش داۋامىدا كەمچىلىك خاتالىقلاردىن خالى بولالمىدۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ قويۇشىنى سورايمىز. توپلامدىكى ۋەقەلىكتە ئوخشاشماسلىق جايلىرى بولسا، خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈشىنى ۋە تولۇقلاپ يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

**新疆文史资料选辑（1）**

中国人民政治协商会议新疆维
吾尔自治区委员会文史资料研
究委员会编

（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米32开本$8\frac{3}{8}$印张
1980年9月第一版1980年11月第一次印刷
印数：1—6000
书号：M11098.77　定价：042元
（内部发行）

书号:M11098.77
定价：0.42元
（内部发行）

600041